www.uyghurweb.net

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى

ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : باۋۇدۇن نىياز

ئىستىقبال يول كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بىرى

«ئۆتمۈشى ئۇنتۇلغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالىمۇ زۇلمەت پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ.»

ماقار (ۋېنگرىيە) ئالىمى ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئۆمۈشى ئۇنتۇلغان مىللەت ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى بۈگۈن پۇقرا ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە قەدىمكى تارىخىمىز ھەققىدە ناھايىتى يۈزەكى تەسەۋۋۇرغا ئىگە بىر دەۋرىدە ئەسلەش ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشتۇر. ئۆتمۈشتىن خەۋەرسىزلىك تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ئەۋلادنى مەنىۋى جەھەتتىن قاششاق، روھسىز، يۇرتىغا، مىللىتىگە، ئىستىقبالىغا بىپەرۋا قارايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ۋاھالەنكى، ئېلىمىز بۈگۈنكى كۈندە، باشقىلارغا بېقىنىدىغان قورقۇنچلۇق روھى مۇھىتتىن قۇتۇلۇشقا ئېرىشتى. ياش ـ قېرى ھەممىسى بىردەك سىياسەتكە، ئىقتىسادقا، مەدەنىيەتكە زوقمەن كىشىلەرگە ئايلاندى. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، بايلىق توغرىسىدا قىزىقىپ ئويلاشقا باشلىدى. بەزىلەر بولسا كېلەچەككە زۇلمەت پەردىسى قاپلىغان تۈن كەبى مەجھۇل بىر بوشلۇققا قامىلىپ تىكلىگىنىچە ھازىرمۇ كارامەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەپسۇسكى ئېنىق ۋە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولماستىن تۇرۇپ ئىستىقبالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەكچىمىزكى، بۈگۈنكى جۇمھۇرىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان ئەۋلادنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئالتە مىڭ يىللىق تارىخقا، مەدەنىيەتكە ئىگە ؛ ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلىقمۇ قىلغان ۋە ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىمۇ بولغان ؛ مىللىي راۋاجلىنىش ۋە نەتەزۇل (ئارقىغا قاراپ چېكىنىش) پەيتلىرىمۇ بولغان. يەر بايلىقلىرىمىز، چېگرالىرىمىز، ئېلىمىزنىڭ نوپۇزى، قوشنا

مەملىكەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، مەشھۇر شەخسلىرى بولۇپمۇ، مىللەتنى جاھان مىقياسىدا شانۇ شۆھرەتكە ئىگە قىلغان بۈيۈك شەخسلىرى ھەققىدە ئاساسلىق بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ، كېلەچەكتىكى ھاياتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەربىر تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

مېنىڭچە كېلەچەككە پەقەت ئۆتمۈش يول كۆرسىتىدۇ. ئۇ يول بۈگۈنكى دەۋرنى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنىمىز كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولسا، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنىڭ ئېغىر كۆۋرۈكىنى كۆتۈرەلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بېسىپ ئۆتىدىغان ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچىلەر بولۇشى لازىم. تارىخ ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. ئەسلى ئانا يۇرتلىرى كونا تۈركىستان بولغان مەجارلار (ۋېنگرلار — ھۆنگىرلار — ھون ئەرلەر. ت. ق) ئالىمى ھېرمان ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» ناملىق كىتابىمۇ شۇنداق يول كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ رۇسچىسىغا ئاركادى پاۋلوۋسكىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى تاشكەنتتىكى ئەلىشىر ناۋائىي ناملىق كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان «تۈركىستان توپلىمى»نىڭ 70 ـ، 71 ـ جىلدلىرىدىن ئورۇن ئالغان. بىز ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان پارچىلارنى تەييارلاشتا شۇ كىتابتىنمۇ پايدىلاندۇق. ئاساسەن 20 ـ يىللاردا بۇخارا خەلق مائارىپ نازارىتى نەشرىياتىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن مۇشۇ رۇسچە تەرجىمىدىن فاتىخ كەرىمى ۋە بۇرھان شەرەپ تۈركچىلەشتۈرگەن ئىككى جىلدلىققا (موسكۋا، 1924 ـ يىل، كونا ئىملايىمىزدا) تايىنىدۇ.

مەلۇمكى، ھېرمان ۋامبېرىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ ھاياتى ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي، ئەدەبىي، سىياسىي، تارىخىي تېمىغا ئائىت يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسىرى بار. قىسقىسى، بىز بۇ ئورۇندا ۋاقىبىرنىڭ «ئىنگلىز جاسۇسى» ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئارتۇقچە دەپ قارايمىز ۋە فاتىخ كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى تەكىتلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. بۇ ئالىم «سىياسىي پىكرى جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق تۈرك مۇخلىسى، ئىنگلىز تەرەپدارى، روسىيە مۇخالىپى (قارشى چىققۇچى) ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن پادىشاھ روسىيىسىنىڭ قارىشىچە غەيرى مەقبۇل كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىناتتى» ئەمما ئالىمغا نىسبەتەن شۇنداق قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھر تارىخ» ئەسىرىنى 1873 ـ يىلىدا ئەۋلىيا پېتىر شەھىرىدە تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلغانلىقى ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

تەرجىمان ئا. پاۋلوۋسكىينىڭ «كىرىش سۆز»دىكى پىكىرلىرى ھەققەتكە ئۇيغۇن : «مۇئەللىپ ۋامبېرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەسىر ياۋروپالىق مەلۇماتلىق ئەمما ئۇچۇن ترانسۇكسانىيە ــ ماۋەرا ئۇننەھر مەملىكىتى ھەققىدىكى» بىرىنچى تارىخ بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ۋامبېرى بۇ كىتابنى يېزىشتا ئەسلى مەنبەلەردىن، تۈرك، موغۇل، ئەرەب، پارىس تىلىدىكى تارىخ كىتابلىرى بۇ ئۆلكىگە قىلغان ساياھەتلىرى داۋامىدا كۆرگەن ۋە ئۆزى توپلىغان قوليازمىلىرىدىن پايدىلانغان. تەرجىمان بۇ ئۆلكە تېمۇرىيلەر سەلتەنىتىنىڭ يىمىرىلىشىغىچە ماۋەرا ئۇننەھر دەپ ئاتالغان، كېيىن ئون ئالتىنچى يۈز يىللىقتىن باشلاپ بۇخارا خانلىقى دەپ شۆھرەت تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ پايدىلىق تەرەبلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭدا مەلۇم قىسمەن نۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. ئېنىقكى بۇ تەبىئىي ھالدۇر. چۈنكى، مۇئەللىپ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي كىتابلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزى باشقا بىر مىللەتكە ۋە باشقا بىر مىللىي كۆزقاراشقا ئىگە بولغىنى ھالدا ھۆكۈمران بىر مۇھىتنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا بۇ ئەسەرنى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يازغان. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى سىراجىدىن ئەخمەتمۇ ۋە مەنمۇ ئۇنى تەھرىرلەش ۋە تۈركچە، رۇسچە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇش جەريانىدا مەنمۇ ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە شۇ جەھەتلەرگە ئېتىبار بەردۇق. كىتابخانىلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە تېگىدىغان بەزى، ئىبارە ۋە جۈملىلەرنى ئەتەي چىقىرىۋەتتۇق بەزىلىرىنى ئىلمىي ئاساسقا ۋە مەنتىقىغە تايىنىپ ئۆزگەرتتۇق. مەسىلەن، تۈركچە نۇسخىدىكى «ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىش» بابى مۇنداق باشلىنىدۇ : «ئۇلۇغ ئىسلام يۇرتىنىڭ تايانچلىرى غەربىي ئاسىيادا تىكلەنگەندىن كېيىن ئىنشا قىلىنغاندىن ئەرەب ئەمەلدارىنىڭ غالىب قوشۇنلىرى ئىسكەندەرى كەبىر يولى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كىرىپ كەلدى.»

تۈركچە نۇسخىدا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدىغان «قەھرىمان ئەرەب » دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمەن ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغلايدىغان ئىبارىلەر رۇسچە نۇسخىدا يوق. مەن ۋامبېرىنىڭ كىتابىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىر پەرەز بىلەن چەكلىنىمەن : ۋامبېرى ئۆز كىتابىنى يېزىشتا ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ ئاساسەن مۇسۇلمان شەرقىي مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئەرەبلەر مەدھىيىلەش مەزمۇنلىرىنى سىڭدۈرۈۋالغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ رۇسچە ۋە تۈركچە نۇسخىلىرىدىمۇ ماۋەرا ئۇننەھرگە ــ تورانغان باستۇرۇپ كىرگەن ئەرەبلەر «قەھرىمانلار» دەپ، بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئىگىلىرى ۋە يۇرت ھىمايىچىلىرى بولسا «دۈشمەن» دەپ ئاتالغان.

قوتەيبە «ئەڭ ئاۋۋال بايكەند شەھىرىگە قارشى يۈرۈش قىلدى. ئۇ سەھرا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن شۇ يەردە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تاسادىپىي ئۇچراتتى. دۈشمەن ئەسكىرى سان جەھەتتە قوشۇنىمىزدىن ئەۋزەل ئىكەن. ئەسكەرلىرىدىن بەك كۆپ ئىدى. رۇسچە نۇسخىدىمۇ بۇ مەنتىقى خاتالىقنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى كۆرىمىز :»

شۇنىڭغا ئاساسەن بىز «دۈشمەن» سۆزى ئورنىغا بەزى ئورۇنلاردا تورانلىقلار ۋە تۈركلەر دېگەن ئىبارىنى قوللاندۇق.

ۋامبېرىنىڭ كىتابىدىكى مۇھىم مەلۇماتلاردىن بىرى شۇكى، ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى تورغاي ئىكەنلىكىنى ئىپتىدۇ. ۋە ئىزاھتا : «ۋېيلىنىڭ ئوقۇغىنىغا ئوخشاش تاراغاي ئەمەس» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ۋامبېرىنىڭ پىكرى توغرا. چۈنكى، تورغان ياكى تاراغاي سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بەرمىگەن. ۋامبېرىمۇ بۇ يەردە نېمىشقا تورغاي ئىكەنلىكىگە ئىزاھات بەرمىگەن. قەدىمىي تۈركلەر تارىخىدىن مەلۇمكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇددا دىنىغا، كۆپ دىنىي (شامانىزم) غا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلارنىڭ تۇتىملىرى ھايۋانلار ۋە قۇشلار بولغانلىقى مەلۇم. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا شۇنداقلا تېمۇرىيىلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىسلامدىن ئاۋۋالقى قەدىمىي تۈرك ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، خۇسۇسەن ئىسلاملاشقان تۈركلەر ئۆزلىرىگە بىر ئەرەبچە ئىسىم بىلەن بىرگە بىرەر قەدىمكى تۈركچە ئىسمىنىمۇ بىللە قويغانلىقىنى ئەسلىسەك، نېمىشقا تورغاي دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. ۋامبېرىنىڭ بىر ئىزاھىدا «كوراگان» سۆزى گۈزەل مەنىسىنى بىلدۈرۈشنى، كۆرەگان ـ كۆركىلى، كۆركەم ئىكەنلىكىنى ئىپتىدۇ. مۇئەللىپ : «تېمۇرنىڭ ئورۇقى بارلاس بولغان. ئەمما، ئائىلە تارمىقى كۆرەگاندۇر» دەيدۇ. دېمەك، ئەمىر تېمۇر بارلاس قەبىلىسىنىڭ كۆرەگان ـ كۆركەم ئورۇقىدىن بولغان. ھازىرمۇ شەھرىسەبز ۋە باشقا يەرلەردە ياشىغۇچى بارلاس قوۋمىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆركەم ئىكەنلىكىمۇ ئالىمنىڭ بۇ پىكرىنى تەستىقلايدۇ. كۆرەگان سۆزىنى موڭغۇلچىغا باغلىغۇچىلارنىڭ تايانغىنى مېنىڭچە، تېمۇر سەلتەنىتى ۋە يۈرۈشلىرى دەۋرىدە ئانچە ـ مۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار قىلىنغان ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرى بولمىش خۇسۇسەن ئەرەب ۋە پارس مۇئەللىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋاستىسى بىلەن ياۋروپاغىمۇ ئۆتكەن بىر تەرەپلىمە خاتا مەلۇماتلاردۇر. ئەمىر تېمۇرنىڭ «موغۇل نەسلىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مىرخاند، شەرەپىددىن ئەلى يەزدىي، ۋېيل، ھامىر ۋە باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئىككى قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتتى» ۋامبېرى بۇ پىكرىنى ۋە «تېمورنىڭ قاراچار نويان نەسلىدىن بولۇشى ئاساسسىز ھېكايە»

ئىكەنلىكىنى، چاغاتاينىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىرىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى سۆز «تارىخى جاھان كۇشاي»دا يوق ئىكەنلىكى، ئەمما رەشىدىددىن، مىرخاند ۋە باشقىلارنىڭ بۇ مەلۇماتلارنى «تارىخى جاھان كۇشاي»دىن ئالغانلىقلىرىنى ئىپتىقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. تېمۇرنىڭ نەسلىنى موغۇللارغا باغلىغان زامانىمىز تارىخچىلىرىمۇ ئاشۇ ئادىششىنىڭ ئىختىيارسىز قۇربانلىرى بولغان ئاساسسىز سۆزلەرنى تەكرارلاپ يۈرگەنلىكلىرىنى مانا ئەمدى چۈشەنسە بولار، دەپ ئويلايمەن. ماجار ئالىمى ۋامبىرىنىڭ «تېمۇر تۈزۈكلىرى» ھەققىدىكى بىر ئىزاھاتىمۇ دىققەتقە سازاۋەردۇر : «تۈزۈك» سۆزىنىڭ ئەسلى قەدىمكى تۈركچىدىكى «تۈتسۇق» بولۇپ، ئەرەبچە : نىزام دېگەن مەنىدە. بۇ سۆزگە ئەرەبچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇپ، «تۈزۈكات» سۆزى ياسالغان. ئالىم يەنە بىر ئىزاھاتىدا «تېمۇر تۈزۈكلىرى»نىڭ ئەسلى چاغاتايچە نۇسخىسى يەمەن ۋالىيسى جەپەرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ۋامبىرى تەرەپبازلىق قىلماستىن، ئىبنى ئەرەبشاھنىڭ «تېمۇر چىڭگىزخاننىڭ ياساقلىرىنى ‹قۇرئان› دىن يۇقىرى كۆرەتتى» دەپ ئەمىر تېمۇرنى ھەقسىز ئەيىبلىگەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ ؛ ئەسلىدە، ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ لەشكىرى ئىدارە بولۇشتىن كۆرە، روھانىي ئىدارىگە تەتبىق قىلىنىپ ياسالغانلىقىنى، موغۇل ياساقلىرى بولسا، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرۇشتا، مۇستەھكەملەشتە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مېنىڭچە ۋامبىرىنىڭ بۇ قارشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ «دۆلەت تەشكىلاتى دىنىي بولۇشى كېرەكمۇ ياكى لەشكىرىي بولۇشى كېرەكمۇ؟» دەپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر بىلىپ قويسا ئەرزىيدىغان مۇھىم پىكىردۇر. ھەقىقەتەنمۇ بىر دۆلەت روھانىي تەرەققىيات ئاساسىدا جەمئىيەت قۇرسايۇ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى دۆلەت قوشۇنى لەشكىرى تەرەققىياتقا ئىگە جامائەتتىن ئىبارەت بولسا روھانى تەشكىلاتلىق دۆلەت ئۆزىنى قانداق ھىمايە قىلىدۇ ؟ ئەمىر تېمۇر بۇ مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرىدە چوڭقۇر ئويلىغان ۋە ئۆز سەلتەنىتىنىمۇ قەدىمكى تۈرك دۆلەتچىلىكىگە ئوخشاش لەشكىرى تەرتىپلەرگە، شۇنداقلا ھۆكۈمران روھانىي تەشكىلاتىغا ئاساسلىنىپ قۇرغان.

قىسقىسى، ۋامبىرىنىڭ بۇ كىتابى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كەسكىن مۇلاھىزىلەرنى ئويغىتىشى تەبىئىي. ئۇنى ئىلمىي تەدبىقلاش بولسا ئالىملىرىمىزغا ھاۋالە.

— تاھىر قاھھار

## ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش

ھىجرىيىنىڭ 46 ـ 96 (مىلادىيە 666 ـ 714 ) ـ يىللىرى

بۈيۈك ئىسلامىيەتنىڭ تايانچلىرى غەربىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ غالىب قوشۇنلىرى ئىسكەندەرنىڭ يولى بىلەن ماۋەرا ئۈننەھرگە كىرىپ كەلدى. زىيادبىن ئەبۇسوفيان ھىجرىيە 46 (مىلادىيە 666) ـ يىلىدا لەشكەر بېشى رابىئە بىننى ئەل ھارىسنى ئىراقتىن خۇراسانغا يۆتكەپ كەلدى. ساسانىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن پەيدا بولغان پەرىشانلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەرەبلەر شەرقىي ئىراندا ئۆز يولىدىكى ھەرقانداق توسقۇنلۇقلارنى جايىدىلا تارمار قىلىپ، غەلىبە بايرىقى بىلەن بەلخقە يېتىپ باردى. بۇ شەھەر ماۋەرا ئۈننەھرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ، سوغدىيانىنىڭ بايلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان، غەلىبە ۋە ئولجىغا شۇنچە زوقمەن بولغان ئەرەبلەرنىڭ بۇنىڭغا كۆز تىكىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن پەتھى قىلىش پىلانلىرى بىلەن سىر دەرياسى بويلىرىغا قەدەر يېتىپ كەلدى.

بۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ ۋە قولغا كىرگۈزگەن ئولجىلىرىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، زىياد ۋاپات بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن (ئۇ ھىجرىيە 50 ـ، مىلادىيە 670 ـ يىلىدا ۋاپات بولدى) ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا مۇئاۋىيە بۇخاراغا يەنە قوشۇن تارتتى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم جىددىي ھالەتتە بولدى. ئۇبەيدۇللابىن زىيادە ئەڭ قەدىمكى سودا مەركىزى ۋە ناھايىتى باي بولغان پايتەخت بايكەند شەھىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت قامال قىلغاندىن كېيىن بېسىپ ئالدى بۇ ھىجرىيە 53 (مىلادىيە 672) ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. ئايال پادىشاھ تۈرك ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنچاناق (تاش ئاتقۇچى قورال)لىرى بىلەن شەھەرنى پۈتۈنلەي قامال قىلغاندىن كېيىن بۇخارا پادىشاھىغا ياردەمگە كەلگۈچى تۈركلەر ئۇبەيدۇللا بىن زىيادقا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇبەيدۇللا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ بۇ يۈرتلۇقلارغا كۆپ زىيان ـ زەخمەتلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، بۇخارانى قامال قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، مەرۋىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. (تەبەرىينىڭ يېزىشىچە، ئۇبەيدۇللا تاشكەنتكىچە كەلگەن.)

مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ خەزىنە، قورال، كىيىم ـ كېچەك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنى ئولجا ئالدى. بۇلار ئارىسىدا ئايال پادىشاھنىڭ ئاجايىپ

جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى سەھرالىق ئەرەبلەرنى بەكمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. بۇ يىگىرمە مىڭ دىرھەمگە[1] باھالانغانىدى. ئۇلار ئارقىغا چېكىنىش ۋاقتىدا، ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن ناھايىتى نۇرغۇن ياشانغانلارنى ئۆلتۈرگەن، ھەتتاكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىغان. ئەرەب تارىخچىسى مۇنداق دەپ يازىدۇ. «ئايال پادىشاھ بۇخارا ئۆلكىسىنى خاراب بولۇشتىن ۋە خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئۇبەيدۇللا بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھەر يىلى بىر مىليون دىرھەم تۆلەم تۆلەشكە ۋەدە بەرگەن» ئىدى.

لېكىن، بىز كۆرەلەيمىزكى بۇ ۋەقەدىن ئۈچ يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي ئەرەبلەر سەئىد بىن ئوسمان قوماندانلىقىدا ئايال پادىشاھقا قارشى تەكرار ھۇجۇم باشلىدى. ئايال پادىشاھ ئۇبەيدۇللا بىلەن تۈزگەن سۈلھىگە ئەمەل قىلىپ، ئەرەب قوماندانىغا خىراجەت ئەۋەتىپ كۆردى. ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. سەئىد ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى. ئەۋەتىلگەن خىراجەتلەرنى قايتۇرۇۋەتتى ھەم ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا بۇخاراغا باردى. ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكى سەۋەبىدىن سادىر بولغان كۆپلىگەن ماجرالار نەتىجىسىدە زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئايال پادىشاھ بۇ قېتىم دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلالماي، سۈلھى تۈزدى. سەئىد ئۆزى كەتكەن ۋاقىتتا ئىشەنچلىك بولۇش ئۇچۇن گۆرۈ سورىدى. ئايال پادىشاھ ئادەملىرىدىن سەكسەن كىشىنى ئۇنىڭغا كۆرۈگە بەردى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك تاشقى دۈشمەنلىرىدىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلدى. سۈلھى تۈزۈلگەندىن كېيىن مەغرۇر ئەرەب، ئايال پادىشاھنى ئۆزىنىڭ لەشكەر گاھىغا كېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەۋقۇلئاددە گۈزەل بولغان ئايال پادىشاھ ئاجايىپ زىننەتلىك كىيىملەر بىلەن ياسىنىپ، شەۋكەتلىك ھالدا ئەرەب لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەرەبنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىشق ئارزۇسى بىلەن سوقتى. بۇھال ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە سەۋەب بولدى. بۇ ۋەقە ناخشىلاردا كۈيلىنىپ، بۇ بۇخارا خەلقى ئارىسىدا بىرنەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ئېيتىلىپ يۈردى.

بۇخارا شۇ يول بىلەن ئېلىنغاندىن كېيىن، سەئىد شەرق تەرەپكە، سوغدىيانىغا ھەم سەمەرقەند شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا سەمەرقەندنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى. ئۇنى سوغدىدىن تەيىنلەنگەن تۈرك تارخانى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەرەبلەر ھۇجۇم قوزغاپ سەمەرقەندنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى.

---

[1] دىرھەم — پۇل بىرلىكى، كۈمۈش تەڭگە.

سەئىد ئارقىغا، خۇراسانغا قايتقاندا، بۇخاراغا كىرگەندىن كېيىن بۇخارالىقلار گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى. سەئىد ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى مەرۋىگە يېتىپ بارغۇچە كېچىكتۈردى. ئاخىرىدا گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى نىشاپوردا ئازاد قىلىشنى ۋەدە قىلدى. نىشاپۇردا بولسا كۇفەدە ئازاد قىلىمىز دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ مۆتىۋەرلىرى زەرەپشاننىڭ گۈزەل ساھىللىرىدىن ئەرەبستان سەھرالىرىغا غەنىيمەت ئولجا بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى. سەئىد مەدىنەدە ئۇلارنىڭ قىلىچ، كىيىم ۋە جاۋاھىراتلىق كەمەرلىرىنى، كىيىملىرىنى تارتىۋېلىپ، بۇ مەغرۇر بەگزادىلەرنى قۇللارغا ئايلاندۇردى. بۇ ۋەقە ئۇلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن سەئىدنىڭ سارىيىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆز سارىيىدا قەتل قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېلىشتى. بۇ ۋەقە يەزىد بىن مەرۋان خەلىپىلىكى زامانىدا يۈز بەردى.

باي بولۇپ قايتقان ئەرەبلەر يىراق سوغدىنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئۆز قوۋملىرىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈچە، بۇخارادا ئەرەب ھاكىمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلدى. سەئىد ئورنىغا خۇراساندا ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن مۇسلىم بىن زىياد نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەريا ساھىلىغا سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئايال پادىشاھ يەنە تۈرك قوشۇنلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. تۈركىستاننىڭ شىمالىدىن بىرىيۈز يىگىرمە مىڭ تۈرك ياردەمگە يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئەرەبلەر تۈركلەرنىڭ سانى ۋە ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ بولغۇچە ھۇجۇمنى كېچىكتۈرگەندىن كېيىن مۇسلىم بىن زىياد ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەسكەر بېشى مەھلەبكە تۈركلەرنى رازۋېدكا قىلىشنى تاپشۇردى. مەھلەب بۇ ئىشقا ئانچە چوڭ ئەملى يوق باشقا بىرسىنى ئەۋەتىشكە مەسلىھەت بەردى. لېكىن، مۇسلىمنىڭ ئىككىنچى قېتىم چۈشۈرگەن پەرمانىدىن كېيىن بۇ ئىشنى بېجىرىشكە كىرىشتى. ھەربىر قىسمىدىن بىر نەپەردىن ئەسكەرنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە يوشۇرۇن رەۋىشتە يولغا چىقتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مۇسلىم ئۆز ئەسكەرلىرىگە مەھلەبنى چارلاشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەرەبلەر بۇ ئىشتىن تەشۋىشكە چۈشۈپ : «سەن ئەمىر مەھلەبنى ئولجىلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىڭ، ئەگەر جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن بىزنى ئەۋەتكەن بولاتتىڭ» دېيىشتى. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئىنتىزامسىزلىق بىلەن مەھلەبنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇنى قوغلاپ يەتتى. مەھلەب ئۇلارغا : «سىلەر بىزنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭلار. بىز بۇ يەرگە پەقەت ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەندۇق، سىلەر بىزنى دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ

قويدۇڭلار، ئەمدى ئىشلىرىمىز يامان بولۇشى مۇمكىن» دېدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھلەب خاتىرجەملىكنى يوقاتمىدى. ئۆز يېنىدىكى ئەسكەرلەرنى قوشۇپ توققۇز يۈز ئادەم بولغانلىقىنى ساناپ چىقتى. ئەسكەرلەر سەپكە تىزىلىپ، بولۇشى بىلەنلا تۈركلەر تەرىپىدىن جەڭگە ئاتلىنىش بۇرغۇسى چېلىندى. ئۇلار دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئەرەبلەردىن تۆتيۈز كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. قالغانلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. مەھلەب ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كىشلىرى تەرىپىدىن ئوراپ ئېلىندى. ئۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدا قاتتىق نەرە تارتىپ ۋارقىرىدى. نار شاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۇنىڭ ئاۋازى يېرىم فەرسەخ[2] يىراقلىقتىكى ئەرەبلەرلەشكەرگاھىغا ئاڭلانغان. شۇ ھامان ئابدۇللا بىن جەدان قۇماندانلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرلەر ياردەمگە كېلىپ جەڭگە ئاتلانغان. مەھلەب ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپ، يەنە جەڭنى داۋاملاشتۇرغان. تۈركلەر مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىر ئەرەب ئەسكىرىگە ئون مىڭ دىرھەمدىن پۇل بېرىلگەن. بۇ خىل ئەھۋالدا ئايال پادىشاھقا تەسلىم بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال قالمىغانلىقتىن سۈلھ تۈزگەن ئەرەبلەر مەرۋىگە قايتىپ كەلگەن.

ئەمما، بۇ قايتىپ كېتىش خاراب بولغان ماۋەرا ئۇننەھرىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ تۆت قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن يەنە تەكرار ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئەمىر ئۆزىنىڭ تەدبىرچانلىقى، غەيرەتلىكلىكى بىلەن كونا ئىران مەدەنىيىتى بۆشۈكىنى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىنى ئەڭ يىراقتىكى تەڭرى تاغلىرىغىچە تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ ئەمىر ــ قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم ئىدى. ھەججاج ھىجرىيە 86 (مىلادىيە 705) ـ يىلدا ماۋەرا ئۇننەھرىنى ئىشغال قىلىشنى تاپشۇردى. ئەمدىكى مەقسەت ـ تۈركلەرنىڭ بۇ ئۆلكىسىنى تالان ـ تاراج قىلىش، چېكىنىش ھەققىدە ئويلىماستىن، مەملىكەتنى تامامەن بويسۇندۇرۇش ۋە مۇسۇلمان قىلىش ئىدى. قۇتۇيبە بۇ يولدا ئاۋۋال جەنۇبتىكى ئەڭ بىرىنچى قەلئە ــ بەلخنى ئىشغال قىلىشقا قارار قىلدى. ئۆزىنىڭ مەرۋىدە يىغىلغان ئەسكەرلىرىنى قۇتەيبە ۋەز ـ نەسىھەت ۋە قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن تېگىشلىكىچە ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇنبەردىن چۈشۈپ توغرى ئۆزىنىڭ سەپەر ئېتىغا مىندى ـ دە، جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ قەدىمكى باكتېرىيىگە يېتەر ـ يەتمەستىن بەلخ ئاھالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام

[2] ئۆزۈنلۇق بىرلىكى، بىر فەرسەخ تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ.

بىلەن ئۆز شەھەرلىرىگە باشلاپ كىردى. ئۇ شەھەردە خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قارارلاشتۇردى. كېيىن ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئايلىنىپ ھازىرقى چارجۇيىدىن ئۆتۈپ مەرۋىگە قايتتى. شۇ يەردىن ھىجرىيە 87 (مىلادىيە 750) ـ يىلىدا ماۋەرا ئۇننەھرنى ئىستىلا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال بايكەند شەھىرىگە قارشى يۈرۈش قىلدى. ئۇ سەھرادا مەلۇم مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن تاسادىپىي توقۇنۇشۇپ قالدى. تۈرك لەشكەرلىرى سان جەھەتتىن قوتەيبە لەشكەرلىرىدىن كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار... شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرە قىلىنىندى. نەتىجىدە بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىڭدىن ھېچبىر خەۋەر بولمىدى. ھەججاج ئەئلائى كەلىمەتۇللا ئۈچۈن جىھاد قىلىپ، خەۋپلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇجاھىرلار ئۈچۈن نىجات تىلەپ دۇئا قىلىشقا پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى دەۋەت قىلدى. قۇتەيبە ھالاكەتتىن قۇتۇلدى. تۈركلەرنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكى ھەم ھەججاجنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە يالغان گەپ تارقاتقان بۇخارالىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ھەم ئۇنىڭ تۆمۈردەك ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى. ئۇ تۈركلەر بىلەن جەڭگە كىرىپ بىر كۈنلۈك ئېلىشىشتىن كېيىن، ئۇلارنى يەڭدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاچتى. بىر قىسمى خۇددى مىيتىندەك قاتتىق بولغان بايكەندكە يوشۇرۇندى. بۇ چاغدا قەلئە قامال قىلىندى. بۇ قامال نەتىجىسىدە ئەرەبلەر كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇلارنىڭ ئون بەش كۈن قىلغان جەڭلىرى بىكارغا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قەلئەنىڭ سېپىللىرى تېشىلدى. قۇتەيبە قەلئەگە بىرىنچى بولۇپ بارغان ۋە بۇ جەرياندا شېھىد بولغان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا نۇرغۇن مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدە چوڭ تەسىر قوزغاپ، ئەرەبلەر ئاخىر قەلئەنى ئىشغال قىلدى.

لېكىن، قۇتەيبە شەھەردىن كەتكەندىن كېيىن، بايكەند ئاھالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ يەرگە ۋالى قىلىپ قالدۇرغان ۋەرقەبىن نەسرۇلبەھالى ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇھىرلار ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەبلەر بۇ بالانى ئۆز بېشىغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەنىدى. ۋەرقە بايكەند بىر ئادەمنىڭ ئىككى نەپەر گۈزەل قىزىغا ھاقارەت قىلغان. بۇ ئادەم خورلانغان قىزلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ۋەرقەنى قىلىچ بىلەن چاپقان. شۇنداق بولسىمۇ قۇتەيبە غەزەپكە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ غەلىيانىغا ھەققانى مۇناسىۋەتتە بولماي شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ھەممە ياقنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان. قىلىچ تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر قىلىشقا بۇيرۇغان، ھەتتا تۈركلەرنىڭ بىر كۆزى

قارىغۇ سەردارنىڭ ئۆز خۇنى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ تىرىك قېلىش ھەققىدىكى تەلىپىنىمۇ رەت قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە بايكەند ئاھالىسى، كۆپرەك باي سودىگەرلەر، چىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن سودا قىلغۇچىلار بۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا شەھەردە بولمىغان. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆز ـ خوتۇن قىزلىرىنى ئەرەبلەرگە ھەق تۆلەپ قايتۇرۇپ ئېلىشقان. شەھەر بىر قەدەر تىنچلانغان. يەنە تېزدىن ئەرەب ئىستېلاسى ئاستىدا قالغان خارابىلەر ئىچىدە ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەر پەيدا بولغان. بايكەند پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي دەرۋازىسى بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئەرەبلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. سوغدا ۋە رامىتەندىن كېيىن قالسا ئەڭ تەرەققىي تاپقان بۇ شەھەردە بويسۇندۇرغۇچىلار ھېسابسىز بايلىقلارغا ئېرىشكەنىدى. مەسىلەن، بىر بۇتخانىدا قىرىق مىڭ دىرھەم مىڭ ئېغىرلىقتا ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بۇتلار بولۇپ ھەربىرىنىڭ كۆزى ئورنىدا كەپتەر تۇخۇمچىلىق ئىككى گۆھەربار ئىدى. قۇتەيبە بۇلارنى ئولجىلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرگە ھەججاجغا ئەۋەتىپ بەردى. ھەججاج بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز تەشەككۈر نامىسىدا ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەرەبىستان بەدەۋىيلىرىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلار تەرىپىدىن توپلانغان خەزىنىلەرگە نەقەدەر ئاچ كۆزلۈك ۋە ھېرىس بىلەن توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىنغانلىقلىرىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بەدەۋىيلەرنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى قورال ئىدى. ئاسىيانىڭ بۇ ئۆلكىسى قەدىمدىن بۇيان قورالنى ئىنتايىن پۇختا ھەم گۈزەل قىلىپ ئىشلەش بىلەن مەشھۇر ئىدى. گەرچە ئەسكەرلەرگە بايكەندتە ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى تەقسىم قىلىپ، سوۋغا قىلىنغان بولسىمۇ، خېرىدارنىڭ كۆپلىكىدىن قوراللارنىڭ نەرخى شۇ قەدەر يۇقىرىلىدىكى بىر سۈپەر يەتمىش دىرھەم، تۆمۈر ساۋۇت ئىككى يۈز دىرھەم قالقان ئۇنىڭدىنمۇ قىممەترەك بولدى. ئەسكەرلەر ئاز ئىدى. چۈنكى، ماۋەرا ئۇننەھر جەڭلىرىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشكەن بەنى تەسىم، بەكرى، ئابدۇلقەيس قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەسكەرلىككە يىگىرمە بىر مىڭ ئادەم (ھەممىسى بولۇپ قىرىق بىر مىڭ) بەرگەنىدى. ئادەم سانى جەھەتتىن كەمچىلىك بولمىسىمۇ، ئەرەبلەر ھەربىي قورالنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن پەخىرلەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. قۇتەيبەنىڭ ئىستېلاسىدىن، بولۇپمۇ تۈركىستان سەھرا ۋىلايەتلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باشقا جايلارغا ھۇجۇم ئازراق ئۇيۇشتۇرۇلدى. چۈنكى، باسقۇنچىلارغا ھىلىھەم قورال يېتىشمەيتتى. دەرۋەقە. بۇخارا بىلەن دۈشمەنلىك ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قۇتەيبەنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى.

ئۇنىڭ ھەربىي پىلانى مۇداپىئە ئۈچۈن قۇلايسىز بولغان بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاۋۋال شىمالدىن ھەم شەرقتىن كېلىدىغان ياردەمچى تۈرك ئەسكەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، كېيىن بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن ۋاردون (ھازىرقى ۋەردانزى)، رامتەن ھەم سوغدىدىكى كىچىك مۇستەقىل خانلىقلارنى تارمار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭغا ھەججاج شۇنداق ھەرىكەت قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. قۇتەيبە ھىجرىيە 87 (مىلادىيە 707 ) ـ يىلى كىش (شەھرىسەبز) ھەم نەخشەب (قەرشى)نى بويسۇندۇردى. ئۇ ھىجرىيە 90 (مىلادىيە 708) ـ يىلى ۋەردانغا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلدى. لېكىن، بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، ئۆزى ئويلاپ باقمىغان قارشىلىققا دۇچ كەلدى. تۈرك خاقانلىرى ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ئۆزئارا بىتىم تۈزۈشتى ھەم بىرلەشكەن كۈچلىرى بىلەن قۇتەيبەنى يولدا توختىتىپ قويدى. بۇ قېتىم بۇخارا ئەتراپىدىكى، پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھر ھەم سوغدى خانلىرى توپلاندى. فەرغانە پادىشاھى ھەم يىراق شەرقتىن خىتاي خاقانىنىڭ ئىنىسى «كورىمغان» دېگەن بىر كىشى ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار گويا ئومۇمىي تەھلىكىنى ھېس قىلىپ بىرلەشكەن كۈچلىرى بىلەن ئەرەب ئىستېلاسىنى توختىتىشقا قارار قىلىشقانىدى. بۇ پەيتتە ۋەردانغا يېتىپ كەلگەن قۇتەيبە ئۇلار تەرىپىدىن ئۇچرىدى. بۇنى تەبەرىنىڭ ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىدىن ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. تارىخچىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ھەر تەرەپتىن قىسىپ قويۇلغان ئەرەبلەر، قەتئىي مەغلۇبىيەت تەھلىكىسىنى سەزگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سەت ئاۋازلىرى بىلەن غوۋغا قىلىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاشتى. لېكىن، قۇتەيبەنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقلىرى ئەرەبلەرنىڭ روھىنى ئۆستۈردى : «ئوغۇللىرىم ئالغا ! بۇ تۈركلەرنى سىلەر تارمار قىلىشىڭلار كېرەك !» دەپ تۈرلۈك قەبىلىلەرگە خىتاپ قىلدى. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئالدى بىلەن تەمىم قەبىلىسى ئاۋاز قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەسكەر بېشى جەۋەنغار زەيىم قەبىلە رەئىسى ۋەقىئى بىن ئەبۇ ئەسۋەدنىڭ ئەمرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. تەبەرى ئېيتقانىدەك ئەرەبلەرنىڭ بۇ جەڭدە غەلىبىگە ئېرىششى شۇبھىلىك ئىدى. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى ئەرەبلەر بۇ قېتىم تۈركلەرنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى سىياسىي ھىيلە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. جەڭدە غەلىبە قازىنالىشىغا كۆزى يەتمىگەن قۇتەيبە بىرلەشكەن تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇشقا قەست قىلدى ھەم بۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، ئىتتىپاقلىققا ساداقەتمەنلىك تۈركلەرنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىتتىپاقچىلار قوشۇنى ئارىسىدىكى ئەڭ كۆپ ساندىكىسى سوغدى پادىشاھى

قويغان ئەسكەرلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوغدى قوشۇنىنى باشقىلاردىن ئايرىۋېتىش ۋە ئۇلارنى جەڭدىن توختىتىش لازىم ئىدى. قۇتەيبە بۇ سىياسىي پىتنىنى ئىشلەشنى ھەييان نەباتى ناملىق بىر كىشىگە تاپشۇردى. ئۇ بىر جەڭ مەزگىلىدە ئىنتايىن مەخپىي ھالدا سوغدى پادىشاھىغا «ئىتتىپاقچىلار سىنى تەختتىن مەھرۇم قىلىشقا قارار قىلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇتەيبەنىڭ بۇ تەرەپتىن كېتىشىنى كۈتمەكتە دېدى. مەككار ئەرەب يەنە ئىزاھات بېرىپ : «بىز بۇ يەردە يىلنىڭ ئىسسىق ۋاقىتلىرىدىلا تۇرالايمىز قىش ۋاقتى كېلىشى بىلەن ئىسسىق تەرەپلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئەمما، سەن ئۆزۈڭنىڭ شىمالدىن كەلگەن ئىتتىپاقداشلىرىڭنى ئۇنتۇما. ئۇلارنى سوغدىيانىنىڭ گۈزەل پاراۋانلىقىدىن ئايرىپ، قايتۇرۇپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، سەن بىز بىلەن سۈلھ تۈزگىن، ئەمما ئىتتىپاقداشلىرىڭغا «ھەججاج ئەرەبلەرگە كىش ۋەنەخشەب ۋە نەخشەب ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ ياردەم ئەۋەتىپتۇ، مەن شۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ سۈلھ تۈزدۈم» دېسەڭ، بۇ قىلغان ئىشىڭغا ماس ھالدا ئۆزرىخاھلىق سورىغانلىقىڭ بولىدۇ، بىز توغرۇلۇق سەن تامامەن خاتىرجەم بولغىن» دېدى. بۇ سۆزلەر سوغدى خانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ تۈركلەرنىڭ خىيانەتكارلىقىمۇ ياكى باشقا بىر مۇھىم سەۋەب بارمۇ دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر بىر پىكىرگە كېلەلمىدى ئاقىۋەتتە ھىيلە ـ مىكىرگە مەغلۇپ بولدى. ئەرەبلەر بىلەن مەخپىي ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىشتى. ئۇلارغا يىلىغا ئىككى مىليون خىراجەت تۆلەشكە ۋەدە بەردى ھەم دەرھال ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى. باشقا ئىتتىپاقچىلارنىمۇ ئۆز جايىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. قۇتەيبە تۆت ئاي داۋاملاشقان تەھلىكىدىن شۇ تەرىقىدە قۇتۇلۇپ قالدى.

ئەمدى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇ سىياسىي ھىيلە ـ مىكرىنىڭ جازاسىنى ھەممىدىن كۆپرەك سەمەرقەند تارخانى تارتتى. سۈلھى ئەھدى قىلىشقا قارىماي، ئەھدىنامىغا مۇۋاپىق بۇ يەردە سېلىنىدىغان مەسچىت قۇرۇلۇشىنى تىزلەشتۈرۈش باھانىسى بىلەن شەھەرگە خىش پىشۇرغۇچىلار ئورنىغا تۆت مىڭ قوراللىق ئەرەبنى كىرگۈزدى. تارخان بۇ خىيانەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى كۆزلىگەنلىكتىن ئەرەبلەر ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇنى پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈردى. سەمەرقەند تالان ـ تاراج قىلىندى. ساسانىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يەزدىگەردنىڭ قىزى ھەم ئەسىرلەر ئارىسىدا ئىدى. ئۇ خەلىپە ۋەلىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. غەنىيمەت ئېلىنغان ئالتۇن بۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ جاھازلىرى ئەللىك مىڭ مىسقال ئېغىرلىققا يېتەتتى. ئەرەب ئەسكەرلىرىگە بىرقانچە ۋاقىتقىچە دەم ئېلىشقا

توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتەيبە مەرۋىگە قايتتى. پۈتۈن قىش مەۋسۇمىنى ئىستىراھەتتە ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئىراق ھەم خۇراساندىن زور مىقداردا ياردەمچى ئەسكەر ئېلىپ كېلىپ، ياز كۈنى ھىجرىيە 91 (مىلادىيە 709) ـ يىلدا بۇخاراغا سەپەر قىلدى. بۇ سەپەردىن مەقسىتى ــ بۇخارا ئۈچۈن بولىدىغان يۈرۈشلەرگە خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. نارشاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ ۋاقىتتا زەرەپشان پايتەختىنىڭ ئىدارە قىلىنىشى ئايال پادىشاھىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، دېيىلىدۇ. ئەمما، بۇ پەيتلەردە ئۇ ناھايىتى قېرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ گەپلەر ئانچە توغرا ئەمەس. ھەرھالدا ئايال پادىشاھمۇ ياكى باشقا پادىشاھمۇ قايسى بولمىسۇن ئەرەبلەرگە يەنە قارشىلىق كۆرسىتىشنى پايدىسىز دەپ بىلىشەتتى. ئۈچ قېتىم بويسۇندۇرۇلغان، ئۈچ قېتىم ئىسلام دىنى قايتىدىن قوبۇل قىلدۇرۇلغان، ھەر قېتىم يوشۇرۇن ھالەتتە ئۆزىنىڭ كونا دىنىغا قايتقان بۇخارا ئەمدى دەرۋازىسىنى 4 ـ قېتىم ئاچتى. بۇ يۇرت ئاۋۋال غەيرى بىلىنگەن دىننى بېسىپ كىرگەنلەر بىلەن بىللە قوبۇل قىلىپ، كېيىنچە شۇ دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي مۇجاھىرلىرىنىمۇ يېتىشتۈردى. ھازىر ئاسىيانىڭ ھەر ـ بىر قىتئەسىدە ئىسلام گوياكى ئارقىغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر ھالەتتە، يالغۇز بۇخارادىلا خەلىپە رەشىدنىڭ ئەسىرىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار داۋام قىلماقتا.

قۇتەيبە شەھەرنى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پادىشاھى خۇدات (خان) ئۆز مەنسىپىدە قالدۇرۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىغا خەلىپە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بىر مەمۇرىي شەخس قويۇلۇپ، ئۇ ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزۈپ، خۇداتنى بىر قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇداتنىڭ خەلىپىگە يىلىغا يىگىرمە مىڭ دىرھەم، خۇراسان ئەمىرىگە ئون مىڭ دىرھەم خىراجەت پۇلى تۆلەپ تۇرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. يەنە بۇخارادا قالدۇرۇلغان ئەرەبلەرگە شەھەردىكى ئومۇمىي ھاماملارنىڭ ساپ خىراجىتىدىن بىر قىسمى بېرىلىشى كېرەكلىكى تەيىنلەندى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار ئاخىر ئىسلام مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇخارا ئۈچۈن، باشقا ئىسلام مۇستەملىكىلىرىدە قوللىنىلغان سىياسىي تەدبىرلەرگە ئوخشاش ئېغىر ئىدى. لېكىن، ئىسلامنى تارقىتىش يولىدىكى بەزىبىر سىرلىق ئۇسۇللارنى مەغرۇر بۇخارالىقلار چوڭقۇر ھېس قىلىشتى، ئەرەبلەرگە مەلۇم بولۇشىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىككىلەنگۈچى كىشىلەر يوشۇرۇن ھالدا كونا مەبۇدلىرىغا ھامان ئىبادەت قىلىپ تۇرۇشقان. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر بۇخارالىققا ئۆز ھويلىسىنىڭ يېرىمىنى ئەرەبلەرگە بېرىش بۇيرۇلغانىدى. ئۇ ئەرەبلەر ئۆيي ئىگىلىرىگە ئىسلام شەرىئەتلىرىدىن تەلىم بەردى ھەم ئۇلارنىڭ

ئىسلام ئىبادەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋشتى. ئەگەر ئۇلار ئىسيان كۆتۈرۈش ئەھۋاللىرىنى سىزىپ قالسا دەرھال ئەرەب مەمۇرلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ چاقار ئىدى. جۈمە كۈنى قۇتەيبە مەسچىتىگە نامازغا كەلگەن كىشىلەرگە ئىككى دىرھەمدىن مۇكاپات تارقىتاتتى. رىگىستاندا بىنا قىلىنغان بۇ مەسچىتتە قىيام، رۇكۇ، سەجدىلەر ئەركانى ئىبادەتكە، يەنى ئىمامغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىبادەت دۇئالىرى، قۇرئان ئايەتلىرى ئەرەبچە ھەتتا پارىسچە ئوقۇلاتتى. كونا دىن تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىگە تېڭىلغان دىنغا بىرقانچە ۋاقىتقىچە قارشى تۇرۇۋشتى. مۇشۇ زامانغا ئائىت ئەيىبلىگۈچى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇخارا مۇسۇلمانلىرى ئون يىل مابەينىدە مەسچىتكە بارغاندا يانلىرىغا قورال ئېلىپ يۈرۈشكەن. يەرلىك خەلقلەرگە بولسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقان بولسىمۇ، قورال ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. ئىككى ئارىدا پات ـ پات كېلىشمەسلىكلەر چىقىپ تۇرغان. بەزى مەنبەلەردە بۇخارانىڭ سەھرالىقلىرى كۆپرەك قارشىلىق قىلغانلىقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار مەسچىتكە تەكلىپ قىلىنغاندا تاش بىلەن جاۋاب بېرىشكەن. بۇ مۇئامىلە ئەرەبلەرنى غەزەپلەندۈرگەن شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سەھرالارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشقان. ئۆيلىرىدىكى ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنى مەسچىتلەرنى تەمىنلەشكە ئېلىپ كېتىشكەن. نارشاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مەسچىتلەرنىڭ ئىشكلىرى تۈرلۈك رەسىملەر ۋە بۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى بۇ تەسۋىرلەر بۇ ئىشلار سونني مۇسۇلمانلىرىغا تەشۋىش سېلىپ، ئۈچيۈز يىلغىچە داۋاملاشقان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەر كۈتكەندەك نەتىجە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇخارا شەھىرىنى يەرلىك ئاھالىنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئەرەبلەر ئۆزئارا بۆلۈشۈۋېلىپ باشقۇرۇۋشقان. شەھەرنىڭ دەرئەتتاران بىلەن قەلئەدە دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى ناسىرلارغا، ئىككىنچى قىسمى ـــ يەمەنىيلارگە بېرىلگەن. باشقىلارغا بولسا قەلئەنىڭ تاشقىرىدىن ئورۇن بېرىلگەن. مەسچىت سۈپىتىدە قايتا قۇرۇلغان ناسارا كالساسى (چىركاۋى) مۇشۇ يەردە بولغان.

ئەرەبلەر سەمەرقەندىدىمۇ ئەلگە نىسبەتەن ئاشۇنداق شىددەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇ يەردىمۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ قورال ـ ئەسلىھەلىرىنى تاپشۇرۇۋشقا مەجبۇر قىلدى. تەبەرىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئەجنەبىيلەر ھەم سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھۈرلەپ قويىدىغان بولۇشقان. كېچىدە رۇخسەتسىز چىققان كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. قۇتەيبە توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولساق، ئۇ بۇخارادا يېڭى تەرتىپلەرنىڭ قاتتىق ئۆزلىشىشىنى كۈتۈپ

تۇرماي، شەرقنى ئىستىلاھ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھىجرىيە 93 (مىلادىيە 711) ــ يىلى فەرغانىغا، ھازىرقى قوقەند خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگىلىدى. قەدىمقى يول بىلەن چوڭقۇر كىچىكتىن ئۆتۈپ، تۈركىستاننىڭ شەرقىغە بېرىشنىڭ ئېيتىشىمىزچە تۈركىستان چىنىغا سەپەر قىلدى. بۇ يەردە كىچىك ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ ئۇلار ئۈستىدىن ئاسانلا غەلىبە قازاندى. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىمالىي جۇڭغارىيىدىن قالماق ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ قۇتەيبەگە قارشى تۇرالمىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەرەبلەر خەنزۇ ۋىلايەتلىرىگىچە ھۇجۇم قوزغىغان.

قەشقەر، خوتەن، تۇرپانلاردا ئەرەب پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتى خېلى كېچىكىپ تارقالغان. بۇددا ۋە نەسرانىيەت نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىنمۇ ئىسلامىيەت بىلەن تەڭ ھالدىكى ئۆز قوۋملىرىنى تاپالمىغان. ئەمما، شۇنىسى ھەقىقەتكى تۈركىستاننىڭ شەرقىدىكى ئاھالە ئەرەبلەرنىڭ بىرىنچى پەيدا بولغان دەۋرىدە تەڭرىتاغلىرى ئەتراپى بۇددا ئۇگىسى بولغان ئەسىردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەھەرلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلدۇرغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەنىدى.

ئىسلامنىڭ شەرقتە ئەڭ ئاخىرقى سەردى (چېگرىسى) بولغان بۇ يەردىن قۇتەيبە پەرغانە ئارقىلىق مەرۋىگە كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا خەلىپە ۋەلىدنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ يېڭى خەلىپە سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكتىن خەۋپسىرىشىگە ئاساسى بار ئىدى. ئۇ خەلىپىنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز تەدبىرىنى كۆرۈشكە نىيەت قىلدى ھەم ئاشكارا ھالدا ئىسيان كۆتۈردى. دەرۋەقە بۇ ئىشقا قۇتەيبە ئىشەنچلىك بىلەن كىرىشەلمىدى. لېكىن، يېڭى خەلىپىگە بوي سۇنۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن چۈشەندىكى خۇراساننىڭ بەختلىك ئەمىرى بىلەن ئاشكارا ئۇرۇش قىلىش ئورنىغا، ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۆزىنى قوللىغۇچىلارنى مەخپىي ھالدا تەييارلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. قۇتەيبە بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. خەلىپىگە ئۇنىڭ ئىسيانىنى مەلۇم قىلغۇچى ئەلچىگە بۇ خەۋەردىن تاشقىرىقى ئىككى مەكتۇپ ئەۋەتتى. بىرىنچى مەكتۇپتا سۇلايمانغا ئىتائەت قىلىشقا قارشىلىق بىلدۈرۈلدى. ئىككىنچى مەكتۇپتا يەزىد بىن مەھلەپنى ھاقارەتلەپ، ئەگەر ئۇنى خۇراسانغا ئەمىر قىلىپ بەلگىلەنسە ئىسيان كۆتۈرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. قۇتەيبە يەزىد بىن مەھلەپنى ئۆزىگە قارىتا رەقىپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى. يەزىدنىڭ ھەر دائىم خەلىپىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ قۇتەيبە ئەلچىگە بۇيرۇپ : «ئالدى بىلەن خەلىپىگە بىرىنچى مەكتۇپنى تاپشۇرغىن،

ئەگەردە مەكتۇپنى ئىبن مەھلەپكە بەرسە، ئىككىنچى مەكتۇپنى تاپشۇرغىن، يەزىد ئۇنى ئوقۇسا، شۇ ھامان ئۈچىنچى مەكتۇپنى بەرگىن». ئەلچى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىبن مەھلەپنى كۆردى ۋە بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلدى. سۇلايمان ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۈكۈت قىلىپ، ئەلچىنى ھۆرمەت بىلەن كۈزەتتى. ئەلچى قايتىپ كەلمەستىن بۇرۇن قۇتەيبە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلىقتىن ئىسيان ئېلان قىلدى. لېكىن، قۇتەيبە ئۆزىگە شانلىق غەلىبىلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىپ، نۇرغۇن بايلىق توپلاپ بەرگەن ئەسكەرلىرى ئۈستىدە خاتالاشتى. ئەگەر ئۇ ئۆز بۇرادىرى ئابدۇراخماننىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن ماۋەرا ئۇننەھرىگە كېتىپ، مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرغان بولسا، بۇ جايلاردا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خوتۇن پەرەستلىك ماجرالىرىدىن پايدىلىنىپ ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتى. قۇتەيبە بولسا ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئىشىنىپ مەرۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئېغىر شارائىتتا ئۇ ئەسكەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇراسان ئەمىرلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، خەلىپە زامانىدىكى تەرتىپسىزلىكلەر ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ناھايىتى قاششاق ھالدا ئىكەنلىكى كېيىن ئىران ۋە توران خانلىقلىرىنىڭ خەزىنىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكلىرىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى نەتىجە بەرمىدى. ۋەقەنى بىر ئەبۇ ئەسۋەت ھەمدە ھىيان بىر ئىياس رەئىسلىكىدىكى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان قىلىش ھەرىكىتىنى تىزلەشتۈردى، خالاس. ئۇ ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈشىنى بىلگەندىن كېيىن، ھىيانى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. لېكىن، شۇ ھامان ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە ناھايىتى چوڭ ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن، ئۇنىڭغا سادىق ۋە سارايىنى ھىمايە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى، قەتل قىلىندى. ئىسلام دىنى ئۈچۈن يىراق شەرقتە ناھايىتى زور ۋە كۈچلۈك مەملىكەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، زەرش دىنىگە (قۇدۇسسىيە ۋە نەھراندىكى جاراھەتلەر بەدىلىگە) ئەڭ ئاخىرقى زەربىنى بەرگەن، بۇ يەرلەردە ئىسلامنى يەرلەشتۈرگەن بىر مۇجاھىد ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن تونۇلغان ھاياتىنى قىرق يەتتە يېشىدا ھىجرىيە 98 (مىلادىيە 714 ) ـ يىلى قەمەرىيە يىلىنىڭ 12 ـ ئېيىدا شۇ تەرىقىدە ئاياغلاشتۇردى.

## موغۇللار ئىستىلاسى

ھىجرىيىنىڭ 615 ـ 624 ـ (مىلادىيە 1218 ـ 1226 ـ) يىللىرى

شەرقىي ئاسىيادا تۈرك ئەللىرىنىڭ پاشايدىغان يەرلىرى شىمال مۇھىتىنىڭ بوز ساھىللىرىدىن جەنۇبقا، ئادرىياتىك قىرغاقلىرىدىن شەرىققە سوزۇلىدۇ ۋە غوبى (موغۇل تىلىدا «سەھرا» دېگەن مەنىدە) چۆلگە تۇتىشىدۇ. شۇ ئورۇندا تارىخ ئىستىلا قىلمىغان قەدىمدىن بۇيان موغۇل قوۋمى ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار قىياپەت ۋە تىل جەھەتتىن تۈركلەرگە قېرىنداش ئىدى.

موغۇللار چۆلنىڭ ئۆزگىرىشچان تەبىئىتى ئىچىدە نامراتلىق بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. پۈتۈن دۇنيادىن يىراق ۋە خەۋەرسىز ھالدا ياشايتتى. ئەمما، ئۇلارغا ھەمجىنس (كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولغان) تۈركلەر بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بېرى غەربىي ئاسىيانىڭ ھاياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

مۇشۇ خەلق ئارىسىدا ھىجرىيىنىڭ 549 ـ (مىلادىيىنىڭ 1154 ـ) يىلىدا دۇنياغا بىر قەھرىمان تۇغۇلدى. بۇ قەھرىماننىڭ ئىسمى تېمۇرچىن بولۇپ، تۆمۈرگە ئوخشاش مۇستەھكەم، قەتئىي باتۇر ۋە ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس ئىدى. شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ توپلانغان ۋە ئېپتىدائىي تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ، كۈچ توپلاپ، قەدىردان يايلاقلىرىدىن سىرتقا قاراپ شىددەت بىلەن ئىنتىلىپ، پۈتۈن ئاسىيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بەزى غارايىپ قىسسىلەردە ساقلىنىپ كەلدى. ئۇ جاھان تارىخى مەيدانىغا قىرىق يېشىدا چىقتى. ئۆزىنىڭ قوۋمداشلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، تۈرك خانلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا غالىبانە ھەرىكەت قىلىپ چىڭگىزلەقىمگە ئىگە بولدى. چىڭگىز بەقۇۋۋەت، تازا دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىبارىدۇر.

چىڭگىزنىڭ دەسلەپكى قېتىم كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسىي دۈشمىنى ئوڭخان بولۇپ، ئۇ كېرەيىت قەبىلىسىنىڭ خانى ئىدى. چىڭگىز ھىجرىيىنىڭ 599 ـ (مىلادىيىنىڭ 1202 ـ )يىلىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئويرات، قونغىرات ھەم نايمان قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ قەبىلىلەر موغۇللانىڭ غەربى تەرىپىدە ياشاپ، قىسمەن بۇددا ۋە ناسىراتىيلار قىسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرغاچقا مەدەنىيەت جەھەتتىن موغۇللاردىن يۇقىرىراق ئىدى، لېكىن ھەربىي جەھەتتە موغۇللاردىن چىڭگىز نىزامى بىلەن مەشىق قىلدۇرۇلغان ئەسكەرلەردىن كۆپ ئارقىدا قالغانىدى، دۇنيانى تىترەتكەن موغۇلنىڭ ئاساسىي سىياستى شۇنداق ئىدىكى : مەغلۇپ

قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېلىش، «ياساق دەپتىرى (قانۇنلار مەجمۇئەسى)»نى تەتبىق قىلىپ ئۇنى ئۆز ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورال قىلىش ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلىش ۋە يېڭى غەلىبىلەرنى ئىزدەش، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاز ـ ئازدىن ئېرىشىشمۇ، لېكىن مۇستەھكەم، ئىشەنچلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھىجرىيە 603 ـ (مىلادىيە 1206 ـ) يىلىغىچە غوبى سەھراسىدىكى ھەممە قەبىلىلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، قارا قورۇم قەلئەسىنى پايتەخت قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ قوۋمنىڭ شەرق تارمىقىدىن چىڭگىز ئۆز بەدەۋلىرىگە دىن ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئۈچۈن يېزىق قوبۇل قىلدى. چىڭگىز ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ سۆھبەتداشلىرى، مىرزىلىرى ۋە باشقا مولكى مەمۇرلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خانى ئۇيغۇرچە «ئىدىقۇت»، يەنى سائادەتبېك دەپ ئاتىلاتتى. چىڭگىز خىتايغا قارشى سەپەردە ئۇنىڭ ساداقەتمەن دوست ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت كۆرسەتتى. ماۋەرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلغاندىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلاندى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىك خەلقى تېخى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. ئەمما، چىڭگىزنىڭ غەربىي ئۇيغۇرلارغا يەنى قەشقەر ھەم خوتەن تۈركلىرىگە مۇناسىۋىتى باشقىچە ئىدى. غەربلىكلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار قاراخانىيلارنىڭ كۈچلۈك ئىدارە قىلىشى ئاستىدا بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن چىڭگىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. لېكىن، قاراخانىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىتان (كىدان، قارا خىتاي) لاردىن كۈچلۈك خان تەختكە چىقىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانلىقتىن يېقىندىلا خىتاي سەپىرىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان چىڭگىز ئۆزىنىڭ نەزىرىنى غەربكە قارىتىشقا پۇرسەت پىشىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

سەردار ــ چايۇللا رەھبەرلىكىدىكى موغۇل ئەسكەرلىرى كۈچلۈك خانغا ھۇجۇم قىلدى. خاننىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئېغىر مېنۇتلاردا ئۇنى تاشلاپ قويدى. ئۇ يېڭىلىپ بەدەخشان تاغلىرىغا پاناھلانغان بولسىمۇ ئاخىر قولغا چۈشۈپ، تەسلىم بولدى. شىمالدا ئالمالىق ئېلەتنىڭ خانى ئارسلانخان كۈچلۈككە دۈشمەن ئىدى.  ئۇمۇ موغۇللاغا تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىز غوبى سەھراسىنىڭ شەرقى چېگرىسىدىن تەڭرى تېغى تىزمىلىرىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىگىچە ھاكىم ئىدى. بىرقانچە شەھەرلەر، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار، كۆپلىگەن ۋەھشىي ئۇرۇشقاق كىشىلەر ئۇنىڭ خوجايىنلىقىدا ئىدى. ئەگەردە ئۆتكەن بابتا سۆزلەنگىنىدەك خارەزمشاھ

www.uyghurweb.net

سۇلتان مۇھەممەت بىلەن ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇنمىغان ھالەتتىمۇ چىڭگىز ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك غەلىبىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، بايلىقى، يۈكسەكلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەملىكەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى قۇدرەت ۋە شەۋكەت بابىدا چىڭگىزگە تەڭ رەقىپ، لاياقەتلىك دۈشمەن ئىدى.

ئاقىۋەتتە ھىجرىيىنىڭ 615 ــ (مىلادىيىنىڭ 1218 ـ ) يىلى موغۇل جاھانگىرى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ھەم ئەسكىرىي باشلىقلىرى ــ چاغاتاي، ئوقتاي ۋە جوچى بىلەن خارەزمشاھقا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئومۇمىي ئەسكىرى ئالتە يۈز مىڭغا يېتەتتى. يەنە ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خانى ئىدىقۇت ۋە ئالمىلىق ھۆكۈمدارى سىغناق تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلغانىدى. ئۇ قەدىمقى يول بىلەن ئىلى جىلغىسى بويىدىن مېڭىپ، شىمالىي پەرغانىدىن ئۆتۈپ، ئوترار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ شەھەر ئالدىدا پۈتۈن ھەربىي كۈچلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى تەرەپ ــ تەرەپكە ئەۋەتىش مەقسىتىدە بولدى : بىر قىسمىنى ئوغۇللىرى چاغاتاي ھەم ئوقتاي رەھبەرلىكىدە بۇ يەردىكى خەلقنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن قالدۇردى. ئىككىنچى ئوردىغا جوچى باشلىق قىلىندى. ئۇ قىزىلقۇم سەھراسى ئارقىلىق جاندكە ئەۋەتىلدى. ئۈچۈنچى قوشۇن بەش مىڭ كىشلىك ئالاقنويان ۋە سىنتوبۇقا نامىدىكى سەرھەڭلەر قوماندانلىقىدا سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرەپ قىرغىقى بىلەن بېنىد كەنتكە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. چىڭگىزنىڭ ئۆزى مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى ــ بۇخاراغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. بىز ئوتتۇرا ئاسىياغا خۇددى شىددەتلىك بوراندەك ھەرىكەت باشلىغان بۇ تۆت فىرقە قوشۇن تەۋسىپىنى ئۇتراردىن باشلايمىز.

ئوترار چېگرا قەلئەسى ئىدى. قەلئە نائىبى قائىرخان رەھبەرلىكىدە ئەللىك مىڭ كىشلىك ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. سۇلتان مۇھەممەتنىڭ يوشۇرۇن ۋەزىرى قاراجى قۇماندانلىقىدا بولارغا يەنە ئون مىڭ كىشلىك قوشۇن قوشۇلدى. شەھەردە قۇدرەتلىك ھىمايىچى كۈچى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تارىخچىلارنىڭ نەقىل كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، موغۇللار شەھەرنى قامال قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار سارىسىمىگە چۈشكەن. بۇ دەسلەپكى تەسىراتلارغا قارىغاندا شەھەرنى بەش ئايغىچە مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. ئەگەر ئىككى قوشۇن باشلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولمىغاندا قامال قىلىشقا نىسبەتەن قارشىلىق يەنىمۇ داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. قائىرخان ئۆزىنى چىڭگىزنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈشتە جاۋابكار ھېس قىلىپ، چىڭگىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مايىللىق بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا كۆز قاراشتىكى شىېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ، كېچىدە ئۆز قوشۇنى بىلەن موغۇللارغا تەسلىم بولدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىدە ئۇ چىڭگىز ئوغۇللىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېرىلدى. ئۇلار بۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا : «سەن ئۆزۈڭنىڭ پادىشاھىڭنى، ۋەلىنېمىتىڭنى[3] خائىنلارچە تەرك ئەتكەن تۇرساڭ، بىز سېنىڭدىن قانداق ساداقەت كۈتەلەيمىز» دېيىشتى. ئۇنى بارلىق تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتل قىلدى.

قائىرخان ئۈمىدسىز ئارسلاندەك داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەللىك، ئەللىكتىن بولۇپ، قەلئەدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ ھالاك بولدى. قائىرخان يېنىدىكى ئاخىرقى ئىككى نەپەر مۇھاجىددىن ئايرىلغاندىن كېيىن قەلئە تاملىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن غىشتلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ، قىساسكار دۈشمەنگە قارىتا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى. دۈشمەنلەر قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە قارار قىلدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئوقلىرى تۈگىدى، ئۇ دۈشمەن تەرىپىدىن قورشىۋېلىپ قولغا چۈشتى. ئۇ سەمەرقەندتىكى «كۆك ساراي»دا ئۆلتۈرۈلدى. ئوقتاي ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مالغا ھېرىسمەنلىكى سەۋەبىدىن قۇربان بولغان بىچارە سودىگەرلەرنىڭ ئۈچى ئېلىنىپ، قۇلاقلىرىغا ئېرىتىلگەن كۈمۈش قۇيۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمال قەلئەسى ئوترار موغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موغۇللار بۇ شەھەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئاھالىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئاخىر جەنۇب تەرەپكە سەمەرقەندكە قاراپ يۈرۈش باشلىدى.

جەندقا قارشى جۇجىمۇ شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت باشلاپ ئالدى بىلەن سىغناققا ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەر سەھرانىڭ غەربىدە ئىدى، ئۇ جەندتىن ئېقىپ چىققان دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. موغۇللار ئۇ يەرگە ھەسەن ھاجى دېگەن بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. شەھەر كىشىلىرى ئەلچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭدىن جۇجى قاتتىق غەزەپلىنىپ، شەھەرگە دەرھال ھۇجۇم قىلىشنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئادىمىگە قەدەر ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇق قىلدى. سىغناق خارابىسىدە ھەسەن ھاجىنىڭ ئوغلىنى قالدۇرۇپ، ئۆز كەنتىگە كەتتى. بۇ شەھەر ئىختىيارىي رەۋىشتە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئەشنازغا يول ئالدى ۋە ئۇنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەندگە يۈرۈش

---

[3] ئالىي ھىممەتلىك ، سېخى ئادەم مەنىسىدە ، ئىككىنچى بىر خىل مەنىسى ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنى ، ماددىي جەھەتتىن تەمىنلەپ تۇرغۇچى ، ئۇلارغا نېمەت بەرگۈچى شەخس.

قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 616 ـ (مىلادىيىنىڭ 1219 ـ) يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى شەھەرنىڭ قارشى تەرىپىدە لەشكەرگاھ قۇردى. موغۇللارنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى شەھەر ئاھالىسىنى چوڭ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. جەندنائىبى قۇتلۇقخان قورقىنىدىن خارازمغا چېكىنىپ، شەھەرنى پۈتۈنلەي باشباشتاقلىق ھالىتىدە قالدۇردى. جۇجىنىڭ ئەلچىسى چىن تېمىر شەھەر سېپىلى يېنىغا كېلىپ، ئاھالىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، مۇداپىئەنىڭ پايدىسىزلىقى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن پۈتۈنلەي خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ھەسەن ھاجىنىڭ ئاقىۋىتىدەك كۈنگە چۈشۈپ قېلىشقا ئاز قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەدبىرچانلىقى بىلەنلا ئامان قالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن موغۇل ئەسكەرلىرى مەنجاناقلار (تاش ئاتىدىغان قورال) نەرۋانلار (سېپىل ئۈستىگە چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان شوتا ئورنىدىكى قورال) بىلەن كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلاندى. ھېكايە قىلىنىشچە، شەھەردىكى لەشكەرلەر مۇداپىئەگە شۇنچىلىك پايدىسىز ئەھۋالدا پاسسىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، موغۇل ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولغان ۋاقىتتا خۇددى تاماشا كۆرگۈچىلەردەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. يوشۇرۇنۇپ ھۇجۇم قىلغۇچى موغۇللار توپلىشىپ كېلىپ ئەسكەرلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. شەھەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ خارابىلىككە ئايلاندۇردى. ئاھالىنىڭ قوراللانغان قىسىملىرىنى قىرىپ تاشلىدى. سۇلھ تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئاھالە ۋەكىللىرىنى شەھەر سىرتىدا توققۇز كۈن قاماپ قويغاندىن كېيىن چىقىرىۋەتتى.

جۇجى ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ غەربىي قىسمىنى ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى سۇلھچى ئاھالىنى خارەزمدىكى ماھىر ھەربىيلەردىن ئايرىپ تاشلىغان ۋاقىتتا، ئالاق نويان ۋەسىنتۇ بۇقا قاتارلىق سەردارلار بەش مىڭ كىشىلىك بىر كىچىك قوشۇن بىلەن بىنكەنى ھەم خوجەند ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا بىنكەنە ئەمىرى ئېلىرخۇ ئىدى. ئۇ قاڭقىل قەبىلىسىدىن توپلانغان ئەسكەرلىرى بىلەن تۆت كۈن مۇداپىئەدە تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر تەسلىم بولدى. جەندتە يۈز بەرگەن پاجىئە بۇ شەھەردىمۇ يۈز بەردى. يەنى ئۇنىڭ قوراللىق ئاھالىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. قالغانلىرى قول قىلىندى ياكى موغۇل ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن خۇجەندكە نۆۋەت كەلدى. بۇ قەلئە سىر دەريانىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنگەن جايغا قۇرۇلغان. ئۆزىنىڭ تەبىئىي جايلىشىشى قەلئە ھاكىمى تېمۇر مەلىكنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن خوجەندلىكلەر موغۇللارغا كۈتۈلمىگەن قارشىلىقلارنى كۆرسەتتى. قامال قىلىشقا يىگىرمە مىڭ موغۇل، ئەللىك مىڭ قول

قاتناشتى. بۇ قۇللار ئېغىر ئەمگەكلەردە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بىرەر موغۇلنىڭ ۋاسىلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تاغدىن ئۈچ مىل مۇساپىگىچە تاش توشۇشقا مەجبۇر قىلىندى. قەلئەنى قامال قىلغۇچىلارغا ئالانقۇ باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن بىرەر ئىش قىلالمىدى. تېمۇر مەلىك توغرىسىدا تارىخچىلار ھەقلىق رەۋىشتە : «ئەگەر رۇستەم تىرىك بولغىنىدا ئىدى، مەلىكىگە خادىم بولۇشقىلا يارىغان بولاتتى» تېمۇرنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ ئون ئىككى كېمە تەييارلاشنى بۇيرۇدى. كېمىلەرنى دۈشمەننىڭ ئوتى ھەم ئوقىدىن ئاسراش ئۈچۈن يۇڭدىن نەمەت كېگىزلەر بىلەن قاپلاپ سىركىلىك لاي بىلەن سۇۋاپ چىققانىدى. ئۇنىڭ بىلەن ساھىلغا خەۋپسىز يېتىۋېلىپ دۈشمەنلەرنى ئوقتا تۇتالايتتى. تېمۇر شەھەرنى شۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە مۇداپىئە قىلدى. لېكىن، دۈشمەن بىلەن ئۇزۇنغىچە قارشىلىشىش پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، مال ـ مۈلكىنى يەتمىش كېمىگە قاچىلاپ، ئېقىمغا قارشى ئۈزۈپ كەتتى. جەند ئارقىلىق سەھراغا ۋە ئۇيەردىن خارەزمگە بارماقچى بولدى. ساھىلدىن موغۇللارنىڭ تەقىپى ئاستىدا ئاجايىپ ھالدىكى دەريا سەپىرىنى داۋام قىلدۇردى. بىكەند توغرىسىدا دەريانىڭ ئۇ ساھىلىدىن بۇ ساھىلغا زەنجىر قارىتىلغانىدى. تېمۇر ئۇنى بىر زەربە بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «بار قايىق كەتتى» قابىلدە ساھىلغا چىقتى. ئۇنىڭ ساھىلدىكى جەڭلىرى ھەققىدە ئاجايىپ ھېكايىلەر مەيدانغا كەلدى. ئاخىر خارەزمگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ باردى.

موغۇل سەركەردىلىرى بولسا خوجەندنى بېسىۋېلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش باشلىدى. ئۇ يەردىكى، ئاساسىي ئوردىغا بېرىپ، قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. چىڭگىزخان ئوغلى تۇلىخان بىلەن بىرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ، نۇرغۇن غەلىبىلەرگە ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرادىن بۇخاراغا قايسى يول بىلەن بارغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بىز پەقەت ئۇنىڭ بىرىنچى توختىغان ئورنى سەرتاق شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ شەھەر بۇخارانىڭ شىمالىغا جايلاشقان. سەھرالىق موغۇللار بۇ شەھەر ئاھالىسىغا غەيرىي كۆرۈندى. ئۇلار ـ ئانچە خەۋپسىرىمەي جەڭگە تەييارلاندى، لېكىن موغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە شەھەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ ئاھالىگە ئوت ۋە قان دەرياسى بىلەن ئويىنىشۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسى تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاھالىنىڭ قورال تۇتالايدىغان قىسمى موغۇل ئەسكەرلىرىگە خىزمەتكار سۈپىتىدە قوشۇلدى، شەھەر بولسا پۈتۈنلەي خاراب قىلىندى. شەھەردىن ئېشەك ۋە

خىچىرلىرىغا مىنىپ ئامانلىق تىلەپ چىققان ئاھالىگە ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشقا ئىجازەت بېرىلدى. موغۇللار سەرتاققا «قۇتلۇغ بالىخ» (بەخت شەھىرى) دەپ نام بەردى. بوخارا ئېلەتىدە چىڭگىز ۋەيران قىلغان ئىككىنچى شەھەر ـ نۇر بولدى. ئۇ بۇ يەرگە تۈركمەن قۇلاۋۇزلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى يول ئارقىلىق كەلگەندىن كېيىن بۇ يول كۆپ ۋاقىتلارغىچە «خان يولى» دەپ ئاتالدى. قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يا مۇسۇلمان، يا تۈركلەردىن بولغان تاھىر باھادىر ئىسىملىك كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە نۇر ئەتراپىدىكى ئورمانلاردا ئۇزۇن شوتىلار ياسالدى. شوتىلارنى ئات ۋە قول ئارقىلىق كۆتۈرۈپ كېلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا قويىدى. قەلئەنىڭ دەرۋازلىرى قىسمەن چىڭگىزنىڭ كۈچىگە، قىسمەن سولتان مۇھەممەد ياردىمىگە ئىشىنىپ يېپىپ قويۇلدى. تاھىر باھادىر ئۇلارغا : «ھەقىقەتەنمۇ كۈچ قۇدرەتلىك موغۇل خانى كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر شەھەر ئاھالىسى قارشىلىق كۆرسەتمىسە، ئۇ شەھەردە پەقەت بىرنەچچە كۈنلا تۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇر شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن شەھەرگە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك ئەسۋابلار ۋە ھايۋانلارنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن موغۇللار شەھەرگە كىردى، ئاھالىنى بۇلاپ ــ تالىدى، لېكىن ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدى. ئاھالە نامىدىن چىڭگىزخانىنىڭ ئالدىغا بارغان سۆھبەتچىلەر ھەيئىتى ئىلتىپات بىلەن قوبۇل قىلىندى : «ھازىرغىچە قانچىلىك سېلىق تۆلىدىڭلار؟» دەپ سورالغان سوئالغا ئۇلار 1500 دىنار دەپ جاۋاب بېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان بۇ پۇلنى قوشۇن مەھكىمىسىگە بېرىشنى ئەمىر قىلىپ، ھەيئەتنى خۇشاللىق بىلەن قايتۇرۇۋەتتى.

چىڭگىز نۇردىن بۇخاراغا كەتتى. ھىجرىيە 617 (مىلادىيە 1200ـ) يىل مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ئۇ ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى بۇخارا سېپىللىرى يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ھازىرلىنىپ تۇرغان ئەسكەرلىرى شۇ ھامان شەھەرنىڭ شەرقىي بۇرجەكلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇخارا خەلقى ئىلگىرى يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردىن ئەلۋەتتە خەۋەردار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ تەييار ئەمەس ئىدى. قەلئە تاملىرى ئارقىسىدا 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يوشۇرۇنغانىدى. بۇ قوشۇنغا سېۋىنچخان، قۇشلىخان، كۆكخان باشلىق ئىدى. كېيىنكىسى موغۇللاردىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. كۈچ جەھەتتىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان موغۇللارغا قارشى بۇخارا ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتەلىشىمۇ ناتايىنراق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار موغۇللارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى شەھەر ئىچىگە كىرىپ قۇتۇلدى. شەھەر ئاھالىسى ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۆز ۋەكىللىرىنى چىڭگىزنىڭ ئالدىغا شەپقەت تىلەپ ئەۋەتتى. موڭغۇل خانى ئۇلار بىلەن بىرگە شەھەرگە كىردى. ئەڭ ئالدى بىلەن چىڭگىزنىڭ كۆزى ئۇلۇغ سامانى تەرىپىدىن ئاجايىپ بېزەكلەر بىلەن ياسىتىلغان جامىئە مەسچىتىگە چۈشتى. ئۇ ئوغلى تولى بىلەن ئاتتىن چۈشمەي مەسچىتكە كىرىپ مېھراب ئالدىدا توختىدى. تولى ئاتتىن چۈشمەي، مۇنبەر ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. چىڭگىز : «بۇ سولتاننىڭ ئۆز سارىيىمۇ ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا «بۇ خۇدانىڭ ئۆيى» دەپ جاۋاب بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ مۇنبەرنىڭ بىر نەچچە پەلەمپىيىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارقىدا تۇرغان موغۇللارغا ۋارقىرىدى : «ئوتلاق ئورۇلدى، ئاتلارغا يەم ــ خەشەك بېرىڭلار!» بۇ تالان ــ تاراج قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ۋەھشىي موغۇللارنىڭ بەختسىز بۇخاراغا قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا پايتەختىنىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرىگە كۆزى تورلاشقان سەھرالىقلارنىڭ قانداق ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاشلانغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بارلىق ئۆيلەر ۋەيران قىلىندى. ھەممە ساندۇقلار چېقىلدى. ھېسابسىز خەزىنىلەر تالان ــ تاراج قىلىندى. كۆرۈنۈشىدىن ھېچبىر قىممىتى بولمىغان مۇقەددەس نەرسىلەرنىمۇ ئاياپ قويۇشمىدى. كىتابلار يىرتىلىپ، ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ــ ئاستىغا سامانەك چېچىلدى. مۇقەددەس كىتابلار ساقلانغان ساندۇقلارنى ئاتلارغا يەم ــ خەشەك بېرىدىغان ئوقۇرلار ئورنىدا ئىشلەتتى. ئىلىم يولتۇزلىرى بولغان مولللار، شەيخلەر قۇللار ئورنىدا مۆتىۋەر جەڭچىلەرگە خىزمەتكار قىلىپ بېرىلدى. بەزىلىرى بولسا موغۇل باشلىقلىرىغا مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى. كۆپلىگەن مۇتىۋەر قازىلار ئېشەك ۋە خېچىر بېقىشقا مەجبۇر قىلىندى. مۇسۇلمان تارىخچىسى تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىدۇ. دىنىي ھېسسىياتنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكى ھەققىدە بىر ئاز مۇبالىغە بولسىمۇ، موغۇللارنىڭ مۇشۇ بىرىنچى ھۇجۇمىدىن كېيىن شۈبھىسىزكى بۇخارا ناھايىتى كۆپ زىيان تارتتى ۋە نۇرغۇن دەھشەتلىك ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

چىڭگىزخان شەھەردە بىر نەچچە سائەت تۇردى. كېيىن شەھەر سىرتىدىكى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان مۇسەللارغا باردى. پۈتۈن خەلق شۇ يەرگە يىغىلغانىدى. موتىۋەر كىشلەر، بايلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سورىدى، بۇنىڭغا 280 نەپەر كىشى كۆرسىتىلدى. (بۇنىڭدىن 190 كىشى بۇخارالىق بولۇپ، قالغان 90 كىشى چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئىدى). چىڭگىز ئۇلارغا خىتاپ قىلىپ ۋە سولتان مۇھەممەدنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە ئىشارەت قىلىپ «ئەي ئادەملەر، سىلەر ئېغىر گۇناھ

قىلدىڭلار، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبكارى سىلەرنىڭ خانىڭلار. سەن ئۆزۈڭ كىمسەن ؟ بىز بىلەن نېمىشقا بۇنداق سۆزلىشىۋاتىسەن ؟ دەپ سورىساڭلار، بىلىڭلاركى مەن تەڭرىنىڭ پەرزەنتىمەن. ئەگەردە سىلەر گۇناھكار بولمىساڭلار تەڭرى سىلەرنىڭ جازايىڭلارنى بېرىشكە مېنى ئەۋەتمەس ئىدى. ئەمدى سىلەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى بايلىقلىرىڭلار توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات سورايمىز. سىلەر يەرگە يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ ئېيتىشىڭلار ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ بېرىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە شەھەردىن سايلانغان كىشىلەرنى ھۇجۇم ۋە مەسخىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن موغۇل ۋە تۈركلەردىن ساقچى قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىشلار شۇ تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ شەھەر يوشۇرۇنغان ئەسكەرلىرى چىڭگىزنى كېچىدىكى ھۇجۇملىرى بىلەن بىزار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇخارالىقلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، بەلكى ئەسكەرلەرنى ئاسرىدى ۋە ئۇلارنىڭ كېچىدىكى ھۇجۇملىرىغا ياردەم بەردى. بۇنىڭغا چىڭگىز قاتتىق غەزەپلەندى. شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. ياغاچ ئارقىلىق ياسالغان ھەربىر ئۆيلەردىن قۇرۇلغان ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي كۈلگە ئايلاندى. پەقەت تاش ۋە خىشتىن ياسالغان مەسچىت، سارايلارلا قاراتاش ۋە چېكىتلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. زەرەپشان ئۈستىدىكى مەمۇرچىلىققا تولغان بۇ شەھەر كۇكۇم ـ تالقان بولدى. قەلئە ئىچىدىكى ئەسكەرلەر كۆكخان رەھبەرلىكىدە مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. موغۇللار بۇ قەلئەنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۆردى. ھەتتا ھۇجۇم سېپىنىڭ ئالدىغا بۇخارالىقلارنى قويۇپمۇ كۆردى، لېكىن ھەممىسى بىكارغا كەتتى. قەلئە ئىچىدىكى بارلىق چوڭقۇرلۇقلار ئادەم ۋە ھايۋان جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ تاشقاندا، قەھرىمان مۇداپىئەچىلەر ئۆز جېنىنى پىدا قىلغاندىن كېيىنلا،ئاندىن ئۇلارنىڭ قارارگاھلىرى ئىشغال قىلىندى بۇ جاسارەتلىك قارشىلىق ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسى قۇربان قىلىندى : 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە جاللات قولىدا ھالاك قىلىندى. قالغانلىرى بولسا، تەبىقىلىرىگە قارىماي قۇل قىلىندى. ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتلىرى، ئىلىم ـ مەرىپەتلىرى، نازۇك تەبىئەتلىرى ۋە ئەخلاقلىرى گۈزەل بولغان بۇخارا ئاھالىسى بەختسىز ھالەتكە چۈشۈرۈلۈپ، مەسخىرە قىلىندى. بۈيۈك بىر ئەل شامالدەك تارقاپ كەتتى. قېچىپ كەتكەنلەردىن بىرسى خۇراسانغا كېلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كەڭ شۆھرەت قازانغان مۇنۇ بېيتنى ئېيتقاندى :

كەلدى، يىمىردى، كۆيدۈردى،
تالىدى، ئۆلتۈردى ۋە كەتتى.

تارىخچى ئىبىن ئەتتار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ : «بۇ ھەقىقەتەن دەھشەتلىك كۈن بولدى. ئەڭ مۇشەققەتلىك كۈنگە قالغان ئەرلەرنىڭ، خوتۇنلارنىڭ، بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ۋەھشىيلەرچە خوتۇن – قىزلارنى ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا خورلۇققا ئۇچراتتى. ئۇلار بۇ خورلۇققا كۆز يېشىدىن باشقا چارە قىلالمىدى، بەزىلىرى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆردى. قازى بەدرىددىن، ئىمام رۇكنىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بۇ نومۇسسىز مەنزىرىگە قاراپ چىداپ تۇرالماي ئۆزلىرى ئەسلا تەڭ كېلەلمەيدىغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ھالاك بولدى».

بۇخارادىن كېيىن سەمەرقەنتكە نۆۋەت كەلدى. سەمەرقەنت بۇ ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ مۇھىم بۈيۈك بىر شەھىرى ئىدى. شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن خارەزمشاھ 110 مىڭ كىشى قالدۇرغانىدى. بۇلاردىن 60 مىڭى تۈرك، 50 مىڭى تاجىك ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا نۇرغۇن پىل بار ئىدى. چىڭگىزخان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىۋالغانىدەك دۈشمەنىنىڭ سابىق پايتەختىنى ئىگىلەش ئۈچۈن جەڭنىڭ ئوترارىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق بولۇشىنى ھېس قىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى توپلاشقا كىرىشتى. شۇ سەۋەبلىك ئالدى بىلەن سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىشقا قارار قىلدى. چۈنكى، ئەتراپتىكىلەر بىر – بىرىگە خەۋەر بېرىپ، ئۆزئارا بىرلىشىۋالماستىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىم، دەپ ھېسابلىدى، شۇ چاغدىلا غەلىبە ئاسانراق قولغا كېلەلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشتى. چىڭگىزخان خارەزمشاھنىڭ گۈزەل پايتەختىگە شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلدى. سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بۇخارادىن قۇللارنىمۇ ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرى يولدىلا شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. چىڭگىزخان شەھەر ئەتراپىغا شۇ قەدەر كۆپ ئەسكەر توپلىدىكى، سۇلتان مۇھەممەدنى تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاجرىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. بۇ قوشۇنغا سەردارلاردىن چاپار ۋە سۇتناي قوماندان بولۇپ، ئۇلارغا سۇلتان مۇھەممەدنى تېز ۋاقىت ئىچىدە تەھقىپ قىلىش (قوغلاش) بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى. چىڭگىز ئىلگىرى سەمەرقەنتنى بىرنەچچە يىل قامال قىلغاندىن كېيىنلا ئىشغال قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۈچ كۈنلۈك جەڭدىن

كېيىن شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئالىپخان، شەيىخخان، بېربالازخان رەھبەرلىكىدە موغۇللار سېپىنى شىددەت بىلەن بۇزۇپ ئۆتتى. ئەمما، ئۇچىنچى كۈنى چىڭگىزنىڭ ئۆزى قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شەھەر دەرۋازىلىرىنى تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭغا قارىماي خارەزملىكلەر ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ پايدىسىز بولغان جەڭنى داۋاملاشتۇردى. كەچقۇرۇن ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ئىختىلاپ چىقتى. بەزى كىشىلەر شەيخۇلئىسلامنى سەپداش – قېرىنداشلىرى ۋە ماللىرى بىلەن چىڭگىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، جان ساقلاپ قېلىشقا مەسلىھەت بەردى. قالغانلار ئىچكى قەلئەگە يوشۇرۇنۇپ كۈرەشنى يەنە بىر كۈن داۋاملاشتۇردى. بۇ ئارىدا موغۇللار نامازگاھ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، تىنچقىنا تالان – تاراج بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى ھەيدىدى. پەقەت شەيخۇلئىسلام ۋاستىلىق ھالدا ئۆز قول ئاستىدىكى 50 مىڭ كىشى بىلەن بىرىنچى ھۇجۇم ۋاقتىدا شەھەردە قالدى. ئىچكى قەلئە مۇداپىئەنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئالىپخان مۇسىبەتلىك مەغلۇبىيەتنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1000 نەپەر قەھرىمان بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. موغۇللارنىڭ سەپلىرىنى يېرىپ، پۈتۈن قوشۇن ئارىسىدىن ئامان – ئېسەن چىقىۋالدى. پەقەت قاڭقىلى ۋە تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. موغۇللار ئۇلارنى قوۋمداش ھېسابلاپ، ئۆزرىخاھلىقىنى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدى ھەم ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن چاچلىرىنى موغۇل ئادىتى بويىچە ياساتقۇزدى. لېكىن، كۈن پېتىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھايات يۇلتۇزلىرى ئۆچتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى – 30 مىڭ كىشى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ خانلىرىدىن ئۇلۇغ بارۇشماس، بوغان، سەرزىقخان ھەم 20 نەپەر گېنېرال شۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ قەلئەسى بىلەن بىرلىكتە يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. ئاھالىسى پۈتۈن مال – مۈلكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، بۇخارالىق قېرىنداشلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆردى.

... قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلەرنى يالغان ۋەدىلەر بىلەن شەھەرگە قايتۇرۇپ كەلدى. قورال كۆتۈرۈشكە چامى يېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى موغۇللارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئەسكىرىي خىزمەتكە مەجبۇر قىلىندى. چېۋەر باغۋەنلەر يىراق شەرققە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ يەردە، موغۇل – خىتاي پايتەختىدە بۈيۈك خانلارنىڭ ئاجايىپ باغلىرىنى سەمەرقەنت ئۇسلۇبىدا ياساتقۇزدى. ماھىر ھۈنەرۋەنلەرنى، بولۇپمۇ ماھىر يىپەكچىلەرنى قۇل سۈپىتىدە خان ئۆز خوتۇنلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا، ئوغۇللىرىغا

چاغاتاي بىلەن ئوكتايغا ھەدىيە قىلدى. ۋە بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن بىرگە خۇراسانغا ئېلىپ كەتتى. بۇ دەۋردە چاغاتاي بىلەن ئوكتاي خارەزمگە يۈرۈش باشلىغانىدى. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسىنىڭ تەسۋىرلىشىگە قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ مەمۇر، ئەڭ گۈزەل شەھىرى ھىجرىيىنىڭ 618 (مىلادىيىنىڭ 1221) ـ يىلىدا ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا بەرداشلىق بېرەلمەي شۇ تەرىقىدە خاراب بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر بەربات قىلىندى. سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدا بىرنەچچە شەھەر قالغانىدى. ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، كۆپ مېڭىپ ھارغان ئات ـ ئۇلاغلارغا زەرەپشان بويلىرىدا يەم ـ خەشەك بېرىپ، ئۇزۇقلاندۇرغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزى شەخسەن قالغان شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇشقا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال نەخشەب (قارىشى)كە باردى. شەھەر دەرۋازىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئېچىپ بېرىلدى. بۇ ماكان چىڭگىزگە يايلاق ئورنىدا خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېرمىزغا ماڭدى. ئۇ چاغلاردا تېرمىز بەلخ ۋە ھىندىستان يوللىرىدىكى ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئۆتىدىغان ئاساسىي ئورۇن ئىدى. تېرمىز ئۆزىنىڭ ئامۇ دەريا بىلەن چېگرىلىنىدىغان قەلئەلىرىگە تايىنىپ چىڭگىزگە قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئەلۋەتتە قىسقا مۇددەتلىكلا قارشىلىق ئىدى. موغۇللار ئەمدى ئۆز غەلىبىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆز بەختلىرىنى مېتىن، تاملار ئالدىدا سىناپ باقماقچىدى. پۈتۈن شەھەر ھۇجۇم بىلەن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭ ئاھالىسى سىنالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. جۇۋەينى ھېكايە قىلدۇكى، بىر خوتۇن ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتىلىدىن شەپقەت تىلەپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرغان، ئۆزى يۇتۇۋالغان قىممەتلىك دۇرى ـ گۆھەرنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان، موغۇل شۇ ھامان ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ راستتىنلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۇرى ـ گۆھەرنى كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مېيىتلەرنىڭ قارنىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈلگەن.

تېرمىزدىن كېيىن بۇزۇش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشقا كونكۇرت ھەم سامان (شەھرىسەبز) ناھىيىلىرىگە نۆۋەت كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەيھۇن ۋەسەيھۇن بويلىرىدىكى يەرلەر تامامەن خاراب قىلىندى. بۇ يەرلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىراقتىكى بۇرجەكلىرى ھېسابلىناتتى. بايلىققا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن ۋەھشىيلەر باسقۇنچىلىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. موغۇللار ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ مەككىسى «قۇببەتۇل ئىسلام» دەپ ئاتالغان 1200 مەسچىتى بار

بەلخنى، ئاخىرى تولقان، ھىرات ۋە بۈيۈك سودا شەھىرى مەرۋەلرودنى، مەدرىسلىرى بىلەن مەشھۇر مەرۋىنى مەغرۇر نىشاپورنى خاراب قىلدى. ئەلۋەتتە، موغۇللارنىڭ بۈيۈك رەيدىكى، شىراز، ئىسپاھاندىكى ۋەھشىيانە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇخارا تارىخىغا تەئەللۇق ئەمەس. ئەمدى بىز ئاخىرقى خارەزمشاھنىڭ ھالاكىتىنى بايان قىلىمىز ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىز زوراۋانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ھەم غەلىبىلىرىنىڭ باش سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

سۇلتان قۇتبىددىن مۇھەممەد موغۇللار ھىمايىسىدىكى سودىگەرلەرنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، خارەزمگىمۇ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان ھۆكۈمدارلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەستخۇش بولغان ھالدا گىدىيىش ۋە غەپلەت بىلەن پەقەت مەئىشەتكىلا بېرىلدى. ئۆمرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھىجرىيىنىڭ 612 (مىلادىيە 1215) ـ يىلى، شەئباننىڭ 8 ـ كۈنى بۇخاراغا كەلدى. بۇ يەردە يېشىل چىمەنزارغا چېدىر قۇرۇپ مەۋسۇمنىڭ لەززىتىگە بېرىلدى. كېيىن بۇخارادىن سەمەرقەنتكە ئۆتتى. دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزى ھەققىدە، يەنى جوجى قوماندانلىقىدىكى ئوترارىدىن جەندكە ھۇجۇم باشلىغان قوشۇن ھەققىدە خەۋەر ئالدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن جەندكە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئۇ شۇ يەردە جوجىنىڭ ئارقىدىن موغۇل پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭغا قارىماي سولتان مۇھەممەد جوجى بىلەن جەڭ قىلدى. بىرىنچى توقۇنۇشتىلا قارشى تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ قەھرىمانلىقى توغرىسىدىكى بەزى ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئىشەندى. ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي ئۇ پەقەت ئوغلى جالالىددىننىڭ قەھرىمانلىقى سايىسىدە مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇپ، سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلدى. يېقىنلىشىۋاتقان خەۋپتىن تەشۋىشكە چۈشكەن سولتان مۇھەممەدنىڭ ئاۋۋالقى گىدىيىشلىرى تېزدىن ئۈمىدسىزلىككە، قورقۇنچقا ئايلاندى. ئۇ خەۋپسىرىگەن ھالدا جەيھۇن ئارقىلىق خۇراسانغا ئۆتۈپ كەتتى. نىشاپورنىڭ مەشھۇر يايلىقىدا بۇرۇنقى مەئىشەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن تۇرماقچىدى. بەختكە قارشى سۇنتاي بىلەن چاپا ئۇنى تەھقىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، دەرھال يولغا چۈشتى. موغۇل سەردارلىرىنىڭ تەھقىبىي ئاستىدا، ئۇ ئالدى بىلەن رەيگە، ئۇنىڭدىن كېيىن مازەندىراننىڭ ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى ئاستىراباد يېنىدىكى ئابىشسۇكۇنغا بېرىپ، نىجادلىق تاپتى. ئۇ يەردىن ھەزەر دېڭىزىدىكى ئارالغا (ئوغۇرچەلى بولسا كېرەك) يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھشىي دۈشمەننىڭ ئىنتقام ئېلىشىدىن خەۋپسىز ئىدى. لېكىن،

موغۇللارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن ئائىلىسىنىڭ ئەلمىنى تارتتى. بۇ جايدا ھەممە خەلق تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ھالەتتە ھىجرىيىنىڭ 617 (مىلادىيە 1220) ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ شۇ قەدەر غېرىبانە ھالەتتە ئىدىكى كېيەن ئېلىشقىمۇ پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى كىيىپ يۈرگەن لىباسى بىلەن دەپنە قىلىندى.

ئۇ ئاۋۋال سەلتەنەت ۋارىسى دەپ بەلگىلەنگەن ئەفلاكشاھ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قەھرىمان ئوغلى جالالىددىننى تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ پادىشاھلىقنى قولىغا كىرگۈزگۈچە ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قىلىچ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ خارەزمدىن ھىرات ۋە غەزنىگە باردى. بۇ يەردە كۈچلۈك ئەسكىرى قوشۇن توپلىدى ۋە ئىككى قېتىملىق جەڭدە موغۇللارنى يېڭىپ، ئۇلارغا چوڭ تالاپەت كەلتۈردى. چىڭگىزخان تولقان شەھىرىنى قامال قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يولدا توختاپ قالغانىدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن ئۇ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە باميان ھەم كابۇل ئارقىلىق غەزنىگە قاراپ شۇ قەدەر تېز يۈردىكى، موغۇللارنىڭ ئاش پىشۇرۇشقىمۇ ۋاقت بولمىدى. لېكىن، ئۇ غەزنىگە كەلگەندىن كېيىن جالالىددىننىڭ 15 كۈن ئاۋۋال ھىند ساھىللىرىغا كەتكەنلىكىنى بىلدى. موغۇللار سەپىرىنى تېزلەشتۈرۈپ غەلىبە قىلغان شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەبلەخانە غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. جالالىددىن ئادەتتىكىدەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. ئۇ غەزەپلەنگەن ئارسلان كەبى دۈشمەنگە گاھى ئوڭ، گاھى سول تەرەپتىن بەزىدە دەل ئوتتۇرىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر موغۇللار ئۇنى قورشاپ ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئېتى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۈچىنچى قېتىم ئاتقا مىنىۋاتقاندا موغۇللار ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ھىندى دەرياسىنىڭ 10 ئارشىنلىق (ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى) بۇيۇك ساھىلىدىن سۇغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قارشى قىرغاققا سالامەت يېتىۋالدى، بۇنى كۆرگەن موغۇللار ئۇنىڭ كەينىدىن سۇغا تاشلانماقچى بولۇشقانىدى، لېكىن جالالىددىننىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران قېلىپ، قاتتىق تەسىرلەنگەن چىڭگىزخان بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تەھقىپ قىلىشنى قوغلاشنى مەنئى قىلدى ۋە ئۆز ئوغۇللىرىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى : «بۇنى قاراڭلار، ئاتىنىڭ بالىسى شۇنداق بولۇشى كېرەك». ئاخىر چىڭگىزخان تەرىپىدىن يۈكسەك پىكىردە بولغان سولتان مۇھەممەد جالالىددىننىڭ بۇرادەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ھىند دەرياسىغا تاشلانغان خەزىنىلىرى غەۋۋاسلار تەرىپىدىن سۈزۈپ ئېلىندى. ئۇنىڭ ئائىلىسى چىڭگىز ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. شەپقەتسىز ۋە مەرھەمەتسىز غالىب ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى ۋە ئاياللىرىنىڭ قولىدىكى بوۋاق

باللىرىنىمۇ جاللات قىلىچى ئاستىغا ئالدى. ئەڭ ئاخىرقى خارەزمشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇ تەرىقىدە ھىجرىيىنىڭ 618 (مىلادىيىنىڭ 1221) ـ يىلى ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن 140 يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە سالجۇقىيلاردىن شەۋكەت ۋە سائادەتمەنلىكى جەھەتتە كەم بولمىغان بىر خاندانلىق ھالاك بولدى !...

شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىز ماۋەرائۇننەھرگە قايتتى. بىر ئاز ۋاقىت سەمەرقەنتتە تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىگە يولۇپ كەتتى. ھىجرىيىنىڭ 621 (مىلادىيىنىڭ 1224) ـ يىلى چاقىرىلغان قورۇلتايدا ئىمپېرىيىسىنى ئوغۇللىرىغا تۆۋەندىكىچە تەقسىم قىلىپ بەردى. جۇڭگو ۋە موغۇلىستان ئوكتايغا بېرىلدى، چۈنكى چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. چاغاتاي ئۇيغۇرلار ماكانىدىن خارەزمگىچە بولغان جايلارنى ئالدى. تۈركىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى. جوچى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن باتۇ خارەزم، دەشتى قىپچاق ۋە دەربەندكىچە بولغان ئۆلكىگە ھۆكۈمران بولدى. تولى بولسا خۇراسان، ئىران، ھىندىستاننى ئالدى.

چىڭگىز 70 ياشقا كىرگەنلىكىگە قارىماي تاڭغۇتقا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. چىڭگىزخان ئەنە شۇ يۈرۈش ئۈستىدە ھىجرىيىنىڭ 624 (مىلادىيىنىڭ 1226) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە ئۇرۇشقا ھەۋەس قىلغان ئىزلىرىنى قىلىچ ۋە ئوت يالقۇنلىرى ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن ئاسيادا مەڭگۈ قالدۇردى. خۇسۇسەن ماۋەرائۇننەھر ئۈچۈن ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدىغان ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ ئاھالىسىنى قىرىپ تۈگەتتى. كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان شۇنداق بىر زېمىننى شۇنداق بىر ۋەيرانە ھالەتكە چۈشۈردىكى، بۇ ۋەيرانلىق ئۇنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى ۋە ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

دەرۋەقە، ئاسىيانىڭ ھېچبىر يېرى موغۇل باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى جەيھۇن ۋە سەيھۇننىڭ ئارىلىقىدىكى ئەللەرگە ئوخشاش دەھشەتلىك دەرىجىدە ھېس قىلمىدى. بىنكەند، قوقەنت، جەند، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە گوبى چولى ۋەھشىيلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزى ئىنتايىن پاجىئەلىك بولدى. چۈنكى، بۇ ۋەھشىيلەر ماۋەرائۇننەھردە سانائەت، تىجارەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپ قىلغان ئورۇنلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاجايىپ ئۇسۇللىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تالان ـ تاراج قىلىش ۋە زورلۇق قىلىشقا نىسبەتەن چاڭقاقلىقىنى ئەنە شۇ يەردە قاندۇردى. بۇنىڭغا ئىلاۋە سۈپىتىدە

ئىدىل (ۋولگا) بويلىرىغىچە، پورت ساھىللىرىغىچە، ھىندى ئۆلكىسىگە ھەم بەسرە كۆرپىزىگە يېرىتقۇچ مۇغۇل سەردارلىرىنىڭ بىرنەچچە ئون يىللار مابەينىدە داۋام قىلغان ئىستىپلالىرىدا ماۋەرائۇننەھر بۈيۈك يول بولۇش ۋەزىپىسىنى بىجىردى. بەش يىل مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناھايىتى باي، بۈيۈك سودا يولى — ياۋرۇپاغا، غەربىي ئاسىياغا خىتاي ۋە ھىندىستاننىڭ مال ۋە گەزلىمىلىرى تۇشۇلىدىغان مەشھۇر سودا يولى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى دېيىلسە ئەجەبلىنەرلىك بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مۇنبەت تۇپراقلىق جايلار پۈتۈنلەي يارامسىز جايلارغا ئايلاندۇرۇلدى. پۈتۈن ئىسلام ئالىمىدە داڭ چىقارغان قورال – ئەسلىھەلىرى سانائىتى، ئېسىل يىپەكچىلىك سانائىتى، زىننەت شىشە ئىشلەش سانائىتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس. شەھەرلەر پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. دېھقانلار ئۇرۇشتا ئۆلگەن موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەندى. ھۈنەرۋەنلەر غالىب موغۇللارنىڭ بوش قالغان ۋەتىنىنى بېزەشكە مەجبۇرلىنىپ، يىراق شەرققە ئەۋەتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن ئىلىم – پەنگە نىسبەتەن قىلىنغان زىيانكەشلىكمۇ ئاز بولمىدى. «ئىلىم دەرىخىنىڭ ئاساسىي مەككىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى خۇراساندا پىشىدۇ» دېگەن ئەرەب ماقال – تەمسىلى بار. ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىدىكى بۇ ماقال ھازىرقى كۈن ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ماۋەرائۇننەھر موغۇل تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كەلگۈچە مۇسۇلمان ئاسىياسىنىڭ مەمۇرچىلىق دەۋرىدە ئۆزىگە خاس مۇھىم ئورۇن تۇتقاندى. نىشاپور مۇشۇ دەۋرلەردە ئىراننىڭ فازىللىرى توپلانغان جاي ئىدى. مەرۋى مەدرىسلىرى يىراقتىن كەلگەن تالىپلار بىلەن تولغاندى. لېكىن، سەمەرقەنت، بۇخارا ھەم ئۆرگەنچلەر كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئىلىم – مەدەنىيەت بابىدا ئۆزئارا مۇسابىقە قىلىشاتتى. ماۋەرائۇننەھر شەھەرلىرى بالاغەت، سەرف – نەھۋى (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) شېئىرىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتلەردە ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، موغۇل ئىستىپلاسىدىن كېيىن، مەنىۋى ھايات كۆپ زىيان زەخمەتكە ئۇچرىدى. ئىران ۋە باشقا غەرب ئۆلكىلىرى چىڭگىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەدەنىيەت جەھەتتە ئازراق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەتتا ئۇلاردا يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. ئەمما، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەنىۋى ھاياتىنى ئازراقمۇ تىكلىيەلمىدى. ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى قازىلىق ئىشلىرى، تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە دىنغا ئىنتىلىش بىلەن بولدى. بۇ بەختسىزلىكنىڭ باش سەۋەبكارى موغۇللار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئورۇنلارغا

باستۇرۇپ كىرگەندە شەھەرلەردىكى ئىلىم ـ پەن، سودا ـ سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى بەكمۇ ئازايتىۋەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركلەر كۆپچىلىك نىسبەتنى تەشكىل قىلاتتى. ساپ تۈرك يەرلىرىدە، مەسىلەن ھازىرقى خىۋا ۋە قوقەنتتە سالجۇقىيلار ئەسرىدە خەلق تىلى پارسچە ئىدى. گەرچە ئاھالە ئۈستىگە سەھرادىن باستۇرۇپ كەلگەن مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ تۈرك مىللەتلىرىنى يوقىتىش غەرىزى ئەمەلگە ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلماي بۇ ھەرىكىتىنى يەنىمۇ تېزلەشتۈردى. مانا شۇنىڭ ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ جەيھۇن بويىدىكى يەرلەرگە كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ زىيىنى ھېسابلىنىدۇ.

موغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كەلسەك، ئۇ جەھەتتە چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئىككىنچى تەرەپتىن، موسۇلمان ئاسىياسى، جۈملىدىن ماۋەرائۇننەھر مەملىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق ئىدى. چىڭگىزنىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدىكەن، مۇسۇلمان ئەسىرداشلىرى ئۇنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي ۋە ئىستىلاچىلىقتا ھەۋەس قىلغان ماھىر بىر سەركەردە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشمەي تۇرالمايدۇ. ئەسلىدە ئۇ تەلتۆكۈس مەنىدىكى ئىستىلاچى ۋە قانۇنچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياساق ـ قانۇنلار توپلىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ھەربىي كېڭەشنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئىسلام ئاسىياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يات نەرسە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خارەزمشاھلارنىڭ تەشۋىشلىك ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىدا دىنىي تەبىقىلەرنىڭ تەڭلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر. (جۇۋەينى چىڭگىزخان بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى ئۈچۈن 40 مىڭ مىسقال دىيەت (خۇن پۇلى)، ئەمما بىر خىتاينىڭ بېشى ئۈچۈن بىر ئۇزۇن قۇلاقلىق ھايۋان تۆلەشنى قارار قىلغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت بەلكىم ئورۇنسىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، باشقا رىۋايەتلەر پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭگىز ۋە ئۇنىڭ خانلىرىدىن بەزىلىرى ناسرانىي، موسۇلمان ۋە بۇددىستلارنى بىر ـ بىردىن پەرقلەندۈرمىگەن. مەسىلەن، ماۋەرائۇننەھردە ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمان نائىبلىرى تەيىنلەنگەنىدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر (بۇتقا چوقۇنغۇچى) راھىبلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ھەتتا قۇبلاي تەرىپىدىن بىر ئەجنەبى ناسرانىي بولغان ماركوپولۇ مۇھىم بىر ۋەزىپە بىلەن كىرمانغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى.

موغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا كەلسەك، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەرق تارىخىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە موغۇللار ئىنتايىن قاتتىق كۆڭۈل، ۋەھشىي، تەلۋە قىلىپ، كۆرسىتىلىدۇ : «موغۇللار بەزمە يىغىلىشلاردا يىغلايدىغان، ئۇرۇش ۋاقتىدا كۈلىدىغان، باشلىقلىرىنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرىدىغان، ئاچلىق ۋە سوغۇققا قانائەت قىلىدىغان، ئۇرۇشتا چىداملىق، دەرد ـ ئەلەمگە سەۋرچان تىنچلىق ۋە راھەتنىڭ لەززىتىنى چۈشەنمەيدىغان خەلقلەردۇر. موغۇللار قوراللىرىنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى روھ ۋ قەلب جەھەتتە بىر خىل، تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەكتە تەكەللۇپسىز كىشىلەردۇر. رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ئاياللارنىڭ ھامىلىسىنىمۇ سويۇپ تاشلايدۇ. دەرياغا توغرا كەلسە كۆن تاغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياكى ئاتلارنىڭ دۈمبىسى ۋە يايلىسىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزۈپ چىقالايدۇ ۋە ھاكازا»

چۈشىنەلەيمىزكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغاندا يۇقىرىقىلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۇنچىۋالا يىراق ئەمەس دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. ھەرھالدا شەھەرلەردىكى ئىران ئۇنسۇرلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئاھالىنىڭ ھەرب بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمى موغۇللارغا نىسبەتەن بەكمۇ زەئىپلەشكەنىدى. بۇنىڭغا يەنە بىر بەختسىزلىكنى ـ ئىرانىيلار بىلەن ھېچقاچان ئەستايىدىل قوشۇلمىغان تۈركلەر سولتان مۇھەممەد لەشكەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغىنى ھالدا ئۆزلىرى كۆپىنچە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ چىڭگىز تەرىپىگە ئۆتكەنلىكىنى ئىلاۋە قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا خارەزمشاھنىڭ ئىستىبداتلىقىغا قارىتا نارازىلىقى ياكى تالان ـ تاراج قىلىشقا ھەۋەس قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى قەبىلىداشلار سەۋەبچى بولغان.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئىنقىرازغا ئۇچرىغان ماۋەرائۇننەھر ئۈستىدىن موغۇللارنىڭ شۇنچىلىك شانلىق غەلىبە قازانغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

## ئەمىر تېمۇر
## ھىجرىيىنىڭ 736 ـ 807 (مىلادىيىنىڭ 1333 ـ 1405) ـ يىللىرى

ئوتتۇرا ئاسىيادا موغۇللار ئىستىلاسىنىڭ ئاقىۋىتىدە قوۋملارنىڭ ھاياتى ئۆزگەردى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممە جايلىرىدا تۈرك ئەللىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. تەڭرى تېغى دالالىرىدىن، ئالتاي تاغلىرىدىن تۈركلەر موغۇللارنىڭ ئىنتىپاقچىلىرى

ۋە ياردەمچىلىرى بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار جەيھۇن ساھىلىدا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىداشلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ـ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان تۈركلەر ـ بىلەن تېپىشتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئاسانلا ئورۇنلىشۋالدى. ئۇلار ناھايىتى تەجرىبىلىك جەڭچىلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ساراي تەنتەنىلىرىگە قاتناشتى، قەتل قىلىش ۋەيران قىلىش ئىشلىرىدا چاغاتاي تەرەپدارلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. چاغاتاي تەرەپدارلىرى كونا ئىران مەدەنىيىتىگە نەپرەت بىلەن قارىغانلىقتىن مەملىكەتلىرىنى يىراق شەرقتىن يىراق شىمالغىچە بولغان جايلارغا كېڭەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ماۋەرائۇننەھىردە باشتىن ئاياغ ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ۋەكىللىرى ئورنىدا تەيىنلەندى. كېيىنرەك ئۇلار چاغاتايلارغا نىسبەتەن غەيرىي رەسمىي خاجايىن نوپۇزىغا ئىگە بولدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موغۇل تىللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ تۈركچە تىلنى ساراي تىلى ۋە جانلىق تىل ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا باشلىدى... چاغاتاي پادىشاھلىقى پارچىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەمەرقەنتنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا سولدۇز قەبىلىلىرى بىرىنچى بولۇپ ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. جەنۇبى تەرەپتە بولسا موغۇل ھاكىمىيىتى خارابىلىرى ئورنىدا (نەخشەب ۋە كېشتە) بارلاس قەبىلىلىرى ئازادلىق بايرىقىنى تىكلىدى.

بارلاس ئۇرۇقىنىڭ كۆرەگان تارمىقىدىن تېمۇر بەگنىڭ مەيدانغا چىقىشى بۈيۈك بىر ۋەقە بولدى. بۇ شەخس ياۋروپادا تەمۇرلەن ياكى تېمۇرلەڭ نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 736 (مىلادىيەنىڭ 1333) ـ يىلى شەئبانىنىڭ بېشىدا، سەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن، قىشنىڭ بىردىنبىر كۆكلەمزار جايى بولغانلىقى ئۈچۈن «شەھرىسەبز» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان مەھەللىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن پۈتۈن شەھەر شۇ نام بىلەن ئاتالدى. تېمۇرنىڭ ئاتىسى تورغاي بارلاس ئۇرۇقىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەمىر قازغاندىن كىش ۋە نەخشەب ۋىلايەتلىرىنى ئالدى. ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر شۇ جايغا مۇخلىس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوغلى تېمۇر بولسا بالىلىق چېغىدىن تارتىپ مۇسۇلمانچىلىق روھ بىلەن ھەم ئات ئۈستىدە تەربىيىلىنىپ، موغۇللارنى تارمار قىلىش پىكرى بىلەن چوڭ بولدى. تارىخچى ۋە مەدھىيىچى شەرەفىددىنگە تامامەن ئىشەنچ بىلەن قارىمىساقمۇ، تېمۇرنىڭ ياشلىقىدىن تارتىپ ئىززەت، نەپسلىك بولغانلىقىنى ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى بۈيۈكلىكىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. تېمۇر ئۆزىنىڭ تەرجىمھالىدا : «مەن 10 يېشىمدىلا ئۆزۈمدە پەۋقۇلئاددە ھۆكۈمرانلىق، ۋە بۈيۈكلۈك ئالامەتلىرىنى ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەربىر كىشىنى

بىلىنەرلىك دەرىجىدىكى غۇرۇر ۋە لاياقەت بىلەن قوبۇل قىلدىم. 18 يېشىمدا ئۆزۈمنىڭ ئات مىنىش ۋە ئوۋچىلىق ھۈنىرىم ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۆمۈرۈمنى قۇرئان ئوقۇش، شاھمات ئويناش، ئات مىنىش مەشىقلىرى بىلەن ئۆتكۈزدىم» دەيدۇ. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۇنى بالاغەتكە يەتتى. دەپ ھېسابلاپ بىر كەنتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. كېيىنرەك تېمۇرگە ھەربىي تەلىم ۋە جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ كىشى يۇقىرىدا ئاتالغان ئەمىر قازغان بولۇپ، ئاتىسى تېمۇرنى ھىجرىيىنىڭ 758 (مىلادىيىنىڭ 1356) ـ يىلىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمىر قازغان تېمۇرنى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالىدۇكى ئۇ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ــ ئوغلى سەلەيخاننىڭ قىزى ــ ئولجاي تۇركان خاتۇننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى خۇراسانغا، ھۈسەيىن كەرراتقا قارشى سەپىرىدە ئۆزى بىلەن باراۋەر ئورۇندىكى مىكبېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ يۈرۈش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشىدۇ. لېكىن، قازغان شۇ تۇپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاتىل قولىدا ھالاك بولىدۇ. بۇ چاغلاردا تېمۇرنىڭ ئاتىسىمۇ ۋاپات بولغانىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق مۇسىبەت تېمۇرنى قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمدۈرگەنىدى. تېمۇر ئۆلتۈرۈلگەن ئەمىر قازغاننىڭ مەرىكىسىدە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ دوستلۇق تەكلىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ غەمخورچىسى بولغان كىشىنىڭ قاتىلىدىن قىساس ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ. مۇشۇ قاراردىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە باشباشتاقلىق بەكمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلۇسنىڭ مۇۋەققەت ھۆكۈمدارى تۇغلۇق تېمۇر ئۆز سۇلالىسىنى ھالاكەتتىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ، سەمەرقەنتكە قارشى ئالمىلىقتىن كۆپلىگەن لەشكەر ئارقىلىق يولغا چىقتى. ئۇ ئاسىيا ئەمىرلىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز ئەجدادىنىڭ پايتەختىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ئەمما، بەزى كىشىلەر، مەسىلەن تورغاينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلاس ئۇرۇقىنىڭ باشلىقى بولغان خوجا سەيپىددىن بارلاس خۇراسانغا كەتتى. لېكىن، ياش تېمۇر چاغاتايزادىلەر تەرىپىدىن لايىق كۆرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سارىيىغا خىزمەتكە كىرىپ، ئۆزىگە شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە كىش ۋىلايىتىنى ئالدى. تۇغلۇق تېمۇر ماۋەرائۇننەھردە تۇرغان پەيتتە تىنچلىق ئورنىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ شەرققە كەتكەندىن كېيىن تىنچ بولمىغان ئەمىرلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ يېڭى ئۇرۇشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئىستىقبالى جەھەتتىن ئاسىيانىڭ ئىگىسى بولماقچى بولغان كىشى بۇ شارائىتتا جىم تۇرۇۋالدى. تۇغلۇق

تېمۇر لەشكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنتكە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ئوغلى ئىلياس خوجىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. تېمۇرنى ئۆزىگە ئەڭ سادىق كىشى ھېسابلاپ، ئوغلىغا مەسلىھەتچى قىلىپ قالدۇردى. موغۇل شاھزادىسىگە مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسى تېمۇرگە ياقمىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئۇ بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن پەقەت كېيىنكى چوڭ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاش دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاھزادىنىڭ ۋەزىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ سارايدىن يوشۇرۇن رەۋىشتە چىقىپ كەتتى ھەم ئۆزىگە ساداقەتمەن بولغان بىرنەچچە كىشى بىلەن بۇخارا ۋە خىۋا مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەزەر دېڭىزىغىچە سوزۇلغان چۆلگە قاراپ ماڭدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتلار ئۇنىڭ جەڭ بىلەن ئۆتكەن ھايات يولىنىڭ باشلىنىشى، قاقاس چۆللەردە قاششاقلىق ۋە ھەممىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا ئېغىر سىناقلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، چېنىققان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. تېمۇر ئۆز خاتىرىسىدە ۋاپادار خوتۇنى ئولجاي بىلەن بىللە نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلەرنى ئاش ـ تاماقسىز، سۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بۇنداق سەرسانلىقنىڭ بىرنەچچە ئايغىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئاخىر تۈركمەنگە ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، تۈركمەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنى ئەسىر سۈپىتىدە ئېغىلغا سولاپ قويغانلىقىنى، بۇ جاينىڭ قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن تولغانلىقىنى ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردا ئەمىر ھۈسەيىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. تېمور ئۇلار بىلەن يولدا تاسادىپيي ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن بىرلىكتە ئاسىيانىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىللەش جەريانىدا ھەقىقەتەن چوڭ بىر مەكتەپنى تۈگەتكەندەك بولىدۇ. تېمۇر شۇ چاغلاردىكى بەختسىزلىكلەر جەريانىدا تاۋلىنىپ، كېيىن ناھايىتى شانۇ شەۋكەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بولالىدى. ئۇ يېقىنلىرى بىلەن بىرگە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يوشۇرۇن ھالەتتە كېشكە كەلگەنىدى. ئۇ جايدا ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى ۋە باللىق چاغلىرىدىكى دوستلىرىنى توپلاپ، ئامۇ دەريا ساھىللىرىدا قاراقچىلىق قىلىپ يۈردى. ئاخىر سەيىستانغا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ يەردە بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، بىلوۋلاردىن بىر ئىككى قەلئەنى ئالدى. بەزىدە يەنە تارتقۇزۇپ قويدى. مانا مۇشۇ خىل جەڭلەرنىڭ بىرىدە تېمۇر ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپ ئۆمۈرلۈك ئاقساق بولۇپ قالدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارسلار ئۇنى تېمۇرلەڭ، يەنى ئاقساق تېمۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ جاراھىتىنى داۋالاش بىلەن بولۇپ ماجرالاردىن چەتتە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ دوستى ھۈسەيىن بەلخنى ئىشغال قىلدى. تېمۇر تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىككىسى بىرلىشىپ ئادەم توپلاشقا كىرىشتى. تېمۇر تەرەپدارلىرىنىڭ سانى

تېزلىك بىلەن كۆپىيىپ 1500 كىشىگە يەتتى. ئۇ ئەمدى ئىلياس خوجا تەرىپىدىن ئۆزىگە قارشى ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا تاقابىل تۇرالايتتى. ھىجرىيىنىڭ 765 (مىلادىيىنىڭ 1363) ـ يىلىدا جەيھۇننىڭ سول تەرىپىدىكى قۇندۇز شەھىرىنىڭ يېنىدا ئۇلارغا قارشى بىرىنچى جەڭ بولۇپ، بۇ جەڭدە تېمۇر غالىب كەلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بەش ھەسسە كۆپ ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي تېمۇر ئىلىياس خوجىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەيھۇننىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە قوغلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جىتېلارنى توختىماي تەھقىپ قىلىش قوغلاش باشلاندى. نەتىجىدە چاغاتايلار ماۋەرا ئۇننەھردىن پۈتۈنلەي قوغلاندى.

بۇ چاغلاردا تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپات بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى سەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ــ ئالمىلىققا ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئىگىلەش مەقستى بىلەن كەتكەنىدى. بۇ ھال تېمۇرگە ئوڭايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەڭ ئاخىرقى موغۇللار ماۋەرائۇننەھردىن كەتكەندىن كېيىن تېمۇر سەمەر قەنتكە كىردى. ئاھالە ئۇنى سەممىيلىك بىلەن كۈتۈۋالدى. خۇشاللىق ۋە بايرام تەنتەنىسى باشلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە يوشۇرۇنۇپ ياشاۋاتقان خوتۇنى كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەمدى تېمۇر ئانا خەلقىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولدى. ئۇنىڭغا شۇ چاغدىلا تەختىگە ئولتۇرۇشقا تامامەن مۇمكىنچىلىك بار ئىدى. لېكىن، ئۇ مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن يەنە كۆپ توسالغۇلۇقلارنى يېڭىشى، كۆپلىگەن رەقىبلىرىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدى. خانلىق ئۇنۋانى ئېلىش بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىياس خوجا تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان چاغاتاي تەختىگە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى تارمىقىنىڭ ۋەكىلىنى ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. بۇ مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قابۇلشاھنى ھۆكۈمدار قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئابرۇيىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېلەچەكتىكى مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

توغرا، جىتېلار ماۋەرائۇننەھرنى ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. تېمۇر قىشنى سەمەر قەنتتە ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا جىتېلارنىڭ ئىلياس خوجا قوماندانلىقىدا تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. دەرھال دوستى ئەمىر ھۈسەيىنگە خەۋەر بەردى، ئۇ كۈچلۈك قوشۇنى بىلەن كېلىپ تېمۇرگە قوشۇلدى. تېمۇر قارار گاھىنى چىناز بىلەن تاشكەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇردى. ھۈسەيىن سىر دەرياسى كېچىپ تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە قارشى سەپ تارتتى. تېمۇر قوماندانلىقىدىكى ئوڭ قانات قوشۇن دۈشمەننى يېڭىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ئەمما، ھۈسەيىن رەھبەرلىكىدىكى سول قانات قوشۇن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت تېمۇرنىڭ ھەربىي ماھارىتى ۋە ئېھتىياتچانلىقى ئۇنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ ھال ئىككى دوست ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىپ ئۇلار رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قېلىشتى. نەتىجىدە بولار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللارغىچە توقۇنۇش بولۇپ تۇردى. ئاخىر ئەمىر ھۈسەيىن يېڭىلىپ، تېمۇر غەلىبە قىلدى. بۇ ئىش مۇنداق بولدى : جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن 3000 ئەسكەرنى قالدۇرۇپ ھەر ئىككى سابىق ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى ئۆز ئورنىغا چېكىندى. ھۈسەيىن سىر دەرياسىنىڭ ئىككىنچى قىرغىقىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختى سالسارايغا قايتتى تېمۇر قارشىغا چېكىندى. جېتىلار بولسا مەنىسىز رەۋىشتە جەنۇبقا ھەرىكەت قىلىپ، سەمەر قەنتنى قامال قىلىشۋالدى. ئەگەر ئۇلار شەھەرنى ئېلىۋالسا موغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى تەكرارلايتتى خالاس. ئەمما، بۇ ئورۇندا كەڭ تارقالغان «ئات ئۆلەتى» (پارس ۋاباسى) كېسەللىكى سەۋەبى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى يەلكىلىرىگە زورىغا يۈدۈپ، بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تېمۇر ئىككىنچى قېتىم ئىتتىپاق تۈزۈپ ھۇجۇم قوزغىغان بولسا موغۇل ھاكىمىيىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ياكى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، كونا سەپداشلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش ناھايىتى كۈچىيىپ كەتتى. ھىجرىيىنىڭ 767 (مىلادىيىنىڭ 1365) ـ يىلىدا تېمۇر ھۈسەيىنگە قارشى تۇرۇشقا ۋە شىمالدىكى جېتىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۈزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھۈسەيىن ئىگىلەپ تۇرغان مەملىكەت چوڭراق بولۇپ، ئاھالىسى تېمۇرنىڭكىدىن كۆپرەك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا تېمۇر دۈشمەننى ئاجىز دەپ ئويلىمىدى. ئالدى بىلەن شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە تەھلىكە سېلىش ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ كۆردى. تېمۇر دۈشمەننى بۇ يول بىلەن تىزلاتقا چۈشۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەنلىكتىن جەيھۇننىڭ نېرىقى ساھىلىغا ئەمىر موسىي قوماندانلىقىدا لەشكەر ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلار بېرىپلا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيىننىڭ ئۆزى سالسارايدىن ھەرىكەت باشلاپ، بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن جەيھۇننى كېچىپ ئۆتتى. دەريا ساھىلىدىكى بىتىك چاكچاك دېگەن جايدا قارارگاھ قۇردى. تېمۇر دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال قارشىغا كېيىن بۇخاراغا چېكىندى. بۇ يەردە ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ياخشىراق تونۇشماققا قارار قىلدى. تېمۇر ئۇلاردىن ياردەم تەمە قىلاتتى. بۇ جايدىكى ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ماۋەرائۇننەھرنى ۋاقىتلىق ھۈسەيىنگە قالدۇرۇپ ئۆزى

غەربىي خوراسانغا ھۇجۇم قىلىش باھانىسىدا دۈشمەن تەھقىبىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى. ھۈسەيىن شۇ سائەتتىلا بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى.

... ئۇلار قورالىنىپ ھۈسەيىن ئەسكەرلىرىگە قارشى چىقتى. ھۈسەيىننىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۇلارنى ئورىۋېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. يېڭىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئىمكانىيەت قالمىدى. ھۈسەيىن ئەسكەرلىرى ماۋەرائۇننەھرنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن بىر ۋاقىتتا، تېمۇر پۈتۈن قىش بويى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋالدى. بۇخارادا جەيھۇننى كېچىپ ئۆتۈپ، قەھرىمانلارچە ھۇجۇم بىلەن قارشى، سەمەرقەنت ئەتراپىدا ۋە تاشكەنت يولىدا ناھايىتى ئاز، لېكىن غەيرەتلىك كىشىلەر بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ جەڭلەردە ئۇنىڭ ئوغلى جاھانگىر چوڭ جاسارەت كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىنتىپاقچىلىرى كەيخۇسراۋ جالائىرىيلارنىڭ ياردىمىنى كۈتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشكەندى. كەيخۇسراۋ ئۆزىنىڭ قىزىنى جاھانگىرگە بەردى. تېمۇرنىڭ ئۆزىگە بولسا ياردەمچى ئەسكەر قوشۇنىنى ئەۋەتتى. تېمۇر ئاشۇ قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى جەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى. ۋە سەيھۇن تەرەپكە قاراپ قىستىدى. رەقىبىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ غەلىبە يېتەرلىك ئىدى. ئەمما، جالائىر ئۇرۇقى بىلەن بولغان ئىتتىپاق ھۈسەيىنگە چوڭ خەۋپ كەلتۈردى. شۇڭا، ھۈسەيىن ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى سۈلھى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. تېمۇر ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. سەۋەبى ئۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ تاشقى ئىشلىرىغا كۈچ بىلەن ئارىلىششىنى مۇۋاپىق كۆرمەيتتى ياكى تېمۇر مەدھىيىچىلىرىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا مومىنلەر ئارىسىدا بىر – بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ (ياغمىنىڭ) داۋاملىششىنى خالىمايتتى. قانداق بولۇشىغا قارىماي سۈلھ تۈزۈلدى. ھەتتاكى ھۈسەيىننىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن بەدەخشان ئەمىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تېمۇرنىڭ ئۆزى جەيھۇننىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى. سۈلھىنى مۇستەھكەملەش كابۇلنى ئىگىلەش بىلەن مەملىكەتنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ھۈسەيىن بىلەن تېمۇردىن ئىبارەت ئىككى رەقىب بىر – بىرىگە قارشى ھەربىي يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشالمىدى. جىتېلار يۇقىرى سەيھۇنغا تاجاۋۇز قىلىپ يەنە تەھدىتىنى باشلىدى. تېمۇر ئۇلارنى تەھقىپ قىلىپ بەدەخشاندىن كەتتى ۋەجىتېلارنى قوغلىدى. لېكىن، شۇنداق پەيتتە ھۈسەيىن ئىختىلاپنى توختىماي كۈچەيتىپ، رەقىبىنى يەنە قولىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. تېمۇر بەلخقە يۈرۈش قىلغاندا

ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا ھۆسەيىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار شەرەپىددىننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ھۆسەيىننىڭ دائىملىق ۋەسۋەسىلىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغانىدى. ئەمما، ئېھتىمالكى ئۇلار تېمۇرنىڭ ئامىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالغانمىدۇ؟ ھۆسەيىن بۇنىڭغىمۇ ئېتىبار قىلماي جان جەھلى بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى شۇ بولدىكى، بەلخ كۈچ بىلەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ھۆسەيىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋال مۇنداق يۈز بەردى. ئۇ باش ئېگىپ قەلئەدىن چىقىپ، غالىب رەقىبىنىڭ لەشكەرگاھىغا كەچۈرۈم سوراپ باردى. ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن تۆۋا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھايات قالدۇرۇلۇشىنى تىلىدى. مىرخانىدنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، «ھاجى بولۇش ئۈچۈن، كەئبىگە بارماقچى ۋە ئۇ يەردە ئۆز گۇناھلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيماقچى» ئىدى. تېمۇر بۇنىڭغا نىسبەتەن ئالىيجانابلىق كۆرسىتىپ، سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ئاكىسىنى ئەپۇ قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سارىيىدىكى تۆرىلەر ھۆسەيىننىڭ سەۋەبى بىلەن تارتقان ئازاب – ئوقۇبەتلىرى ۋە تەھقىپ قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇلار ھۆسەيىننىڭ ھاياتىغا قەست قىلدى. تېمۇر بۇنىڭغا ئۇزاق مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە رازىلىق بىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياشلىقىدىلا بىللە قورال تۇتقان دوستى، بەختسىز رەقىبى مۇناردىن ئەنە شۇنداق ئىرغىتىپ تاشلاندى. ئۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئەنە شۇ جايغا قېچىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 771 (مىلادىيىنىڭ 1369) – يىلى سادىر بولدى.

ئەمدى تېمۇرنىڭ رەقىبى قالمىدى. ئۇنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرى جۈملىدىن شەرقتىكى جېتىلارمۇ قوغلاندى. تېمۇر ئەمدى پەقەت ناملا بار قورچاق پادىشاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك شاھلىق تاجىسىنى كىيىشنى ئويلاشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇ ئەلا شەرەپكە ئۆز يولى بويىچە، مىللەت مەجلىسى – قۇرۇلتىينىڭ سايلىمى ئارقىلىق ئېرىشىشنى خالايتتى. چىڭگىزخاندىن كېيىن نەچچە ئەسىر ئۆتكەندە تېمۇرگە نېسىپ بولغان بۇ نادىر قەيسەرلىك (سىزارلىق) خىيالىنى شەرققە خاس مۇراسىملا ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بەلختە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا قەدىمكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۆرىلىرى، تېمۇرنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى بىللە قورال تۇتقان سەپداشلىرى، تېمۇرنىڭ بۇرۇنقى دۈشمەنلىرىمۇ ھازىر بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمىر شەيخ مۇھەممەد، بايان سولدۇزى، ئەمىر ئۇلجايتو، كەيخۇسراۋخەتتەلانى، ئەمىرداۋۇد دوغلات، ئەمىر ساربۇغاي جالايىر، ئەمىر

جاقوبارلاس، ئەمىر زىندە ھاشىم ۋە باشقا مۆتىۋەر تۆرىلەر بار ئىدى. تېمۇر قەدىمكى تۈرك ئادەتلىرى بويىچە ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تېمۇرنىڭ پىرى ھېسابلانغان سەئىد بەراكە دۇئايى فاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەمىرى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 771 ـ يىلى رامىزاننىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادىيىنىڭ 1369 ـ يىلى 8 ـ ئاپرىل) ئىدى. تېمۇر ئۆز يېقىنلىرىغا قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملارنى ھەدىيە قىلدى. يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنى چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلدى. جەيھۇننىڭ بۇ تەرىپىدە ھاكىمىيەتنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن، سەمەر قەنتنى پايتەخت قىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ ئۇ ساھىلىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، سەمەرقەنت شەھىرى تېمۇر ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ سەپەر مۇشەققەتلىرىدىن كېيىنكى ئىستراھەت قىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى. ئاسىيا دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك مەملىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بارلىق غەنىيمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ شەھەرگە توپلاندى.

تېمۇر باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھالىدىن كەتكەن بۇ مەملىكەتتە قانۇن ۋە تەرتىپ ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىسلام مۇخلىسى بولۇشىغا قارىماي، چىڭگىز نىزاملىرىغىمۇ ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. بۇ قانۇنلار تۇران ھاكىمىيىتىنىڭ ھېكمەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولغانلىقتىن، تېمۇر ئۇنى لايىق تاپقانىدى.

تېمۇرنىڭ قانۇنغا بولغان ئىنتىلىشى،ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئورۇننى مۇسۇلمان روھانىيلىرىدىن ھىمايە قىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى. بۇ مەملىكەتنىڭ ھەربىيلىرى ئارىسىدا ئىنتىزام جەھەتتە موغۇل جاھانگىرىنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) ئالىيجانابلىقىغا تەقلىد قىلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن تۆۋەندىكىدەك مەنسەپلەر تەسىس ئېتىلگەنىدى. تۈمەن ئاغاسى (ئون مىڭبېشى)، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى. سىياسىي مەمۇرىيەتمۇ بۇرۇنقى بويىچە بولدى. پەقەت سېلىق سېلىش قائىدىسى قۇرئان تەلىماتلىرىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى. تۈرلۈك مەنسەپلەرنىڭ ئاجايىپ پەرقلىرى، ساراي مۇراسىملىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى پۈتۈنلەي سالجۇقىيلار ۋە خارازمشاھلىرىنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئۇيۇشتۇرۇلدى. بەگلەر بېگى ياكى ئەمىرول ئۇمەرە مەنسەپلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بۇ بىرىنىڭ سەردارى ئەكرەمگە، «گېنېرال لىسمۇس» دېگەن ھەربىي ئۇنۋانغا باراۋەر كېلىدۇ. چوڭ قىزىل بايراق ئۇنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئات يايلىسى بىلەن باغلانغان

ئۇزۇن نەيزە ئون مىڭبېشىنىڭ تۇغى، ئىككى تەرىپىگە كوكولا ئېسىلغان ناغرا يۇزبېشىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىناتتى. پۈتۈن ئىگەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تەبىل ئېسىپ قويۇلۇشى، سەلتەنەت مەمۇرلىرى ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى، دېھقانلارغا شەپقەتلىك بولۇشى، سودىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى تەكىتلەندى. قوشۇن مەمۇرلىرىغا ئاھالىنى ئۇزۇن – تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش تاپشۇرۇلغاندىن سىرت، ھەربىر ئاتلىقنىڭ ئىككىدىن ئېتى بولۇشى، ساداقلىرىنىڭ ئوقلىرى تولۇق بولۇشى، قىلىچى، جەڭ پالتىسى، ھەرىسى ۋە 10 دانىدىن يىڭنىسىنىڭ بولۇشى، ئوفىتسىرلارنىڭ ھەربىي تاكتىكىنى پىششىق بىلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەر ھازىرمۇ ئۆزبېك سىپاھلىرى ۋە تۈركمەن سەردارلىرى ئۈچۈن پەرھىز ھېسابلىنىدۇ. ئاددىي ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكىرى نىزاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى، جەڭدە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان دىۋە يۈرەك بولۇشى، ھاياتلىق تەلەپ قىلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. ئەمەلىيەتتىمۇ تېمۇر ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تەسۋىرلەپ كۆرسەتكىنىدەك ۋەھشىي ئەمەس ئىدى. «تېمۇر تۈزۈملىرى» دىكى مەلۇماتلار ۋە مەملىكەتنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تەرتىپلىرى بۇ پىكىرىمىزنىڭ ئېنىق دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەمۇرىيەت بېشىدا دىۋان بېگى (باش مىنىستىر)، ئۇنىڭ يېنىدا ئەرك بېگى (مۇراسىملارنى باشقۇرغۇچى) ۋە تۆت ۋەزىر قويۇلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، يەرگە سېلىنىدىغان سېلىقلار، بولۇپمۇ چېگرا بېجىنى يىغىش ۋە مىرشاپلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى، ئوزۇق – تۈلۈكى ۋە باشقا تەمىناتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەسكىرى شەخسلەرنىڭ ھەرخىل لاۋازىمىتى، ئۇلارنى مەنسەپلەرگە تەيىنلەش ھەم ئۇلارنىڭ مىراس ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاساسلىقى خاقان سارىيىنىڭ خىراجەتلىرىنى باشقۇرىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان پەيتلەردە، ھەرخىل سېلىقلارنى يىغىش ۋاقتىدا، كىشىلەرگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشى شەرت دەپ بەلگىلىنىپ، قامچا قاتارلىق جازا قورالللىرىنى ئىشلىتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغان. بۇ توغرۇلۇق تېمۇرنىڭ ئۆزى مۇنداق دەيدۇ : «ھەربىر ۋالى ئۆزىنىڭ قامچىسىغا ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇ تۆرىلىك لاياقىتىگە لايىق ئەمەس».

ھەقىقەتەن، 100 يىلغا يېقىن باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن مەملىكەتتە قانۇننى جارى قىلدۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىر – بىرلەپ ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا تۇغرا كېلەتتى. لېكىن، تېمۇر باشتىن ـ ئاياغ ئىشغالىيەت ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە قانۇننى ئىجرا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن خەۋپلىك دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ خەۋپلىك دۈشمەن جېتىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ۋەتىنىدىكى كۈچلىرى تېخى ھازىرمۇ مەلۇم دەرىجىدە قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى باشقىدىن ۋەيران قىلىش نىيىتى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ تېمۇرنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. ھىجرىيىنىڭ 772 (مىلادىيىنىڭ 1370) ـ يىلى تېمۇرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىدىلا جېتىلار ئۆز ئىختىيارسىز تەسلىم بولدى. تېمۇر سەمەرقەنتكە قايتتى. لېكىن، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا يېڭى ۋالى كېبىكتېمۇر پاراكەنچىلىك پەيدا قىلدى. سەمەرقەنتتىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن غالىب كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇلھ تۈزۈش تەلىپىگىمۇ قارىماي، تۆمۈر ئۆز قوماندانىنىڭ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، يېڭىدىن ئۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى ھەم ئۇلارنىڭ مەملىكىتىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆز جايىغا قايتتى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتتى. جېتىلارنىڭ خانى قەمرىددىن كۆكتۆپە ئەتراپىدا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، تېمۇرنى كۆچلۈك قوشۇن بىلەن كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە جېتىلار يەكسان قىلىندى. قەمرىددىن ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭ ھەرىمى ۋە خەزىنىسى غالىبلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھەرەم ئىچىدە ئۇنىڭ دىلشات ئىسىملىك گۈزەل قىزىمۇ بار ئىدى. تېمۇر بۇ قىزنى ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرى قاتارىغا قوشۇۋالدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ــ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋېلىش نىيىتىگە پەقەت بەشىنچى قېتىملىق يۈرۈشى ئارقىلىقلا ئېرىشەلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەمرىددىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ، مەملىكەتنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. تېمۇرنىڭ بۇ نىيىتى ھىجرىيىنىڭ 778 ـ (مىلادىيىنىڭ 1376) ـ يىلى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن بىزنىڭ قەھرىمانىمىزنىڭ نەزەر كۆزى خارەزمگە چۈشتى. تېمۇر ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى قارار قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە كات، خىۋاك ھەتتا پۈتۈن خارازم ئىلگىرى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى، دەپ دەۋا قىلدى. بۇ جايلارنىڭ ھاكىمى ھۈسەيىن سوپى قوڭىرات تېمۇرگە باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلىندى. تېمۇر ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ جايغا تاۋاچى ئەلقەمەنى ئەۋەتتى.

ھۆسەيىن ئۇنىڭغا : «مەن مەملىكەتنى قىلىچ بىلەن ئىگىلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قىلىچ بىلەن قولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ». دېگەن جاۋابنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى. بۇ جاۋاب جەڭگە ئامراق مەغرور تېمۇرنى قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ دەرھال خىۋاك ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرمەكچىدى. لېكىن، كىشلىك شەيخ جالالىددىن بۇ مەسىلىنى تەجرىبە سۈپىتىدە كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، يەنە بىر قېتىم سۈلھ تۈزۈشكە مەسلىھەت بەردى. بۇ تەقۋادار كىشىنىڭ مەسلىھتى بۇرۇنقىدەكلا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.

تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 773 (مىلادىيىنىڭ 1371) ــ يىلىنىڭ باھار مەزگىلىدە ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن خارەزمگە قارشى يۈرۈش قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا تەبرىكنامە ۋە كۆپلىگەن مەدھىيلەرنى ئېلىپ ھىرات خاقانىنىڭ ۋەكىللەر ھەيئىتى يېتىپ كەلدى. قىممەتلىك سوۋغاتلار ئىچىدە «كۆك ئوغلان» ناملىق بىر جەڭ ئېتىمۇ بار ئىدى. شەرق تارىخچىلىرى بۇ ئاتنى مەدھىيلەپ بولالمايتتى. بۇخارادىن كېيىنكى يول چۆل ــ جەزىرە ئارقىلىق باشلىناتتى. ئىنتايىن مۇشەققەتلىك قامالدىن كېيىن، ھازارەسىپ يېنىدىكى كات مۇشەققەتلىك قامالدىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. تېمۇر بۇ يەردىن خارەزمگە يول ئالدى. ھۆسەيىن سۇپى ئاشۇ يەردە ئىدى. بۇ شەھەر، كەيخۇسراۋ ۋە خەتتەلانىينىڭ خىيانىتىگە قارىماي خارەزملىقلار ئۇچۇق مەيداندا ئاشكارا جەڭ قىلىشنى خالىمىغاندىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. ھۆسەيىن مۇھاسىرە ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى يۈسۈپ سوپى سۈلھى تۈزدى. تېمۇر بۇ سۈلھىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلى جاھانگىرگە يۈسۈپنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى گۈزەل سۈيۈننى سوراپ تەكلىپ سۇندى. يۈسۈپ سوپى بۇ تەكلىپكە خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى. تېمۇر بۇ سەپەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشقانلىقىدىن شادلىنىپ ئارقىغا قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ خارەزمدىن كېتىش بىلەنلا يۈسۈپ سۈپى كەيخۇسراۋ ۋە خەتتەلانىينىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن گۈزەل سۈيۈن توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، ئەكسىچە تېمۇرگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 774 (مىلادىيىنىڭ 1372) ــ يىلى ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈش باشلاپ، بۇ قېتىممۇ غەلىبە قۇچۇپ قايتتى. گۈزەل سۈيۈننى نۇرغۇن بايلىق ۋە تويلۇق بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. توي مۇناسىۋىتى بىلەن سەمەرقەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن بايرام ئىنتايىن تەنتەنىلىك بولدى. لېكىن، جاھانگىر بۇ ئىشتىن كېيىن پەقەت ئىككى يىلغىچىلا ياشىيالىدى. تۈزۈلگەن سۈلھىمۇ ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. تېمۇر خارازەمگە قارشى ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا يۈسۈپ سوپىنىڭ

كاللىسىغا قىزىق بىر ئوي پىكىر كەلدى. ئۇ ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلىرىنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تېمۇر بىلەن يەككمۇ يەككە تۇتۇشۇش ئىستىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۈشمىنىگە قارىتا : «ئىككى ئادەم سەۋەبىدىن قاچانغىچە پۈتۈن خەلقئالەم جەبىر ـ جاپاغا مۇپتىلا بولىدۇ، ئىنسانىيەت ۋە مەملىكەتنىڭ خەيرلىكى ئۈچۈن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ مەيداندا بىرمۇ بىر ئېلىششىلىرىنى تەكلىپ قىلىمىز» دەپ خەت يازدى. تېمۇر بۇ تەكلىپتىن بەكمۇ خۇشال بولدى. سەيپىددىن بارلاس تېمۇرگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەھلىكىگە سالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، تېمۇر ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قارىماي، جەڭ مەيدانىغا بىرىنچى بولۇپ كەلدى ـ دە، ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۈشمىنىنى چاقىردى. لېكىن، يۈسۈپ سۈپى مەيدانغا چىقمىدى. ئۇ خەۋپسىرەش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەكلىپىدىن ۋاز كەچتى. ئومۇمىي يۈزلۈك ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 781 (مىلادىيىنىڭ 1379) ـ يىلى خارەزم قەلئەسى تېمۇر تەرىپىدىن قامال قىلىنغان پەيتتە يۈسۈپ سۈپى ۋاپات بولدى. غالىب تېمۇر ناھايىتى نۇرغۇن خەزىنىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ بۇ بايلىقلارنى ئۆلىمالار ۋە ماھىر ھۈنەرۋەنلەر بىلەن بىرگە كېش شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ غەلىبىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن بىر چوڭ ساراي بىنا قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئانا شەھىرىنىڭ يېنىدا قىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ ئىستىراھەت قىلدى ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولدى.

تېمۇر دۈشمىنى ـ قىپىنئاتىسى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە جىتېلارنى شەرقىي شىمالغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن كۆپ شىجائەت كۆرسەتتى. لېكىن، غەربىي خارازەمدىكى دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش بەكمۇ قىيىن توختىدى. چۈنكى، ئىككى سۈپىنىڭ مەخسۇس ئەسكەر كۈچلىرىدىن باشقا قىپچاق خانى، ئالتۇن ئورداخانى جۇجى ئۇلۇسىغا تەۋە بولۇش بىلەن ئۇلارغا يېقىن ياردەمچىلەردىن ئىدى. خارازم ۋە ساراي ھۆكۈمرانلىرى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى تېمۇرگە قارشى يوشۇرۇن بىتىم تۈزۈشكەنىدى. بۇ ئىتتىپاقداشلاردىن بىرىنىڭ ھالاكىتى ئىككىنچى ئۈچۈنمۇ پاجىئەنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. تېمۇر خارازمدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ، پۈتۈن تورانىنى ئۆز قول ئاستىغا بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، سەيھۇن ۋە جەيھۇن ئارىلىقىدىكى ئورۇن ئۇنىڭغا تارلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆرنەك ھېسابلىنىدىغان جاھانگىر چىڭگىزخانىنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىشى لازىم ئىدى. بۇ بەختىيار توران قەھرىمانى ئۆز يۇلتۇزىغا قاراپ، پۈتۈن جاھانىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلغاندەك سەزدى. ئۇ ئۆز ئەسرىدە «قانداقلا

بولمسۇن بىر مەملىكەتتە زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق كۆچەيسە، ئامىنلىك تىنچلىقى ۋە ئاسايىشلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق پاراكەندىچىلەرنى ۋە قانۇنىنى بۇزغۇنچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇ دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، ھەقىقىي ھۆكۈمدار ھەربىر قوۋم ۋە قەبىلىنى ئۇلارغا زۇلۇم سالغۇچىلاردىن ئازاد قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مۇشۇ خىل نۇقتىئىينەزەردىن قاراپ، مەن خۇراساننى ئىگىلىدىم. پارس، ئىراق، شام مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇردۇم» دەپ يازغان. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان كىشىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تېمۇر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى قايتا ــ قايتا تەكرارلايدىكەن : «ئاللاھ پەقەت يالغۇز، بىرلا بولغىنىدەك، پادىشاھمۇ بىرلا بولۇشى لازىم. پۈتۈن دۇنيا ئۇلۇغ خانىنىڭ يەككە ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم». جاھانگىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن تېمۇرنىڭ تاكتىكا جەھەتتىكى ماھارىتىدىن، ئۆزىگە خاس شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن تاشقىرى، جەڭ قىلىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىسى ۋە مۇھىمى، قول ئاستىدىكى ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنىدىغان لەشكەرلىرى ماھىر سەركەردىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدىكى چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى جەڭ ماجرالىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتكەن ئۆزىنىڭ قورالداش دوستلىرى ئىدى. ئۇنىڭ سەرھەڭلىرىدىن جاھانگىر بارلاس، سەيپىددىن بارلاس، ئاقبۇغا، ئوسمان ئابباس، مۇھەممەد سولتانشاھ، قەمەرىيە، تىبان باھادىر، ئورۇسبۇغا، پىرھۈسەيىن بارلاس، ھەمزە، ئەمىر مورىزادە، مۇھەممەد قازغۇن، سارىق ئەتكە ۋە مۇزەپپەر ئۇچقۇرا قاتارلىقلار ئۆز ماھارەتلىرىنى گاھىدا تېمۇر تەرىپىدە تۇرۇپ گاھىدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ نامايان قىلىشتى. تېمۇرگە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاسىيانىڭ پەرىشان ھالى مۇۋاپىق كېلەتتى، كېيىنچەرەك بولسا تۈركىستاننىڭ جاھانگىرلىك روھى ياردەم بەردى. موغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەھكەملىكىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى. ھاكىمىيەت ناھايىتى كۆپ خانلىقلار ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر ــ بىرىگە ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا دۈشمەنلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتى. بۇنداق ھالەتتە تېمۇرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، كۈچلۈك ۋە ئامەتلىك قولى ئەلۋەتتە ئېرتىشتىن گانگ دەرياسىغىچە، گوبى سەھراسىدىن مەر ــ مەر دېڭىزى بويلىرىغىچە يەككە ــ يېگانە ھۆكۈمرانلىق تەسىس قىلىشقا يېتەتتى.

ئەمدى تېمۇرنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى ئىشلىرى توغرىلىق تەپسىلى سۆزلەپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشغالىيەت يۈرۈشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماۋەرائۇننەھر تارىخىنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك ۋاقىتلىرى

ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر بۇ توغرىلىق تەپسىلى توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق ئەسىرىمىزنىڭ تار سەھىپىسىدە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنىلا سۆزلەپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھاياتى تەپسىلى بايان قىلىنغان بەزى مەنبەلەر ياۋرۇپالىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى تونۇشلۇق.

تېمۇرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىدىن سىرتقا تاجاۋۇزى دەسلەپ شىمالغا، يەنى جۇجى ئۇلۇسىغا قارىتىلدى. ئۆزئارا قاتتىق توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە بۇ ئۇلۇس ئەھلىنىڭ كۆكرەكلىرىدە تاجاۋۇزچىلار قىلىچىنىڭ ئىزلىرى قېپقالدى. ئۇرۇسخاننىڭ زەبەردەستلىكى بىلەن تەختامىش ئۆز ئاتىسىنىڭ تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ، تېمۇرنىڭ يېنىغا ھامىيلىق تەلەپ قىلىپ كەلدى. تەختامىش ھىجرىيىنىڭ 777 (مىلادىيىنىڭ 1375) ـ يىلى جېتېلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ئىشلىرى تېمۇرنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى بەك ياققان بولسا كېرەك، ئۇ توختامىشنى دوستانە ھالەتتە ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىپ سەمەرقەندگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ھازىرقى تۈركىستاندىكى ئوترار ۋە سەبران ۋىلايەتلىرىنى ئۇنىڭ مۈلكى قاتارىدا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇنى ئۆز رەقىبىگە قارىشى تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇرۇسخان شۇ چاغدا ئوغلى توختاقايىنى لەشكەرلەر بىلەن توختامىشنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. لېكىن، توختامىشقا تەلەي ئىككى تەجرىبىدىن كېيىنمۇ يار بولمىدى. ئۇ يېڭىلدى. جاراھەتلىنىپ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قېچىپ، ئۈچىنچى قېتىم تېمۇردىن پاناھلىق تىلىدى. شۇ سەۋەبتىن تېمۇر مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۆزى لەشكەر بېشى بولۇپ ئۇرۇسخانغا قارىشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ مەملىكەتنىڭ سەھرالىرىدىكى سوغۇق ۋە يامغۇر جەڭ قىلىشقا قەتئىي ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئىككى قوشۇن بىر نەچچە ئايغىچە ئۇرۇش قىلالماي، ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇرى بولۇشتى. تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 778 (مىلادىيىنىڭ 1376) ـ يىلى باھار مەزگىلىدە يەنە ئۆز مىللىتىنى ھىمايە قىلىشنى خالىغانلىقتىن بۇ ئىش يەڭگىل چۈشتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇرۇسخانمۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توختاقايمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى. توختامىشقا رەقىب سۈپىتىدە پەقەت ئۇرۇسخاننىڭ كىچىك ئوغلى تېمۇرمەلىكلا قالغان ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرالمىدى. تېمۇر قارا تال يېنىدا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ۋە ئۇنى ئەسىرگە چۈشۈردى. توختامىش ئازراق ھالىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ غالىبانە تاجاۋۇزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، پۈتۈن قىپچاق

خانلىقنى ئىگىلىدى. مامايىنى يېڭىپ، ۋەھشىيانە ھۇجۇم ئوتلىرىنى يەنىمۇ ئۇزۇنراققا ــ روسىيە زېمىنىغا قەدەر كېڭەيتتى. ھىجرىيىنىڭ 786 (مىلادىيىنىڭ 1384) ـ يىلىدا موسكۋا شەھىرىنى كۆيدۈردى. قورال كۈچى بىلەن مەستانە بولغان بۇ ئادەم ئۆز ھامىيسىغا لازىم بولغان مىننەتدارلىقنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ پۈتۈنلەي جاھانگىرلىك ۋەسۋەسىگە چۆمۈپ، ھىجرىيىنىڭ 789 (مىلادىيىنىڭ 1387) ـ يىلى، يەنى تېمۇر ئەزەربەيجاندا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ھەزەر دېڭىزى ساھىلىدىكى غەربىي ۋىلايەتلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. تېمۇرنىڭ ئوغلى مىرانشاھ كۇر دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە قاراپ ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش باشلىدى. توختامىشنىڭ ئىلغارى يېڭىلدى، ئۇ چېكىنىپ قاچتى. تېمۇر مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ كەڭچىلىك رازىمەنلىك ئالامىتىنى كۆرسىتىپ، «پاراكەندىچىلىك باشلىغۇچى ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە رازىلىق بىلدۈردى. توغرا، ئۇ بۇ ئىشنى مۇۋاپىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقلىق رەۋىشتىكى غەزىپىنى ئىپادىلەپ، ھىجرىيىنىڭ 791 (مىلادىيىنىڭ 1389) ـ يىلى قىش پەسلىدە ــ قار ئاتنىڭ كۆكرىكىگە قەدەر ياغقان مەزگىلدە سەمەرقەنتتىن ھەرىكەت باشلىدى. شىمالدىن ھۇجۇم قوزغىغان توختامىشنى سەيھۇن بويلىرىدا مەغلۇب قىلدى. باھار پەسلىگە يەتكەندە ئىككىنچى قىرغاقتا يەنە بىر قېتىم غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن، يەنىلا ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلمىغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 793 (مىلادىيىنىڭ 1391) ـ يىلى قىشتا تېمۇر مەخسۇس مۇنتىزىم قوراللانغان لەشكەرلىرى بىلەن توختامىشقا قارشى ئۈزلۈكسىز جەڭگە ئاتلاندى. جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ ئادەمسىز چۆللىرىدە ئالتە ھەپتىگىچە يۈردى. ئۇنىڭ چۆلدىكى بۇ سەپىرى شۇ قەدەر قىيىنچىلىق ۋە زىيان ـ زەخمەتلەر بىلەن تولغانىدىكى بۇنى ئەڭ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتكەنلىككە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. چارچاش ۋە ئاچلىقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە يولۇققان لەشكەرلەر دۈشمەننى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئىزدەپ يۈردى. ئاخىرى ئۇنى ماي ئېيىدا يايىق (ئورال) دەرياسىنىڭ ياپ ـ يېشىل ساھىللىرىغا كېلىپ تاپتى. جەسۇر ۋە شانلىق ئاتلىق قوشۇنلار كۆرۈشى باشلاندى. ھەر ئىككى قوشۇن ئۈچ كۈنگىچە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشتى، ئاجايىپ غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسەتتى. ئەمما توختامىش ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خىيانەتكارلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، ئازادلىقنى قېچىش ئارقىلىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. تېمۇر ئۇقتەك تېزلىك بىلەن ئۇنى روسىيە تەرەپكە قوغلاپ سۈرۈپ، موسكۋاغىچە بېرىپ يەتتى. ئەگەردە ماۋەرائۇننەھر قەھرىمانى

ئېھتىيات بىلەن ئورتا دەرىجىدىكى يولنى تۇتمىغاندا ئىدى، موسكۋا ئاھالىلىرى گېبىبۇننىڭ تەبىرىچە بۇۋى مەرىيەمنىڭ مۆجىزەنەما سۈرىتىدىن باشقا ھېچ بىر ھامىي تاپالماس ئىدى. 11 ئايلىق سەپەردىن كېيىن ئىنتايىن كۆپ ئەسىرلەر بولۇپمۇ غەنىيمەتلەر ۋە شىمالنىڭ جاۋاھىراتى بىلەن ئۆز پايتەختىگە قايتتى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئاياللىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى چىڭگىز مەملىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا سەلتەنەتىنىڭ بارلىقى ئۈچىنچى بىر قىسمىلا يەنى ئىران، ئەرەبىستان، ھىندىستانىنىڭ بىر قىسمىلا نۇقسانلىق بىلىنەتتى. ئۇ ئەينى زاماندا شىمالغا خاتىمە بېرىپ، ئۆز نەزەرىنى غەرب تەرەپكە توسقۇنسىز قارىتالايتتى.

تېمۇر پارس يەرلىرىنى يەنى ئىران ۋە خۇراساننى ئىگىلەشنى توختامىشنى يەڭمەستىن بۇرۇن باشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 783 (مىلادىيىنىڭ 1380) – يىلىدا ئوغلى مىرانشاھ مىرزىنى بىر قانچە يىتىشكەن سەركەردىلەرگە قوشۇپ خۇراساننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ياش ۋە قەھرىمان ئوغلىنىڭ ئىزى بىلەن ئىچىلغان يولغا تېزلىك بىلەن ئۆزىمۇ يېتىپ باردى. يېڭى جاھانگىر بۇ يەردە ئىككى خاندان بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىمالدا سەربەدارىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرەتتى. تېمۇر ئۆزىنىڭ كۈچسىز ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشاتتى. بۇلار ئەمدى ھېچقانداق قىيىنچىلىقسىزلا بويسۇندۇرۇلدى. جەنۇبتا كارت ئائىلىسى ھۆكۈم سۈرەتتى. بىزنىڭ قەھرىمان ياشلىقىدىن تارتىپ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىش ئۇنچىلىك ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ ئائىلىنىڭ رەئىسى غىياسىدىن پىرئەلى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بۇ تۈرك ئىشغالىيەتچىسىگە تاپشۇرۇشتىن كۆرە قىلىچ تىغىغا تاپشۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ شەرقتە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن شىمالدا مۇرغابىتىن تاكى شاھرۇد چۆللىرىگىچە تارقالغان مەملىكىتىنى ئاجايىپ غەيرەت بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ قارشىلىقلىرى ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىشقا ئايلاندى. پايتەخت شەھرى ھىرات ئىنتايىن قاتتىق جەڭدىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. ئەمما باشقا شەھەرلىرى، مەسىلەن : قابۇشان، تۇس، نىشاپۇر، سەبزەۋار قاتارلىق مەشھۇر ئىلىم ۋە سەنئەت مەركەزلىرى ئۆز دەرۋازىلىرىنى ئىختىيارلىق بىلەن ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئۆز شەھەرلىرىنىڭ خاراب قىلىنغان تاغلارغا ئايلاندۇرۇلۇشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ تېمۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆتەر يولى بولۇشىنى ئەۋزەل بىلەتتى. غالىب تېمۇر خۇراسانغا ئافغانىستاننى، سىيىستاننى ۋە بىلوجىستاننى قوشۇۋېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 787 (مىلادىيىنىڭ 1386)

www.uyghurweb.net

– يىلى ئەرەبستانغا ۋە مەخسۇس پارس ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرگە يۈرۈش قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. ئىراننىڭ بۇ جايلىرىدا ئەينى ۋاقتىدا ئىككى سۇلالە ھۆكۈم سۈرەتتى. جەنۇبىي فارىستا، ئىسپاھاندا مۇزەپپەرىيلەر ھاكىم ئىدى. ئەمما ئىراق، ئەرەب ھەمدە ئەزەربەيجان ئېلخانىيلارنىڭ قولىدا ئىدى. بىرىنچى سۇلالىنىڭ باشلىقى شاھشۇجا ئاقىل ھەم تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ جەنۇبتىكى نازۇك ئوغلانلار بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ تەجرىبىلىك جەڭچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى.

ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولدى. ھەم ئۆزىنىڭ قىزىنى مەرھۇم جاھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەدكە بېرىپ، سۇلھىنى نىقاب بىلەن مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى. ئەمما شەيخ ئۇۋەيس جالايىرنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۆزىنىڭ كورد ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ھەم ئەزەربەيجان ھەربىلىرىنى تېمۇر ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچ – قۇدرەتكە ئىگە دەپ ھېسابلايتتى. نەتىجىدە ئۇ جەڭگە كىرىشتى – دە، دەرھال مۇۋاپىقىيەتسىزلىككە دۇچ كەلدى. دەرھال ئۆزىنىڭ غايەت گۈزەللىككە ئىگە شۆھرەتكە لايىق سۇلتانىيە ناملىق تەختىگاھىنى تاشلاپ، باغدادقا چېكىندى. ئەمما ئۇنىڭ رەقىبى ئەرەكىسنى بېسىپ، بىر زەربە بىلەن پۈتۈن كافكازنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىغا كىرگۈزدى. ناخچەۋانغا، ئورىيانغا، تېبلىستىقا ھەم شىرۋانغا پادىشاھ بولۇپ كىردى. ئۆزىنىڭ قورالىقلار كىرمىگەن ئۆيلىرى، پايانسىز كەتكەن پاتقاق ۋە سازلىقلىرى بىلەن شۇ چاققىچە دۈشمەننى توختىتىپ كەلگەن گىلان، ئاخىرى بويسۇنۇپ تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ئەرمەنىستان پادىشاھى تاھىرجاننىڭ مەشھۇر ۋان قەلئەسى ئىگەللەنگەندىن كېيىن يىراق شەرقتىكى شەۋكەتلىك خاقاننىڭ ئەمرى سۈپىتىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، تۈرك خاقانىنىڭ بۇ غەزىپى سەپەردە پەقەت قارا قويۇنلۇق (قارا قوزى) خاندانلىقى بىلەن ئىسيانكار ئىسپاھان شەھرىنىڭ دەل ئۈستىگە قارىتىلدى. بۇ خاندانلىق ئۆزىنىڭ ئەخلات، ئادىل ۋە جوۋاز قاتارلىق ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەلىرىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئىسپاھان تېمۇر بىلەن ئەھدىنامىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ 3000 ئەسكىرىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىسى 70 .000 كىشىنى قۇربان بەردى. بۇ ئىنتايىن چوڭ قۇربان بېرىش بولدى. شاھشۇجانىڭ ئوغلى زەينەلئابىددىنى تەھلىكىگە سالدى. ئۇ تارتىۋېلىنغان تەۋەلىكنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە قايتىپ كەتتى. تېمۇر شىرازدىكى مۇزەپپەرىيلەرنىڭ تەختىنى رەسمىي قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 791 (مىلادىيىنىڭ 1389) – يىلىدا تەنتەنە

بىلەن شەۋكەتلىك ھالدا سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئادەتتىكە ئاساسەن بوش ۋاقتىنى ئوۋ قىلىش ۋە ئەيشى ــ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئىستىراھەت قىلدى. سەپەر ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، يېڭىدىن كۈچ توپلاپ، يەنە ئۆز مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك توختامىشقا قارشى يۈرۈش باشلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن قايتقاندىن كېيىن، تېمۇر غەربتە «بەش يىللىق ئۇرۇش» نامى بىلەن داڭ چىقارغان ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ سەپەردىكى مەقسىدى، ئۆز دائىرىسى ئىچىدە قوزغالغان پىتنە ــ ئىغۋا، ئىسيانكارلىق ئىشلىرىنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىران ۋە ئەرەبىستاننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، ئاۋالقى سەپەرلىرىنىڭ ھەقىقىي نەتىجىلىرىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 794 (مىلادىيىنىڭ 1392) ــ يىلىدا سالامەتلىكى ياخشى بولماي، داۋالىنىپ شىپالىق تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەخسۇس مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بىلەن ھەمۇيە يېنىدا ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. ئىراننىڭ شىمالى ناھىيىسىنى بويلاپ ئاستىرابادقا، ئاسىي مازاندىرىغا باردى. تاغلىق ئىراننىڭ ئاساسىي شەھرى ھېسابلىنىدىغان ئامۇل ھەم مۇتەئەسسىپ ھەشاشىنلار (ئاساسىنلار)نىڭ ياكى پىدائىلارنىڭ قارار گاھى ئىدى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن شەھەر ئىگىلەندى. جەسۇر مۇداپىئەچىلەرنىڭ مەرتلىكى بىلەن شۇنچىلىك قان تۆكۈلدىكى، شەرق تارىخچىلىرى بۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قاتتىق باستۇرۇشتىن كېيىن سۈكۈت تۇغدى. ئەمدى تېمۇر قانغا تويغان ئەسلىھەلىرى بىلەن لۇرىستان ۋە خوزىستان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ھەممەدانغا، بەرۇجادقا دىزپۇلغا گويا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. مۇستەھكەم تاغ قەلئەسى قەلئەئى سەفىدنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى تېزلىكى بىلەن شاھ مەنسۇر مۇزەپپەرىيگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ شاھ تېمۇر كەتكەندىن كېيىن مۇزەپپەرىيلەرنىڭ بەش خانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىغا مەخسۇس كۈچ توپلىغان ئىدى. لېكىن، غەلىبە ئارقىلىق روھلىنىپ كەتكەن تۈركلەرگە قارشى تۇرالمىدى. پاتىل دېگەن جايدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. شاھ مەنسۇر ئۆز ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ سېپىنى يېرىپ كىردى. خۇددى ئارسلان كەبى ھەممىسىنى يىمىرىپ، تېمۇرنىڭ يېنىغىلا يېتىپ باردى. تېمۇرنىڭ يېنىدا پەقەت 14 ــ 15 نەپەرلا كىشى قالغان بولۇپ، ئاجىز ھالەتتە ئىدى. لېكىن، ساقچىلىق قىلىۋاتقان شاھرۇخ مىرزا شاھ جەنىسە تەرەپتىن قاچقان لەشكەرلەردىن بىر قىسمىنى توپلاپ ھۇجۇمچىلارنىڭ يولىنى كەستى ــ دە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىشقاندىن كېيىن شاھ

مەنسۇرنىڭ بېشىنى كېسىپ ئادەتتىكى تەبرىكلەش شەكلىدە ئۇنىڭ ئىتىنىڭ تۇيىقى ئاستىغا تاشلىدى ــ دە : «بارلىق دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كاللىسى ئىتىڭىزنىڭ تۇياقلىرى ئاستىغا مانا مۇشۇنداق چۈشسۇن !» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇب بولدى. مۇزەپپەرىيلەرنىڭ خاندانلىقى تامامەن قىرىلىپ تۈگىدى. بۇ سۇلالىدىن پەقەت ئىلگىرى كور قىلىنىپ، سەمەرقەندگە ئەۋەتىلگەن پەرزەنتلىرىدىن بىر كىشىلا تىرىك قالدى. تېمۇر مۇزەپپەرىيلەرنىڭ مەغلۇب قىلىنغان مەملىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ سەردارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرىنى ئېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 795 (مىلادىيىنىڭ 1393) ــ يىلىدا ئەرەب ۋە ئىراقنى ئىگىلەش ئۈچۈن يېڭىدىن سەپەر قىلدى. ئېلخانى ئەھمەد جالايىر بۇ ئىككىنچى ھۇجۇمدا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. تېمۇر ئەزەربەيجاننى قايتا ئىگىلەپ، كوردىستاننى ئۆز تەختىنىڭ ئىتائىتىگە ئالغاندىن كېيىن سۇلتانىنىڭ مەخسۇس كېمىسىگە ئولتۇرۇپ دىجلە دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى. باغداد ئۇرۇشسىزلا تەسلىم قىلىندى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى پاجىئەلىك كەربالا چۆلىدە، پەقەت ئەرەب ئىتىنىڭ تېزلىكى سايىسى بىلەنلا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئامان ساقلاپ قالالىدى. ئەمما ئوغلى ۋە خوتۇنلىرى غالىب تېمۇرنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ ئەھمىيەتسىز كۈرەش بولدى. شۇ دەرىجىدە مۇقەررەر خەلىپىلىك ئۈچىنچى قېتىم تۈرك ساھىبقىرانىنىڭ قولىغا چۈشتى. مۇبايىنلىنەھرىنىڭ (دىجلە ۋە ئىفرات ئارلىقى) باشقا شەھەرلىرى ــ ماردىن، دىيارى بەكرى ھەم تەخرىت كۆپ قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە قولغا كىرگۈزۈلدى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تېمۇرنىڭ غەلىبە بايراقلىرى ئەرمەنىستان ۋە گورجىستان ئۈستىگە ئۆتتى. غەلىبە بايراملىرىنىڭ شادىيانە ئاۋازلىرى گۈزەل موغۇل دالاسىدا تېخى پەسەيمەي تۇرۇپلا، ئىككى يىل ئىلگىرى ئىستىقات ئېتىلگەن توختامىشنىڭ يەنە يېڭى كۈچ بىلەن دەربەند يېنىدا كافكازغا تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق تەھدىت سالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. تېمۇر قولىدىكى كۆپۈكلۈك كاسىلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ سەۋىر ــ تاقەت قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ يەنىمۇ يېقىنراق كېلىشى ۋە ئۇرۇشنى ئۆزى باشلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ھەر دائىم شۇنداق دەيتتى :«ئۇۋنىڭ قاپقانغا ئۆزى كېلىپ چۈشكىنى ياخشى. ئۇنى ئىزدەپ يۈرسەڭ، ئوۋ قىلىش پۇرسىتى ئۇزاق سوزۇلۇپ كېتىدۇ. قېرى توخۇ قارچىغىدىن قورقمايدۇ. ئەگەر چېكەتكىدە قىزىل قانات ئۆسسە، ئۇ ھەر قەدەمدە ئۆزىنى قاغىدىن ھىمايە قىلىدۇ». ئاخىرقى قېتىمدا ھەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا بولغىنىغا ئوخشاش بۇ قېتىم ھەزەر دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا غەلىبە بايرىقى تېمۇر تەرىپىگە ئۆتتى.

توختامىش يېڭىلىپ، سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى دالالىرىغا قېچىپ كەتتى. غالىب تېمۇر ئۇنى تەھقىپ قىلىپ، روسىيەنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. موسكۋا شەھرىنى تالان ــ تاراج قىلدى. ئوردىغا ئەمىر قىلىپ ئورۇسخاننىڭ ئوغلى قوۋۇرچاقنى قالدۇرۇپ، گورجىستانغا قايتتى. سوۋۇپ قالغان غەلىبە تويلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋالقى تۈركىستان سەھراسىنىڭ سەرگۈزەشتىپەرەستى بولغان تېمۇر شىمالىي ۋە غەربىي ئاسىيانى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق تاجىنى قەدىمدىن تونۇشلۇق بولغان گۈزەل، باي مەملىكەتلەرنىڭ ئادەملىرى زىننەتلەپ چىقتى. ئىسسىق كۆل، ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى كۆچلۈك جەڭگىۋارلار غەربىي ئاسىيانىڭ پۈتۈن غەزىنىلىرىنى، قىممەت باھالىق ئەشيالىرىنى سەمەرقەنتكە توشۇدى. بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى، ئەلچىلەر ھەيئەتلىرى مەغرۇر جاھانگىرنىڭ ئايىقى ئاستىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى دۆۋىلىۋەتتى ۋە ئۇنى تەبرىكلەپ تەقدىم قىلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ، تېمۇر جاھانگىرلىك شۆھرىتىدىن قانائەتلىنىپ قالمىدى. دەھشەتلىك يۈرۈشلەرگە نىسبەتەن ھەۋىسى پەسەيمىدى. بەش يىللىق ئاسايىشلىقتىن كېيىن ئۇ ھىجرىيىنىڭ 799 (مىلادىيىنىڭ 1396) ــ يىلى يەنە يۈرۈش قىلىشقا نىيەت قىلدى. ئامۇ ساھىلىدا ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، قىزلىرى ۋە ساقچىلىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ، گۈزەل قائىدە ــ يوسۇن رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ يەرنىڭ قائىدە ــ يوسۇنى بويىچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقچىلار ــ ئالتۇن پۇللار ۋە جاۋاھىراتلارنى چاچتى. ئاجايىب بېزەلگەن مىڭلارچە ئاتلار ۋە خېچىرلار ئۇنىڭغا تەبرىك ھەدىيەسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلىندى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىدە شۈكرانە پاتىھە بىلەن تىلاۋەت قىلدى. ھەم ئۆزى يوق ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان گۈزەل بىنالارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنداق تەنتەنىلىك دەبدەبىلەر بىلەن سەمەرقەنتكە كىردىكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. 63 ياشلىق ساھىبقىران ئىنتايىن كۆپ غەلىبىلەردىن كېيىن، بۇ جايدا ياش مەلىكە توقال خوتۇننى قۇچىقىغا ئالدى. يېڭى بىنا قىلىنغان گۈزەل ساراي ــ «دىلكۇشا»نى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. ناھايىتى كۆپ قېتىملىق تويلار، بايراملار، بەيگىلەر، ئات ئويۇنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئەيشى ــ ئىشرەتنىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرى تېمۇردە قورال ــ ياراق تاۋۇشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاتقان بولۇشى ئېھتىمال، ئۇ ئىگەللەنگەن يەرلەرنى پايتەختتىدە ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن يەنە جەڭ ئېتىغا مىنىپ، لەشكەرلىرىنى يىراقراق مەملىكەتلەرگە ئېلىپ كەتتى. جاھانگىر دېگەن نامغا مۇكەممەل ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە رۇم (ۋىزانتىيە) ئازلىق قىلاتتى. ھىندىستان دېگەندە

مۇسۇلمان ئاسىياسىنىڭ ئەڭ نۇرغۇن بايلىقى توپلانغان مەملىكەتلىرىنى، رۇم دېگەن ئەڭ بۈيۈك شانۇ شەۋكەتنى پەملىگەن ئىدى. شۇ سەۋەپلىك تېمۇر بۇ جايلارنى ئۆزىگە قوشۇپ ئالماستىن تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىدى گانگ ۋە ھىندى دەريالىرى ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئىگىلەش ئىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى پىرمۇھەممەد ئالدى بىلەن ھىرات يولى بىلەن مېڭىپ، مولتاننى ئىشغال قىلدى. لەشكەرلەر بۇ سەپەرگە تېمۇرنىڭ ئۆز قوماندانلىقى ئاستىدا بەكمۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە دەھشەتلىك ھالدا ئاتلاندى. ئۆزى بەلخ ئارقىلىق ھىندىقۇشنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى بويلاپ ماڭدى. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىغان سوغۇقلار، تاغلىقلار بىلەن شىددەتلىك توقۇنۇشلارنىڭ ھېچقايسىسى تېمۇرنىڭ سەپىرىگە دەخلى قىلالمىدى. ئۇ ئېگىز قىيالاردىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۆزىمۇ شۇنداق چۈشۈپ، دۈشمەنلىرىگە دەھشەت سالدى. تېمۇر كابۇل ئارقىلىق ھىندىستانغا كىرىپ كەلدى. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندە ئۇ يۈرگەن تاغ قاپتاللىرىغا ياۋرۇپانىڭ چوڭ دۆلەتىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ، ئۇ جايدىكى قەبىلىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ، قانلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىجرىيە ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ھىندى دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. تېمۇرنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن ستىلىج ساھىللىرىدا ئوغلىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دېھلىگە، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ پايتەختىگە سەپەر قىلدى. قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى سەپەرنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يۈز مىڭلاپ ئەسىرلەرنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئىنتايىن يامان بۇيرۇق ئىدى. ھەربىر ئەسكەر مۇشۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئىشتىراك قىلدى. تارىخچىلار ناھايىتى يۇمشاق كۆڭۈللۈك ئەللامە نەسرىددىنىنىڭ 15 نەپەر ھىندى قۇلنى ئۆز خوجايىنىغا نىسبەتەن نەقەدەر نەپرەتلىك كۆز قارىشى بىلەن دەھشەتلىك ھالدا قەتل قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. تېمۇر ئىلگىرى ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈچسىزلىكىنىڭ بىشارىتى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ ئىستراتېگىيە ھىيلىسىگە بۇ يەردىمۇ ئەمەل قىلدى. ھىندىستانلىقلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىندىستاننىڭ بايلىق ۋە سانائەت مەركىزى ھېسابلانغان دېھلى شەھرى ئۆزىنىڭ غەزىنىلىرى ۋە ھۈنەرۋەن ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە تۈرك ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. مۇقەددەس شەھەر ھېسابلانغان مىترانىڭ قىسمىتىمۇ شۇنداق بولدى. دەھشەتلىك قورقۇنچ كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە چۆمدۈردى. ئۇلارغا قىلچىمۇ نىجاتلىق بېرىلمىدى.

ئۇلارنىڭ مۇقەددەس سەنئەتلىرى خاراب قىلىندى، بۇتلىرى چېقىلدى. تېمۇر گانگ دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغىچە بېرىپ، ھەربىر جايدا ئۆلۈم ۋە خارابە ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 801 (مىلادىيىنىڭ 1399) ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا سەمەرقەنتكە قايتتى. ئۆزى بىلەن بىرگە كۆپلىگەن ھىندىستان پىللىرى، رەسساملىرى ۋە باشقا ئەسىرلەرنى بىرگە ئېلىپ كەتتى.

تېمۇرنىڭ ھىندىستانغا سەپىرى، ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئۆتكەن موغۇل جاھانگىرلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن نادىر شاھنىڭ ھىندىگە يۈرۈشلىرىگە ئوخشاش ئىنتايىن تەنتەنىلىك ھەربى قەھرىمانلىق ۋە ئولجىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمما ھىندى ۋە گانگ بويلىرىدا تېمۇرىيلەر بايرىقىنى تىكلەش يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن داھى بابۇر مىرزىغا نېسىپ بولدى. بۇنىڭغا قارىماي ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبە تېمۇرنىڭ ئابرۇيىنى يەنىمۇ كۆتەردى. ئۇنىڭدا كۈچلۈك روم پادىشاھلىقى بىلەن جەڭ قىلىش ھەۋىسىنى ئويغاتتى. گەرچە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ھامان مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئىستىلاچىلىق زېمىنىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىق بىناسى نۇرغۇن جايلاردا ناھايىتى زەئىپلەشكەن ۋە قاششاقلىققا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئوغلى مىرانشاھنىڭ ئاجىز باشقۇرۇشى ئەزەربەيجاندا ھەقلىق نارازىلىق ۋە ئىسيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. قىسقىسى تېمۇر ئۆزىنىڭ پايتەختىدە قىسقا مۇددەت دەم ئېلىپ، غەربىي ئاسىياغا قارىشى يېڭى سەپەرگە ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى. تېمۇر گۇناھكار ئوغلىغا شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ دوست ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھىرات ۋە قەزۋىن ئارقىلىق ئەرەكىسگە يۈرۈش قىلدى. ئەڭ ئالدى بىلەن گورجىستاننىڭ ئاسىي كىنەزى مالىك گىئورگىي بىلەن ھېسابلىششنى نىيەت قىلدى. بۇ بىچارە تېمۇردىن قېچىپ، ماڭغىلى بولمايدىغان تاغ كامارلىرىدىن ۋە قەلئەلەردىن پاناھلىق ئىزدىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىلا يەردە دەككىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ قەلئەلىرى ۋە پايتەختى تىفلىس ئىشغال قىلىندى. تېمۇر قىسقا لېكىن مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۆزىنىڭ لەشكەرگاھىنى قاراباغنىڭ گۈزەل دالاسىغا قۇردى. تۈركىستان چۆلىنىڭ ھەربىيلىرى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن دەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ باشلىقلىرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قېرىندىشى ئوسمانلى سۇلتانىغا، يەنى سۇلتان بايەزىتقا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق : ئالدى بىلەن شەۋكەتلىك رۇمانىڭ ۋارىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ سۇلتاننىڭ ئۇنىڭغا ھاكىمىيىتى توسالغۇ بولىدىغاندەك

بىلىنەتتى. يەنە كېلىپ بايەزىت تۈركمەنلەرنىڭ قارا قويۇنلۇق خانىدانى بىلەن ئىتتىپاق ئىدى. ئۇ پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمى بولغانلىقى ئۈچۈن سالجۇقىيلارنىڭ پۈتۈن ئەمىرلىرىنى ئىتائەت قىلدۇرۇشنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىم كېرەك، دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېمۇرنىڭ ئۇنىڭغا نەپرىتى چەكسىز ئىدى. شۇڭا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ھەم شەرقىدىكى تۈرك ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك ۋە ۋەھشىيانە ئۇرۇش باشلىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا مۇسۇلمان ھەم ناسرانىي تارىخچىلىرى كىشىلەرنى ئاجايىب دەھشەتكە سالىدىغان ھېكايىلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئاخىرى بۇ ئۇرۇشمۇ تۈرك جاھانگىرىنىڭ پايدىسىغا ھەل بولدى.

ئىلگىرى تېمۇر مىسىر سۇلتانى فىروج بىلەن ھېسابلىششنى ئويلىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتىسى تېمۇرنىڭ ئەلچىسى ئەللامە ساۋەنى قەتل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساۋەنىڭ ئوغلىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. تۈركلەر توساتتىن سۈرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋات شەھەرلىرىنى خاراب قىلدى. سۈرىيىدىكى بۇ غەلىبە تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ نىزا تۇغدۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھىجرىيىنىڭ 805 (مىلادىيىنىڭ 1403) ـ يىلىنىڭ باھارىدا، بايەزىتكە قارشى يۈرۈلدى. بايەزىت كۈچ ـ قۇدرىتى جەھەتتىن تېمۇردىن ئانچە قېلىشمايتتى. مانا مۇشۇ باراۋەرلىك سەۋەبىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۆزئارا ئىختىلاپنى بىتىم بىلەن ھەل قىلىشنىمۇ ئىستىمىدى، لېكىن تېمۇر ھەم ئۇرۇشنى بەكمۇ ئىلتىماس قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ سىۋاستىن قارا شەھەر ئارقىلىق ئەنقەرەگە يۈردى. دەل شۇ جايدا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ بولدى. ئوسمانلىلار پۈتۈنلەي يېڭىلدى. سۇلتان بايەزىت ئۆزىنىڭ ھەرىمى بىلەن غالىب تۈركنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. تېمۇر بۇ شەۋكەتلىك مۇھىم غەلىبە بىلەن كىچىك ئاسىيا (ئاناتولى) نى ئىگىلىدى. شۇ يۈرۈش بىلەن ئىزمىرگە يېتىپ باردى. ئەگەر دېڭىزنىڭ شورلۇق سۈيى توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا، ئۇ ياۋروپاغىمۇ بىر زىيارەت قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئەلنى تالان ـ تاراج قىلىپ، خارابىلىققا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) ـ يىلىدا سەمەرقەنتكە توققۇزىنچى قېتىملىق تەنتەنە بىلەن قايتىپ كېلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

يەنە شىكارلار، تويلار ۋە تەنتەنىلىك يىغىلىشلار باشلاندى. بۇ شادىيانە يىغىلىشقا پۈتۈن ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە ياۋرۇپا

ھۆكۈمدارلىرىدىن، جۈملىدىن ئەڭ ناسرانىي ھېسابلانغان ئىسپانلار دۆلىتىدىن ۋەكىل بولۇپ دون پىيوئى گونزالىس دې كىلاۋىخو ھەم ئىشتىراك قىلدى. ئۇ ئىسپانىيە كارولى ھىنرىخ تەرىپىدىن تېمۇرگە دوستلۇق ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. تېمۇرنىڭ بەزملىرىدە، ساراي تەنتەنىسى ئىچىدە ھايات لەززىتىگە شۇ قەدەر ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەن كىشى، بۇ ئادەمنىڭ ھارماس ھەربىي ئادەم ئىكەنلىكىنى زادى بىلەلمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىسقا ۋاقىتلىق ئىستىراھەتلىرى، ئۇنىڭ قېرىغان چاغلىرىدا ئىستىلاچىلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلاش ۋە غەلىبە تاجلىرىنى يىغىش مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت ئىدى. تۇرلۇك ئەلچىلەرنى رەسمىي قوبۇل قىلىش يىغلىشىدىمۇ تېمۇر خىتاي ئىمپىراتورىنىڭ ئەلچىسىگە ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن ئاسىيانىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن شەۋكەتلىك كەمبالا (خىتاي) ھۆكۈمدارىنىڭ ئەلچىسى ئۇنى يىللىق خىراجەت تۆلەپ تۇرۇشقا كۆندۈرمەكچى بولغاندا، تېمۇر غەزەپتىن چىداپ تۇرالماي قالغان ئىدى. ھاقارەتلەنگەن ئىززەت ھۆرمىتى ئۇنىڭغا ھېچبىر ئاراملىق بەرمىدى. ئۇرۇش بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ماھىر ھەربىي قاتتىق قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى قوراللانغان كۆپ لەشكەر بىلەن «ساماۋى چېچەكلەر پادىشاھلىقى»غا قارشى سەپەرگە چىقتى. سەمەرقەنت ئارقىدا قالدى. ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) ـ يىلى 4 ـ يانۋاردا،يامان ھاۋانىڭ سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا قاتتىق سوغۇق تېگىپ قالدى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سىر دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. فېۋرالدا ئوترارغا يېقىن جايدا ئوردۇگاھ قۇردى، بۇ جايدا ئۇنىڭ كېسىلى شۇ قەدەر ئېغىرلاشتى، ساراي تېۋىپى مەۋلانا پەزلۇللاھ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى توختىماي سۆزلەپ تۇردى. ئۆلۈم بىلەن يۈزلەرچە قېتىم يۈزمۇيۈز تىركىشىپ كېلىۋاتقان تېمۇر ھاياتىنىڭ بۇ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ قالدى. ئۇنى قورشىۋالغان باللىرى، نەۋرىلىرى ھەم قورالداش دوستلىرى دۇنيادىن كۆز يۇمۇۋاتقان ئالى ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان پەيتتە ئۇ ھەممىسىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاق ۋە دوستانە ھايات كەچۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەن پىرمۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا نەۋرىسى مىرزا خەلىل سۇلتاننى ۋە باشقىلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراشقان چاغدا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى ئېيتىپ بۇنىڭغا سەلبى جاۋاب بەردى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى شاھرۇخ مىرزىنى كۆرۈپ ئالالمىغانلىقىغا

ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېز ھالىدىن كەتتى ـ دە، ئىشارەت بىلەن موللا ھەيبەتۇللاھنىڭ قۇرئاندىن بىرەر سۈرە ئوقۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) ـ يىلى 17 ـ فېۋرالدا شەئبانىنىڭ 7 ـ كۈنى كەچقۇرۇن جان تەسلىم قىلدى. ئۇنىڭ جەسىدى سەمەرقەندكە ئېلىپ كېلىنىدى. بۇ يەردەئۆزى ئىخلاس قىلغان سەئىد بەرەكە ئۈچۈن قۇردۇرغان ھەشەمەتلىك بىنادىكى مەقبەرەگە دەپنە قىلىنىدى. سەئىد بەرەكە تېمۇرگە ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىكى شانۇ شەۋكەتنى غايىبتىن خەۋەر بەرگەن كىشى ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر گۈمبەز ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئىستىراھەتتە ياتماقتا.

تېمۇر 72 يېشىدا (1333 ـ 1405) ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ يېرىم مەزگىلىدە ماۋەرائۇننەھردە مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئاخىرى پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىغە ھاكىم بولدى. يېگانە شۆھرەت، ھەربىيلەرگە خاس پەۋقۇلئاددە زېھىن ۋە قەتئىيلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇ ناھايىتى ھەقلىق رەۋىشتە ماكىدۇنىيەلىك ئىسكەندەر، سىزار، چىڭگىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ناپالىئون بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ.

... تېمۇرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى، قىلغان ئىشلىرىنى تارىخ تەرتىپى بويىچە، كىتابنىڭ ھەجمى كۆتەرگىنىچە ھېكايە قىلىپ، كېيىنكى بابتا قىسقىچە بولسىمۇ ئۇنىڭ سارايلىرىنى، پايتەختىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمىز. چۈنكى، تېمۇرنىڭ تۆزۈمى ماۋەرائۇننەھر ئۈچۈن ئەڭ دەبدەبىلىك دەۋر بولۇپ، تۈرك خەلقى ئۈچۈن شۇنداق نۇر بېغىشلىدىكى بەزى قەۋملەر ۋە ئەللەر ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭدىن ھارارەت ئالماقتا. جەيھۇن ۋە سايھۇن دەريالىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يەرلەر تېمۇرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن جاھان ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. يۈز مىڭلىغان تۈرك ھەربىيلىرى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت بۆشۈكى سانالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي ئاسىياغىچە سوزۇلغان ئۆلكىلەر ۋايىغا يەتكۈزگەن قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى تېمۇردۇر. ئۇنىڭ بەختلىك تەلىيى بىلەن ئالدىنىپ، كېيىن ئىستىلاچىلىق قىلىچ ئارقىلىق جەيھۇننى كېچىپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھېچبىرى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ جەڭگىۋار ۋەتىنىدە ئۇنىڭدىن ئۇرۇش مەبۇدىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

دەرۋەقە، ئەمدى ئىران ۋە ئاسىيانىڭ جاھانگىر ساھىبقىرانلىرى ئۈچۈن ئاۋالقىدەك قولايلىق يوق ئىدى. چۈنكى، شايبانىي ۋە نادىر شاھ بۇ مەملىكەتنىڭ غەربىي جېگرالىرىنى تار دەپ بىلەتتى. ياۋرۇپانىڭ كۈچلۈك دولقۇنلۇق ئوتتۇرا

www.uyghurweb.net

ئەسىرلىرى ئەمدى تۈگىگەن ئىدى. ئۇندىكى يورۇق زامانىنىڭ زىيالىلىرى گەرچە باشقىچە يول بىلەن بولسىمۇ، يىراق شەرققە كېلىپ يەتتى.

## تېمۇرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، سارىيى ۋە تۇرالغۇ جايى

شەھىرى سەبزە تۇغۇلغان شەۋكەتلىك ساھىبقىراننىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنى ئەڭ گۈزەل بىر ئىنسان سۈپىتىدە تەسۋىرلىسە، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى شۇنچىلىك چىركىن، شۇنچىلىك يۈزسىز، نەپرەتكە لايىق، قۇتسىز قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەتەنداشلىرى ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ھېكايىلەرگە قارىغاندا، تېمۇر ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق بەدەنلىك كىشى بولۇپ، زەخمەتلىك ھاياتىنى دائىم جەڭ ـ جېدەللەردە ئۆتكۈزگەنلىكىگە قارىماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالالىغان. گەرچە ئۇنىڭ بىر پۇتى ئاقساق بولسىمۇ، ئۇرۇش پەيتلىرىدە ئۇنىڭ بۇخىل ئەيىبى ئانچە بىلىنمەيتتى. ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى، جەڭگە چاقىرىشلىرى ناھايىتى يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. پەقەت يېشى يەتمىشكە يەتكەندىلا كۆزلىرى ئازراق خىرەلەشتى. ئۇ سەمەرقەندتە ئىسپانىيە ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا، ئۇلار يېقىن كەلگەن چېغىدىلا تونۇيالىغانىدى. ئۇ دەۋردە تۈرك ئىرقى ئىرانلىقلار بىلەن ئازراق ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن تېمۇرنىڭ يۈزىدە ساپ موغۇل سىماسى بار ئىدى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان بىر تارىخچى، ئۆز قەھرىمانىنىڭ رەسىمىنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئالاقىسىز بولغان ئىران گۈزەللىكىنى نەمۇنە قىلىپ ئالغان. تۈرك ساھىبقىرانىنىڭ ساقىلىنى ئۇزۇن، مەڭزىنى قىپقىزىل، ئۆزىنى ئاق تەنلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تېمۇرنىڭ پەقەت لىباسىلا ئىران ياكى غەربىي ئاسىيالىقلارنى ئەسلىتىدۇ، خالاس. ئۇ چاغلاردا جەيھۇن ساھىلىدىكى يەرلەردە ئەدەپ ۋە ئەخلاق، مۇئامىلە بۇددا ۋە ئىسلام مۇراسىملىرىنىڭ يىغىلىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قىياپەتلىرىمۇ شۇنداق ئىدى. بىز تېمۇرنىڭ توقۇنۇشلار پەيتىدە قىممەت باھالىق ئىپەكتىن كەڭ كىيىملەرنى كەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئاشۇنداق كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. بۇ كىيىملەر شۇ زاماندا مۇسۇلمان ئاسىياسىدا مەكرۇھ ھېسابلىناتتى. ئۇ باش كىيىمىدە موغۇل خىتاي قىياپىتىگە تەقلىد قىلغان بولۇپ، شەرەفىددىنگە (تارىخچى ش. ئەلى يەزدىنى دېمەكچى ـ س. ئا.) ياراشقان سەللىنى ئورىمىدى، بەلكى ئۇزۇن، ئۈستى ئۇچلۇق كىگىز بۆك كىيىپ يۈردى. بۆك ئۇچىغا

ئۇزۇنچاق ياقۇت قادالغان، ئۇنىڭ ئەتراپى دۇررى ــ گۆھەرلەر ۋە ناياب جاۋاھىر بىلەن بېزىتىلگەنىدى. ئۇنىڭ چوڭ ۋە قىممەت باھالىق زىرەك تاقاش ئادىتى موغۇللارغا خاس ئىدى. ئۇ ئۇمۇمەن زاھىرى زىننەتلەرگە ۋەچوڭ سۆيەت كۆرۈنۈشكە ئېتىبار بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان ساھىبقىرانلىق ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ ئوغۇشسىزلىقلارغا، يوقىتىشلارغا بەرداشلىق بەرگەن ۋە دائىم سىپارتالىقلارغا ئوخشاش ساددىلىقىغا سادىق بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تەبىئىي سۆپەتلىرىدىكى بۈيۈك قىرلار شۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئۇ ياشلىقىدا ئاتىسىنىڭ ياكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ تەلقىنلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ھاياتقا ئىسلام ۋە تەسەۋۋۇپ نەزەرىدىن قارىغانىدى. ئۇنىڭ قەتئىي جەڭگىۋار روھى، چەك ــ چېگراسىز يېگانە رىياستى ھەمىشە بۇ سۆپەتلىرى بىلەن يوشۇرۇن كۆرەشتە ئىدى. ئاخىرقى سۆپەتلىرى غالىب كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزى شۇنداق دەيدۇ : «ھاكىمىيەتنى پەقەت قىلىچ ئارقىلىقلا تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدۇ». ئۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىسفاھاننى تالان ــ تاراج قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن ۋاقتىدا، ئۆلىمالار مەھەللىسىگە شەپقەت قىلىشنى ئەمىر قىلغان ؛ ھىرات ۋە ھەلەب ئۆلىمالىرى بىلەن بولسا، دىنىي مۇنازىرىلەر ئۆتكۈزگەن. ئۆزىگە ئوخشاش قاراشتا بولمىغان (باشقىچە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) كىشىلەرگە شاھانە ھەدىيىلەر بەرگەن. مەلۇمكى تېمۇر ئەللامە شەرەفىددىن ھەلەبى بىلەن ناھايىتى كەسكىن مۇنازىرە قىلغان. ئاخىر ئۇنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ،ئۆزى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىشنى بۇيرۇغان، ئۇلارنىڭ سانى ئىككى مىڭغا يېقىن ئىدى. ئۇ ئېسىل تون ۋە باشقا سوۋغىلار بىلەن ئەللامە شەمسىددىن قازىنى، جەزىرىينى ۋە مەشھۇر شەيخ بۇخارىينى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىشقا ئىنتىلگەن. ھالبۇكى ئۇلار تېمۇرنىڭ ئاشكارا دۈشمەنلىرى ئىدى. ئۇ قايسى مەملىكەتنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭ ناياب ئولجىسى ــ شۇ ئۆلكىنىڭ رەسساملىرى، ماھىر ئۇستىلىرى ھېسابلانغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بۇرسا كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنى يۈك توشۇيدىغان ھايۋانلارغا ئارتىپ، سەمەرقەندگە ئېلىپ كەتكەن. ئاشۇنداق كىشىنىمۇ ۋەھشىي ۋە مەرھەمەتسىز دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ ؟ بولۇپمۇ تېمۇرنى چىڭگىز بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئۇنى ۋەھشىي، زالىم، قاراقچى دەپ ئاتىغان كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرى ئىككى تەرەپتىن خاتا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئاسىيا سەركەردىسى ئىدى. ئۆزىنىڭ غالىب ئەسكەرلىرى ۋە قورالىرىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە پايدىلانغان. ئۇنىڭ پائالىيىتى، بولۇپمۇ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن گۇناھ دەپ قارالسا، دائىم بىرەر جىنايەتكە جازا بېرىش يۈزىسىدىن ئېلىپ

بىرىلغانلىقنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. توغرا، جازا قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن ئادالەتلىك بولغان. ئىسپاھان ۋە شىرازدا ساتقىنلىق سەۋەبى بىلەن قەتل قىلىنغان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان.

... تۈرك ۋە ئەرەب قوۋملىرىدىن بولغان بارلىق جاھانگىرلار ۋە پاتىھلارغا ئوخشاش تېمۇردىمۇ ئۆز ۋەتىنىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە خاس تەرەپدارلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمدى ئاجىزلىشىپ قېلىۋاتقان ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىنى تۈركىستان چۆللىرىنىڭ يۇمشاق تۇپراقلىرىغا كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلغاندى. بۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قاراش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى جىنايەت دەپ ھېسابلىماسلىق كېرەك.

تېمۇرنىڭ ئاشۇ مەسلىكى ئۇنىڭ قەدىردان ۋەتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ۋە ئۇزاققىچە مېۋە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كەمبالا، غەزنە، بۇخارا سارايلىرىدا ۋە باشقا سۇلالىلەرنىڭ پايتەختلىرىدە ھېچقاچان سەمەرقەند سارىيىدىكىدەك دۆلەت ۋە بايلىق توپلانمىدى. بۇ يەردىكى دۆلەت ۋە شەۋكەت ئىسراپ قىلىنمىدى. تېمۇرنىڭ بايلىقى ۋە تويلىرى توغرىسىدا شەرەفىددىننىڭ ھېكايە قىلغانلىرى ئالدىدا تاتار ئىمپېراتورى (چىنگىز ـ س. ئا.) سارىيىنىڭ كۆز قاماشتۇرىدىغان گۈزەل لەۋھەلىرى ئاجايىپتۇر. خرىستىئان ئەلچىسى دون رىيوئى گونسالىس كلاۋىخو ئۇ لەۋھەلەرنى ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ ھەممە نەرسىنى كۆرگەن، چۈنكى ئۇ تېمۇرنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىدە بولغان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇنداق يۇكسەك ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىنى تېمۇرنىڭ رەسمىي قوبۇل پەيتىدە سۆزلىگەن تۆۋەندىكى سۆزىمۇ تەستىقلايدۇ. تېمۇر ئۆز ۋەزىرلىرىگە خىتاب قىلىپ، ئىپتىخارلىق بىلەن مۇنداق دېگەن : «قاراڭلار، مانا، ئوغلۇم ــ ئىسپانىيە كارولىنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى كۆرۈڭلار ! ئۇ ئىسپانىيە كارولى، دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىدە تۇرىدۇ ۋە پۈتۈن پەرەڭنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ــ پەرەڭلەر ھەققەتەن ئۇلۇغ خەلق. ئوغلۇم، مەنمۇ ئىسپانىيە پادىشاھىغا ئۆز ئېھتىرامىمنى بىلدۈرۈشنى ئىستەيمەن».

بىز سەمەرقەند سارىيىنى تەرىپلىگەندە، ئۆزىمىزگە ھۆججەت قىلىپ، ئالىيجاناب ئىسپانىيە بەگزادىسىنى تاللىدۇق ۋە ئۇنىڭ خاتىرىلىرىگە سۆيۈنۈپ، ساراي ئادەتلىرى، مۇراسىملىرى ۋە نەپىس ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆز يۈرگۈزىمىز. تېمۇر ئۆز سەلتەنەت تەختىنى قانچىلىك مۇنقەررزلىككە ۋە خارابىلىققا ئۇچرىغان خاندانلار

ھەمدە مەملىكەتلەر زېمىنىغا قوزغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنى ئۆز سارىيىدا توپلىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ساراي ئەئيانلىرىنىڭ يېپەك، دۇخاۋا ۋە ئەتلەس كىيىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئاساسىدا تىكىلگەنىدى. سارايدىكى ئاياللارنىڭ لىباسى خۇسۇسەن بۆرك، شاكىلا قەدىمكى خارەزم قىزىل كىيىم (قەبا ــ س. ئا.) كىيەتتى. ئۇ كىيىمنىڭ ياقىسى بويىنىنى قىسىپ تۇرىدىغان، يەڭسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئارقا ئېتىكى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن مەخسۇس مۇلازىملار كۆتۈرۈشۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ سانى بەزىدە ئون بەش كىشىگە يېتەتتى، يۈزىگە ھىجاپ تۇتاتتى. سەپەردە چاك ـ توزاندىن ۋە ھاۋانىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈزىگە ئاق قوغۇشۇن شەكلىدىكى ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەيتتى. قىزىل مووۇتتىن دۇبۇلغىغا ئوخشاش ئۈچلۈق قالپاق كىيىشەتتى. قالپاق ئۈستى قىزىل ياقۇت، زەبەرجەت، دۇرلار بىلەن بېزىتىلگەن، ئەتراپىدا چىشلىق قاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن گويا ئاق پەرلەر «تۆكۈلۈپ» تۇراتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تاكى كۆزلىرىگىچە چۈشۈپ، ماڭغان چېغىدا ھەرىكىتى بىلەن يۈزىگە ئالاھىدە گۈزەللىك بېرىپ تۇراتتى. تېمۇر سارىيىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاياللارمۇ كىچىك ئاسىيانىڭ ناھايىتى قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرى ھەم ئىسفاھان، مولتان، گەنج، دەمەشىق، بۇرسا، ۋېنىتسىيە زەرگەرلىرىنىڭ نەفىس بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزلىرىگە زىننەت بېرەتتى. ئەرلەرمۇ ئېسىل تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن قوراللار ۋە كەمەرلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك كۆپ بايلىق، ئالتۇن ۋە كۆمۈش ساۋۇتلار بىلەن يۈرۈشەتتى. كىلاۋىخو چېدىر ئىچىدە كۆرگەن چوڭ بىر ئالتۇن ساندۇقنى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ : ئۇنىڭ ياپىلاق قاپقىقىنىڭ يېشىل ۋە كۆك مىنو ئىشلىدىن ئىشلەنگەن كىچىك قۇببىلىرى ئاجايىپ جاۋاھىرلار ۋە ئۈنچىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاپقىقى ئىشىككە ئوخشاش. ئىچى بىرنەچچە قەۋەت قىلىپ دۇررى ـ گەۋھەرلەر بىلەن ياسالغان. ئالتە دانە ئالتۇن يامبۇ، ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزىتىلگەن. بۇ ساندۇقنىڭ يېنىدا ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە كېلىدىغان ئالتۇن خانتاختا بار. ئۇنىڭ ئەتراپى جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن. ئۈستىدە ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر زەبەرجەت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن خانتاختىنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمەن شەكلىدە ياسالغان بىر ئالتۇن دەرەخ بولۇپ ئۇنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنىڭ ئايىغى چوڭلۇقىدا، ئەتراپىقا يېيىلغان شاخلىرى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان. بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئورنىدا ناھايىتى كۆپ، قىزىل ياقۇت، زەبەرجەت فىروزە، سافىر ۋە ئاجايىپ ئېسىل دۇررى ـ گۆھەرلەر

شاخلارغا ئېسىلغان. يوپۇرماقلىرى ھەرخىل رەڭلەردىكى مىنو بىلەن ئىشلەنگەن، پۇتاقلىرىغا ئالتۇن قۇشلار قوندۇرۇلغان. شاھزادىلەرگە بېرىلىدىغان سوۋغاتلار يوغان كۈمۈش تاۋاقلارغا سېلىنىپ تەقدىم قىلىنىدۇ. شاراب يىغىلىشلىرىغا كۆپىنچە مىڭلارچە كىشىلەر قاتنىشىپ، شارابلار ئالتۇن لېگەنلەرگە قويۇلغان تىللا قەدەھلەر ئارقىلىق سۇنىلىدۇ. تېمۇر سارىيىدا پەۋقۇلئاددە تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مۇراسىملار تېمۇرنىڭ سەلتەنەتلىك دۆلىتى ھەققىدە بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇمات بېرەلەيدۇ دەپ ئويلايمىز.

بىزنىڭ راۋىيمىز (كىلاۋىخو ــ س. ئا.) تېمۇر سارىيىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ئەۋج ئېلىپ كامالەتكە يەتكەن دەۋردە زىيارەت قىلغان بولۇپ، شەمەرقەند ئەتراپىدىكى كانىگۇل چۆلىدە، چېدىرگاھىدا توي ئۆتكۈزۈلىۋاتقان پەيتلەردە كۆرگەن ئاجايىباتلارنىڭ ھەممىسىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. تۈركلەر ھەر دائىم يەڭگىل چېدىرلاردا ھايات كەچۈرەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى، نام ــ شۆھرەتلىرى زىبۇ زىننەتلىرى بۇ كۆچمە يۇرتلاردا كۆزگە ئېنىقراق كۆرۈنەتتى. تېمۇر پۈتۈن يەر يۈزىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، ئەڭ شەۋكەتلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ چېدىرلاردا شۇ چاغقا قەدەر كۆرۈلمىگەن شانۇ شەۋكەتلىك ھەقىقىي زىننەت ۋە ھەشەمەتىنى، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر مىلچە سوزۇلغان زەرەپشان ۋە سانسىز ئېرىقلار بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان چۆلدە ئۆتكۈزۈلگەن توي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن كىشى ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى كېرەك. بۇنداق چېدىرگاھ ئون ــ ئونبەش مىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردا ساراي ئەھلى، ۋەزىر ــ ۋۇزۇرالاردىن باشقا، ئاھالىنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرىمۇ ئورۇنلىشاتتى. بۇ يەردە شەھەرلىك بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نامايەندىلىرى ھازىر بولغان بولۇپ، ئەڭ مالدار دۇكانلار ئېچىلاتتى. ھۈنەرۋەنلەر ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى قۇراتتى. ھەتتا ھامماملارغا ئوخشاش مۇنچىلار ياسىلاتتى. ئاۋۋال پادىشاھ سارىيى ئۈچۈن چېدىر قۇرۇلغان بولۇپ، چېدىرگاھ ئوچۇق سايۋەن شەكلىدە ياسالغان ۋە ساراي چېدىرلىرىنىڭ مەركىزى قىسمىغا ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقا چېدىرلار تىكلەنگەن بولۇپ، ھەربىر ۋەزىر ۋە ھەربىر تۈمەن غازى ئۆزىنىڭ چېدىرىنىڭ قەيەرگە ئورۇنلىشىشىنى ئەمەل ــ ئۇنۋانىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھېچقانداق نائېنىقلىققا يول قويۇلمايدۇ. گۈزەل كانىگۇل چۆلى قىسقا بىر مۇددەتتە ئۆزىنىڭ چېدىرلىرى ئۈستىدىكى بايراقچىلىرى بىلەن بىپايان لالىزارلىققا ئوخشاش ئەل ۋە ئولۇسى بىلەن ياشناپ تۇرغان ئاجايىپ كاتتا گۈل باغچىسىغا ئايلانغانىدى. چېدىرلارنىڭ كۆپ قىسمى دائىرە شەكىللىك چىرايلىق

كىگىزلەردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ تەرەپلەردە ھازىرمۇ ئاشۇنداق چېدىرلار ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى چېدىرلاردىن باشقا ئارىلاپ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەرەبى ئىبراھىمى چېدىرلىرى، ئىرانىي ئەلا سەراپەردىلەر (ھىجابى سارىيى) ھەم ئۇچرايدۇ. كاستىلىيەلىك ئالىيجاناب مېھمان ئاشۇ چېدىرلارنىڭ بىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى. تۆت بۇرجەكلىك شەكىلدىكى بۇ چېدىرنىڭ كەڭلىكى يۈز قەدەم، ئېگىزلىكى ئۈچ نەيزە بويى كېلەتتى. كۆشۈك شەكىلدىكى ئوتتۇرا قىسمى كۆك رەڭلىك ۋە ئادەم بەدىنى چوڭلۇقىدىكى ئون ئىككى دانە ئالتۇن تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. چېدىر تۆپىسىدە يېرىم چەمبەر شەكىلدىكى رام بولۇپ، ئۈستىگە تارتىلغان گۈزەل يىپەك پەرىلەر شامالدا يەلپۈنۈپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇنىڭغا شۇنى ئىلاۋە قىلىش مۇمكىنكى، كۆشۈكنىڭ ھەممە تەرىپىدە چوڭ ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىرى مەخسۇس كېشىككە بەش يۈزدىن ئارتۇق يىپەك يىپلار بىلەن مەھكەم باغلانغانىدى. كۆشۈكنىڭ تاشقىرى تەرىپىگە قارا، سېرىق، ئاق رەڭ بېرىلگەن ؛ ئۇ خۇددى چوغدەك قىزىل گىلەم ۋە ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك گۈللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. يان تەرەپلىرىدىكى يېرىم قوۋۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە تۆت بۇرجىكىدە قارا قۇشلار قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچماقتا. تۆت بۇرجەكتىكى تۈۋرۈكلەر مەلۇم دائىرە ۋە يېڭى ئاي رەسىملىرى بىلەن بېزىتىلگەن. بەشىنچى مەركىزى تۈۋرۈككىمۇ ناھايىتى چوڭ ھەجىمدىكى شۇنداق بېزەكلەر ئىشلەنگەن. يىراقتىن خۇددى سارايغا ئوخشايدىغان بۇ كۆشۈك مۇنارلار بىلەن زىننەتلىنىپ، ئېگىز تاملار بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى. پادىشاھنىڭ خوتۇن – قىزلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئالىي دەرىجىلىك چېدىرلار تىكىلگەنىدى. ئۇلار سېرىق رەڭدە، ئالتۇن نەقىشلەر بىلەن يىپەكتىن تىكىلگەن بولۇپ، تاشقى تەرىپىگە بولسا ئۇقلار تۇتۇلغانىدى. ھەممىسىنىڭ ئىشىكلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىچىگە ئات مىنىپ كىرىشكىمۇ بولىدۇ. چېدىرلارنىڭ ھەممىسى دېرىزىلىك بولۇپ، چېدىرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن يىپەك تارتقۇچىلار بىلەن دېرىزىلەر ئېچىلىپ يېپىلىدۇ. دېرىزە پەردىلىرى ئاجايىپ پۇختا ۋە گۈزەل يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن ۋە ئىنتايىن ئالىي دەرىجىلىك ماتېرىياللاردىن تەييارلانغان. بۇلار پەقەت گۈزەللىك ئۈچۈنلا بولۇپ قالماي مۇھىمى قۇياش تازا قىزىغان مەزگىلدە چېدىرنى كۈن نۇرىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ. توغرا، ئەڭ ئەل سۈپەتلىك نەرسىلەر، ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاش قۇتىلاردىكى خاللار ۋە ئىشكىلەردىكى بېزەكلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كۈمۈش ۋە ئالتۇن نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. تېمۇرنىڭ بۇرسادىن ئەكەلتۈرگەن بىر

دەرۋازىسىدا خاۋەرىيلەردىن (ئاپۇستوللاردىن) پېتىر ۋە پولنىڭ رەسمى بار ئىدى. كېيىنكىلىرى بولسا قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئېغىر ئالتۇن ۋە كۈمۈش سىملاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئوقۇرمەنلەرگە «مىلك بىر كېچە» ھېكايىلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ چېدىرلاردا شاھانە مېھماندارچىلىق ۋە شارابخورلۇقلار ئۆتكۈزۈلەتتى. بىزدە تۈرك تائاملىرىنىڭ تەپسىلىي رويخېتى يوق. لېكىن ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئايرىم رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ ئەتىۋارلىق تائاملار — قوي گۆشىدىن تەييارلانغان قورۇمىلار، ئات گۆشى، ھازىرقىغا ئوخشاش ئېتىلىدىغان پولۇ، خېمىر تائاملىرى، فەۋا (مېۋىلىك تورت) ۋە چۈچۈك لاچىرە ئىدى. ئەڭ لەززەتلىك غىزا ئاتنىڭ توغرالغان سان گۆشى ھېسابلىناتتى. ئۇنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش لېگەنلەردە ئېلىپ كىرەتتى. ماھىر ئۇستىلار تەرىپىدىن ھازىرلانغان قورۇمىلار چەرم دەستۇرخانلارغا قويۇلاتتى. پادىشاھ بىرىنچى لوقمىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئەتراپتىكىلەرگە رۇخسەت قىلىناتتى. توغرالغان گۆشتىن ئىبارەت غىزا ئەتتىگەنلىك تاماقتا بېرىلەتتى. ياز پەسلىدە، ئادەتتە تاماق بىلەن بىللە قوغۇن ۋە ئۈزۈم قويۇلىدۇ، كېيىن شاراب تارتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئادەتلىرىگە ئاساسەن، شارابخورلۇق پادىشاھنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق كىشى، ئۆي ئەزالىرى ھەتتا مېھمانمۇ شاراب ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. شاراب، چاغىر، بوزا، شېكەرلىك قايماق ۋە قىمىز قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق ئىچىملىكلىرى ھېسابلىناتتى. شاراب ھەممىدىن بۇرۇن تارتىلاتتى. بەزمىنىڭ باشلىنىشىدا ساقىيلار شاراب ئۈزۈتىدۇ. ئۇلار تىزلىنىپ تۇرۇپ بىر قولىدىكى لېگەن بىلەن قەدەھ تەقدىم قىلىدۇ، ئىككىنچى قولىدا يېپەك ياغلىق تۇتۇپ، مېھماننىڭ لىباسىغا شاراب تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ.

ئادەت بويىچە، قەدەھلەر بىر قانچە قېتىم تۇتۇلغاندىن كېيىن، تەكلىپ توختىتىلىدۇ ۋە چوڭ قەدەھلەر قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ قەدەھلەرنى تېمۇرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرىدىغان ئادەم ئاخىرقى تامچىسىنىمۇ قالدۇرماي ئىچمىكى لازىم. ئاسىيادا شۇ چاغلاردىمۇ شاراب ئىچىشتىن مەقسەد ھازىرقىغا ئوخشاش كەيپ قىلىش ئۈچۈن ئىدى. پەقەت تېمۇرنىڭ تەڭداشلىرى ۋە ياكى زامانداشلىرى تاماق يېيىش ۋە شاراب ئىچىشتە ئاجايىپ ماھارەتلىك ئىدى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەست بولۇپ يەرگە يىقىلسا، ياكى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىسا، ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى. «تونۇشلۇق» مەست كىشىلەر بولسا، كەڭ مەيداندا بولغانغا ئوخشاش باتۇر نامىغا ئىگە بولاتتى. تۈركلەرنىڭ ھېسسىياتىغا پەقەت چوڭ

نەرسىلەرلا تەسىر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، دوستۇرخانغا پۈتۈن قورۇلغان ئاتلار ۋە ناھايىتى يوغان چاغىر كۈپلىرى قويۇلغاندىن كېيىنلا بەزم يىغىلىشى ئەڭ ئەلا بولغان ھېسابلىناتتى. كىلاۋىخونىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۈچ چېلەك چاغىر سىغىدىغان بۇ يوغان كۈپلەرنىڭ ناھايىتى كۆپى تېمۇر چېدىرىنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تۇراتتى. باشقا چېدىرلارنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا شاراب ياكى شېكەرلىك سۈت بىلەن لىق تولدۇرۇلغان كۈپلەرنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. مۇئەييەن ۋاقىتلاردىلا ئۇلارنى ئىچىش ئۈچۈن كىشىلەر تەكلىپ قىلىناتتى.

مەلۇمكى، بۇ يەردە قىزىقچىلار، كۆز باغلىغۇچىلار، داۋازلار دېيەرلىك ئاز ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھىندىستاندىن، كەشمىردىن كېلەتتى. تويلارغا قاتناشقان خانىملارنىڭ ھەممىسى ھىجابسىز ئىدى. مەلىكىلەر ئاممىغا رۇخسەت قىلىنغان بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇنىڭغا ئەرلەر، ھەتتا نەسرانىي ئەلچىلەرمۇ قاتنىشاتتى. ئىسلام ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۇرمۇشى بىلەن تونۇش كىشىلەرگە بۇ غەيرىي تەبىئىي تۇيۇلىدۇ. ئىسپانىيە ئەلچىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، بىز مىرانشاھنىڭ خوتۇنى كاتتا مېھمانلارنىڭ ئومۇمىي يىغىلىشىدا بەرگەن بىر زىياپەت ئەھۋالىنى بىلىمىز. ئۇ قىرىق ياشلىق سېمىز بىر خانزادە ئىدى. تۈرك گۈزەللىرى بۇ يىغىلىشتا شاراب تەسىرى بىلەن ناھايىتى خۇش چاقچاق سۆھبەت قۇرۇشتى. بۇ زىياپەتتە ياش يىگىتلەر ۋە چوڭ باھادىرلار ساقىي بولۇپ خىزمەت قىلدى. باشقا بىر چاغدا يەنە پادىشاھ ئايىم، يەنى تېمۇرنىڭ چوڭ خوتۇنى مۇۋۇت تاملار بىلەن ئورالغان، ئالتۇن نەقىشلەر ۋە يېزىقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالىي دەرىجىلىك چېدىرىدا كاتتا توي قىلدى. خوتۇنلارغا شاراب تۇتۇش يەنىمۇ نازاكەتلىك بولاتتى. بىرى ئالتۇن كوزا، باشقىسى ئالتۇن قەدەھ ھەم ئالتۇن دەستە تۇتاتتى. ئۇلار ئۈچ قېتىم تىز چۆككەندىن كېيىن خوتۇنلار يېقىن كېلىشەتتى ؛ ساقىي بېشى مەلىكىلەرگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوللىرىغا رومال ئوراپ ئالاتتى. لېكىن بۇ قىسمەن تەكەللۇپ، تېمۇر سارىيىدىكى لاتاپەتلىك جىنسنىڭ بەزمە يىغىلىشىدىن مەست بولۇش ھالىتىگە يېتىشىگە چەك قويۇلمايتتى. نىھايەتكى، ئىراننىڭ نازاكەتلىك خانىملىرى ھازىرقى زاماندىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ.

تېمۇر ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتنى، ھەربىر خۇشاللىق ۋەقەنى مېمارچىلىق ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بىلەن خاتىرىلەشنى قارار قىلغانىدى. شۇ مەقسەتتە ھىندىستاننىڭ يۈزلەرچە ماھىر خىش پىشۇرغۇچىلىرىنى، شىرزا، ئىسپاھان ۋە دەمەشقنىڭ مەشھۇر ھۈنەرۋەنلىرىنى ماۋەرائۇننەھرگە ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇلار گۈزەل ئىمارەتلەرنى قۇردى. مۇسۇلمان ئاسىياسى ئىككى يۈز يىل مابەينىدە تۈرك

قوشۇنلىرىغا لەشكەرگاھ بولغىنىغا، بۇ قىتئەدە ــ تىمۇر سەلتەنەتىدە ئەسەرلىرى بىلەن بىزنى ھەيرەتكە سالغان رەسساملار، مىمارلار ۋە باشقا سەنئەت ئەھلى دائىم ئىجاد قىلغانلىقىغا مەزكۇر ئىمارەتلەر گۇۋاھدۇر. شۇڭقەدەر ۋەھشىي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن جاھانگىرنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىككە نىسبەتەن مۇھەببەت شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ دەۋرىدە يارىتىلغان سەنئەت ۋە مىمارچىلىق ئەسەرلىرى دەلىل بولالايدۇ. تىمۇر گەرچە ئۆز مەملىكىتىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە بىنالار قۇرۇشقا ئەمر قىلغان بولسىمۇ، مەسىلەن تەبرىزدە مەسچىت، شىرازدا ساراي، باغدادتا مەدرىسە، ھەزرەت تۈركىستاندا مەشھۇر شەيخ ئەخمەت يەسەۋى قەبرىسى ئۈستىدە مەقبەرە بىنا قىلدۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۈيۈك ساخاۋەت ۋە ھىممىتىنى كىش ۋە سەمەرقەندتە ئالىي ئەسەرلىرىنى قۇردۇرۇشتا كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئىستىراھەتگاھى بولۇشقا تايىن قىلىنغان بىرىنچى شەھەردە، ئاتىسىنىڭ قەبرى ئۈستىدە ئالىي مەقبەرە بىنا قىلدۇردى. تۇنجى ئوغلى جاھانگىرگە مەقبەرە بىلەن بىرگە مەسچىت قۇردى. بۇ مەسچىتنىڭ كەڭ ھويلىسىدا موللىلار پاراۋان ياشاپ، مەرھۇملارنىڭ روھىنى شاد قىلىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن مەشغۇل بولدى. تىمۇر غەلىبىلىرى ۋە بەختىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە كىش شەھىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى مەركىزىگە ئايلاندۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەر «قۇببەتول ئىلمۇل ئەدەب» ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى. خارەزمدىكى مەشھۇر مەدرىسەلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى، بۇخارا ۋە پەرغانە ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ تاملىرى ئارقىسىدا ھىجرەتتە ياشايتتى. تىمۇر ئۆزىنىڭ پايتەختىنى شۇ يەردە قۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، گۈزەل ئاقسارايىنى بىنا قىلدۇردى. ئون ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا بىنا قىلىنغان بۇ ساراي ئىران مىمارلىرىنىڭ خالىس ئىشىدۇر. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇب مىمارچىلىقىغا، ئىنقىلاقى غەربىي ئىسلام ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇپ، ئىمارەت پەشتىقىغا دائىر ۋە قۇياش ئالامىتىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇران ئىشغالىيەتچىسىنىڭ ئىقامەتگاھى ئىران شاھلىرىنىڭ ئالامەت بەلگىلىرى بىلەن بېزىتىلگەنىدى. تىمۇرنىڭ ئالامەت بەلگىسى مۇنداق تەرزدە ( ) قويۇلغان ئۈچ ھالقىدىن ئىبارەت ئىدى. شوئارى «رۇستى ـ راستى». بۇ ئىبارە «كۈچ ـ ئادالەتتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئالامەت ئۇنىڭ ئۈچ ئىقلىمدا، يەنى شىمال، جەنۇب ۋە غەربتە ھاكىم ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. بۇ سارايىنىڭ (شۇ دەۋرلەردىكى باشقا ئىمارەتلەرنىڭمۇ) ئەڭ كۆركەم ۋە ئالىي مەقامىنى ئۇنىڭ پەشتىقى تەشكىل قىلىدۇ. پەشتاق پۈتۈن

ئىمارەتنىڭ يۇقىرى قىسمىنى ئىگىلىگەن، چوڭ شەكلى يېرىم ئايغا ئوخشايدۇ. خىتاي كاھىشلىرى، ئەرەبى نەقىشلەر، گۈللەر ۋە ئويمىكارلىق بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ كاھىشلار كاشان شەھرىدە ياسالغانلىقى ئۈچۈن كاھىشى دەپ ئاتالغان ۋە ھازىرمۇ مۇشۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ. تامنىڭ سىرتقى تەرىپى كۆك ۋە ئالتۇن رەڭگىدىكى ئەرەبى نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالى دەرىجىلىك كاھىشلاردىن ئىبارەت. بۇ بىنا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەلدۇر.

مەرۋى زامان بىلەن سەمەرقەند كىشكە تەڭ كېلەتتى. دەرۋەقە، سەمەرقەند تېمۇرنىڭ پايتەختى بولدى ۋە ئۆزىنىڭ كەڭلىكى، ئەھمىيتى ۋە گۈزەللىكى بىلەن بۈيۈك شەھەرلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئىسپانىيە ئەلچىلىرىنىڭ رىۋايىتىچە، سەمەرقەند ئىشبىلىيە (سىۋىلىيە) دىن كەڭرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭدا ئارك بىلەن قەلئە، يەنى شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىلا ئېتىبارغا ئېلىنغان. ئەمما شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك قىسمى تاشقىرىدا بولۇپ، بىر يېرىم ۋە ئىككى مىلغا سوزۇلىدىغان باغلار، ئۇلاردىكى سەيلىگاھلار ۋە خاقان ئويۇن ـ كۈلكە قىلىدىغان جايلار (ئىشرەتخانا) ھېسابقا ئېلىنمىغان. شەرق تەرەپتە «دىلكۇشا» سارىيى بار بولۇپ، شەھەرگە قارىغان ئىشىكىگە «دەرۋازەئى فىروزە» دېگەن خەت ھەل بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق يېزىلغان. بۇ سارايىنىڭ كەڭ، چوڭ ئاسمان ۋە يۇلتۇزلۇق كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن پەشتىقى ناھايىتى يىراقتىن يالتىراپ تۇراتتى. سارايىنىڭ سىرتقى ھويلىسىدا خاقان سارايلىرى بار، بۇنىڭدا قورال‌لانغان ئەسكەرلەر تۇرىدۇ. ئىچكى ھويلىدا بولسا بايراق ۋە تۇغلار بىلەن بېزەلگەن ئالتە پىل سېپى زىيارەتچىلەرنى ھەيرەتكە سالىدۇ ؛ پەقەت ئەڭ ئىچكىرىكى ــ ئۈچىنچى ھويلىدا تېمۇر ئالتۇن نەقىشلىك تەختتە ئولتۇرۇپ، زىيارەتچىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھويلىلارنىڭ تاشقىرىسىدا ھازىرقى ئىراندىكىگە ئوخشاش ئالما ۋە چىنار دەرەخلىرى بىلەن ئىھاتە قىلىنغان كۆللەر بار، كۆلدىكى سۇلاردا قىزىل ۋە سېرىق ئالمىلار لەيلەپ ئويناپ تۇرىدۇ.

جەنۇب تەرەپتە «باغى بېھىش» سارىيى بار بولۇپ، ئۇ گۈزەل مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى شادلىقنى ئاشۇرىدىغان بېغى مەشھۇر. شەرەفىددىننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، خەندەك بىلەن ئورالغان سۈنئىي تۆپىلىك ئۈستىگە تەبرىزنىڭ ساپ ئاق مەرمەرلىرىدىن ياسالغان بىرنەچچە كۆرۈكلەر شۇ باغقا تۇتاشتۇرۇلغان، تۆپىلىكنىڭ بىر تەرىپىدە ھايۋاناتلار باغچىسىمۇ بار. تېمۇر بۇ سارايىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى ـ مىرانشاھنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇ بۇ نەۋرىسىنى ئىنتايىن ياخشى

كۆرگەنلىكى ئۇچۇن بوش ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ خىلۋەتخانىسىدا (ئىرمىتاژىدا) ئۆتكۈزەتتى. «باغى چىناران» مۇ شەھەرنىڭ شۇ قىسمىدا ئىدى. گۈزەل يوللىرى، بۇ يوللارنى گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم چىنارلىرى بار ئىدى. بۇ باغ ئىچىدىكى سۇنئىي تۆپىلىك (تاغ) ئۈستىدە سەلب شەكىلدىكى قەسىر قەد كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ سىرتى شام نەققاشلىرىنىڭ ماھىرلىق بىلەن ياراتقان ئىجادىيىتى بىلەن، ئىچكىرىسى گۈزەل سۈرەت ۋە لەۋھەلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، قىممەت باھالىق بۇيۇملار بىلەن لىق تولدۇرۇلغانىدى. مەسىلەن : ئېغىر كۈمۈش قۇببىلار، تەختلەر ۋە باشقا قىممەت باھا ئەشيالار چۆچەكلەردىكى ئاجايىباتلارنى ئەسلىتەتتى.
يەنە «باغى شامال» بىلەن «باغى نەۋ» سارايلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بۇ سارايلار توغرى تۆت بۇرجەكلىك شەكىلدە بولۇپ، ھەربىر تەرىپى بىر يېرىم مىڭ قەدەم. ئۇنىڭ مەرمەر گۈللىرى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولۇپ، يەر يۈزى قارىياغاچ ۋە پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن كاھىشلىق ئىدى.
سەمەرقەندنىڭ شەۋكەتلىك دەۋرىدىن قالغان ئاسار ئەتىقىلىرى ھازىرقى زەئىپ ھالىتى بىلەن قىياس قىلىنسا، بۈگۈنكى ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ تەۋسىيەلىرى مۇبالىغىلىق تۇيۇلمايدۇ. سۇلتان خۇداۋەندە تەرىپىدىن سۇلتانىيەدە يۈز يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان مەسچىتنىڭ گۈزەللىكى تېمۇر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ھازىرقى سەمەرقەندنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە قەد كۆتۈرگەن «مەسجىد شاھ»نىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ. بابۇرنىڭ تەۋسىپىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ پەشتىقىغا قۇرئان ئايەتلىرى شۇنچىلىك يىرىك ھەرپلەر بىلەن پۈتۈلگەنلىكى، ئۇنى بىر مىل، ھەتتا ئىككى مىل يىراقلىقتا تۇرۇپ ئوقۇغىلى بولاتتى.
مىمارچىلىقنىڭ ئاشۇنداق ئۇسلۇبىدا كېيىنرەك قۇرۇلغان بىنالار مەسىلەن، ئىسپاھان ۋە مەيدانشاھتىكى مەسجىدى كەبىر، قۇم ۋە مەشھەتتىكى زىيارەتگاھلار تېمۇرنىڭ ھىممىتى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىمارەتكە نىسبەتەن پەقەت ئۇنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. كېيىنكىلەرنىڭ زامانىدا يەنى شاھرۇخ ۋە مىرزاھۇسەيىن بايقارا دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىمارەت سېلىش ھەۋسى يەنە كۈچەيدى. ھىراتتىكى مۇسەللا مەيدانىنىڭ خارابىلىرىدا ۋە مەشھەدتىكى مەلىكە گەۋھەرشاد بېگىمنىڭ گۈزەل مەسچىتلىرىدە بۇنىڭ نىشانلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھەۋەسنىڭ ئەڭ ئالىي مەقامغا كۆتۈرۈلۈشى پەقەت تېمۇر زامانىدا «ۋەھشىي ۋار – ۋار» ئاتالغان تېمۇر دەۋرىدە بولدى.
سانائەت ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەش مۇمكىن. تېمۇرنىڭ ئەمرى بىلەن دەمەشقنىڭ ئەڭ ماھىر توقۇمىچىلىرى، ھەلەبنىڭ مەشھۇر پاختا ئىگىرىش

كارخانىلىرى، ئەنقەرەنىڭ مووۇتچىلىق كارخانىلىرى، تۈركىيە ۋە گورجىستاننىڭ زەرگەرلىرى، ئىشقىلىپ سانائەتتە قانچە ماھىر ئىشچىلار بار بولسا، ھەممىسى سەمەرقەندگە كۆچۈپ كېلىشتى. سەمەرقەندتە بارلىق دىن ۋە مىللەت كىشىلىرى جەم بولۇشقانىدى. كىلاۋىخو بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىنى ساناپ، 130 .000 دېگەنلىكى خاتا بولمىسا كېرەك. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، سەمەرقەندنىڭ پۈتۈن ئاسىيا سودىسىدا مال ئامبىرى ئورنىنى ئالغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا پەملىيەلەيمىز. خۇسۇسەن بۇنىڭدا ئىچكى سودا ياخشى تەرەققىي قىلىپ، چوڭ ئەھمىيەتكە سازاۋەر بولدى ۋە ناھايىتى بۈيۈك مىقدارغا ئېرىشكەنىدى. بۇ يەرگە ھىندىستاندىن ناھايىتى نۇرغۇن ئەتتارلىق ۋە بوياق تىجارىتى كارۋانلىرى كېلىپ تۇراتتى. خىتايلار بۇ يەرگە يىپەك گەزلىمىلەر، چىنى كاسالار (قاچا ــ قۇچىلار)، قەدەھلەر، مۇشىك ــ ئەنبەرلەر، قىممەت باھالىق تاشلارنى ئەۋەتەتتى. مەملىكەتنىڭ شىمال تەرىپىدىن قىممەتلىك تېرە ماتېرىياللار كېلەتتى. مۇشۇنداق تۈرلۈك ئىقلىملارنىڭ ماللىرى سەمەرقەند بازارلىرىدا تاي ــ تاي قىلىپ باغلىنىپ، ئاسىيانىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىگە ۋە بۈيۈك يول ئارقىلىق غەربىي ياۋرۇپاغا ماڭغۇزۇلاتتى. سودىگەرلەر بىر يول بىلەن خارەزم، ئاستراباد، نىژني نوۋگورت، موسكۋا يولى بىلەن گەنزە كۆلگە باراتتى. ئىككىنچى، ھىرات، قەزۋىن، تەبرىز، ترابزۇن يولى ئارقىلىق گىنۇيىلىكلەرنىڭ، ۋېنىتسىيىلىكلەرنىڭ، پىزالىقلارنىڭ سودا كېمىلىرىگە چۈشۈپ، ياۋرۇپاغا يېتەتتى. ناھايىتى قورقۇنچلۇق، تىنچسىز زامانلار بولۇشىغا قارىماي، تېمۇر ھاكىمىيىتىنىڭ سايىسى چۈشكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە سودا ناھايىتى جانلىق ۋە ئالاھىدە خەۋپسىز ئىدى. بىر قايتا ــ قايتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىسپانىيە ئەلچىلىرى بۇ ئىشلارغا ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىتلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەلچىلەر ھەيئىتى ترابزۇندىن يولغا چۈشۈپ، بەزى دۈشمەن ۋىلايەتلىرى ئارقىلىق سەمەرقەندكە بارغان. ئەتراپىدا ھېچقانداق ساقچىلىرى بولمىغان ھالدا شەرقنىڭ ناياب ئەشيالىرى يۈكلەنگەن كاجۇلىق كارۋاننى ئۇلار ئۆز مەنزىلىگە بىخەتەر يەتكۈزگەن. بۇ ۋەقە ئەنقەرەدىكى قەتئىي توقۇنۇشلاردىن كېيىن ۋە غەربىي ئاسىيادا باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا سادىر بولغانىدى.

تېمۇرنىڭ تەدبىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە بىز ئالدىنقى بابتا توختالغان ئىدۇق. چۈنكى بۇ تەرەققىيات تېمۇرنىڭ ئەۋلاد ۋە ئەجدادلىرىنىڭ يەنى تېمۇرزادىلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە مەنسۇپتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسلى تۈركلۈك دەۋرى تېمۇردىن باشلانىدى. چۈنكى خارەزمشاھلار ۋە سالجۇقىيلار، گەرچە مەئىشەت شەكلى جەھەتتىن تۈرك بولسىمۇ،

www.uyghurweb.net

ئۇلار غەربىي ئىسلام ، ئىران مەدەنىيىتىگە مۇخلىس ئىدى. ئۇلار تۈرك مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ئىش قىلدى. ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، ھازىرقى ئىراندىكى تۈرك ــ قاجار خاندانىمۇ شۇنداق ئىدى. تېمۇر ئۆز تۈركلىرىنىڭ موغۇل ــ ختاي دۇنياسىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىسىنى مۇجەسسەم قىلدى. ئۇ دائىم ۋە ھەرجەھەتتىن تۈركلەرگە بىرىنچىلىكنى تەمىن ئېتىشكە تىرىشتى. گەرچە ئۇنىڭ سارىيى ئەجنەبىي ئۆلىمالىرى ۋە ھۈنەرۋەنلىرى بىلەن تولۇپ ــ تاشقان بولسىمۇ، مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەرقاچان تۈركچە يۈرگۈزۈلدى. ھەتتا موغۇل ــ ئۇيغۇر يېزىقى ناسرانىيلىق، بۇددىيلىق، مەجۇسىيلىق دەۋرى دەپ قارىلىپ، مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ناھايىتى يامان كۆرۈلگەن ھالەتتىمۇ مۇھاپىزەت قىلىندى. تېمۇرنىڭ ئۆزىمۇ ساپ ۋە ئېنىق تۈرك شېۋىسىدە يازاتتى. بۇ يەردە زىكرى قىلىنغان «تۈزۈكات» بۇ پىكرىمىزنى ئىسپاتلىيالايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى رەسمىي مۇھەررىرلەر ۋە شائىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ قەتئىي ۋە تەكلىپ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئاسىيانىڭ يېرىمىنى تىترىتىپ تۇرغان تەختى ئاستىدا قانچە خاندانلارنى يەكسان قىلغان بۇ ئادەم، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئەھدىلىرىنى ناھايىتى ساددا ئىبارىلەر ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە باشلايتتى : «مەن تەڭرىنىڭ قۇلى تېمۇر، شۇنى ئېيتىمەنكى...» كېيىنكى خانلارنىڭ ياكى كەمبەغەل بۇخارا پادىشاھلىرىنىڭ تەكەللۇپلۇق لەقەملىرى بىلەن بۇنىڭ ئارىسىدا شۇ قەدەر پەرق چوڭ.

دەرۋەقە، تېمۇر ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، دائىملىق ئۇرۇش ۋە ماجىرالارنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، جاھانگىرنىڭ تىرىكلىكىدە تەرەققىيات، دىنىي ئىلىملار ۋە دۇنياۋى پەنلەر ئۆز يولى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋەردى. تارىخ بىزگە ھېكايە قىلىدۇكى، ئىمام زەينۇلئابىددىن سۇلالىسىدىن بىر بۆلىكى يەنى شەيخ سەئىدئەلى ھەمەدانىي جاھاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، توغرا يول كۆرسىتىپ، ۋەز ــ نەسىھەت قىلىپ يۈرگەن. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 786 (مىلادىيىنىڭ 1384) ــ يىلىدا ئامۇ دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، خۇتتەلاندا ۋاپات بولغان. ئەخلاق ۋە تەسەۋۋۇپقا دائىر كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى شەيخ خوجا باھاۋىددىن تېمۇر زامانىدا ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 791 (مىلادىيىنىڭ 1389) ــ يىلىدا ۋاپات بولغان. ئۇ شۇ زاماندا بۇخارادىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى بولۇپ، بۇخارانىڭ مىللىي ئەۋلىيالىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ شەھەردىن چارەك سائەتلىك ئارىلىقتىكى زىيارەتگاھىنى ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلىش، ئۇزاقتىكى كەبىگە ھەج قىلىش بىلەن باراۋەر ھېسابلىناتتى. دۇنياۋى ئىلىملەر ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا

ئەرزىيدىغانلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. شائىر لۇتپۇللا نىشاپۇرىي ساراي شائىرى بولۇپ، شاھزادە مىرانشاھنىڭ مەدھىيىچىسى ئىدى. ھەۋەس قىلغۇدەك مەنسەپتە ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ شاھزادىنىڭ شارابخور، دىتسىز، پاسىقلىقى سەۋەبىدىن شائىرنىڭ دۇردانە قەسىدىلىرى بىلەن خۇددى بىر ھايۋاننى ماختاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى دائىم تەقدىرلىنەتتى. تېمۇرمۇ ئۇنى ناھايىتى ئالىي دەرىجىدە مۇكاپاتلايتتى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 786 (مىلادىيىنىڭ 1384) ـ يىلى ۋاپات بولدى.

شەيخ كامالىددىن خوجەندى قەسىدىلەر يېزىش بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ دوستى كامالىددىن ئىسپاھانى بولسا ئۆزىنىڭ غەزەللىرى بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ ۋەتىنىنى، توختامىشخان ئىگىلىگەندىن كېيىن، غالىبىنىڭ پەرمانى تۈپەيلىدىن بۇ شائىر ئىدىل ساھىلىدىكى پايتەختتە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىلگىرى بۇ جاي ئۇنىڭغا ناھايىتى ياقىقان ئىدى. لېكىن ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تەبرىزگە كەتتى. ئۇنى سۇلتان ھۈسەيىن ئېلخانىي تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىنا قىلىنغان خانىقادا ياشاپ، ھىجرىيىنىڭ 792 (مىلادىيىنىڭ 1390) ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇندىن بىر يىل ئۆتۈپ سەمەرقەندتە ئەللامە تەفتەزانى ۋاپات بولدى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 722 (مىلادىيىنىڭ 1322) ـ يىلىدا ئىراقتا تۇغۇلۇپ، ئون ئالتە يېشىدا شەرھ (بىرەر نەرسىنى ئىزاھلاش ئاساسىدا يېزىلغان كىچىك ئەسەر) يازغان. ئۇ ھىرات، جام، سەراخس، سەمەرقەند، غىژدۇۋان، تۈركىستان ۋە خارەزمدە ياشىدى. ئۇ كالام، فىقھە (قانۇنشۇناسلىق)، نەھۋى (مورفولوگىيە) ۋە تەفسىر ئىلمىدە شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىتاب ۋە رىسالىلىرىنىڭ سانىنى ئۆمرىنىڭ سانىدىنمۇ جىقراق دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئەھمەد كىرمانىي تېمۇر تارىخى ــ «تېمۇرنامە»نى يازغان بولۇپ، ئۇلۇغۋار ساھىبقىران بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ تېمۇرغا قارشى ئايرىم ھەجۋىيەلەرنى يېزىشقىمۇ جۈرئەت قىلغانىدى. (تېمۇر بىر قېتىم تېمۇر كىرمانىي ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ باشقا ئەدىبلىرى بىلەن ھاممامدا ئىكەن. گەپ ئادەملەرنىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بولۇۋاتقاندا تېمۇر شائىرغا سوئال قويۇپ : «ئەگەر مېنى سېتىشقا توغرا كەلسە قانچە باھا قويار ئىدىڭ ؟» دەپ سورىغان. شائىر كىرمانىي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ : «يىگىرمە بەش دىنار» دېگەن. تېمۇر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، «مېنىڭ بېلىمدىكى كەمەرنىڭ ئۆزىلا يىگىرمە بەش دىنار ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، كىرمانىي :«مەن پەقەت شۇ كەمەرنى ھېسابلاۋاتىمەن. بولمىسا ئۆزۈڭ بىر تىيىنغىمۇ يارىمايسەن» دېگەن

جاۋابنى بەرگەنىكەن). ھازىرقى ئاسىيانىڭ بىرنەچچە نادان پادىشاھلىرى بۇنداق جۇرئىتى ئۇچۇن شائىرنى قەتل قىلغان بولار ئىدى ! تېمۇرنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇرۇۋۋىتىدىن پايدىلانغان ئەجنەبىي ئۆلىما ۋە شائىرلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بالا دەشتىدىن ماۋەرائۇننەھرگە ئۆزى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ساھىبقىران مەردلىك بىلەن ئىنئام ۋە ئېھسان قىلاتتى. ئىستىبداتلىق بولغانلىرى، مەسىلەن، ئەڭ بۈيۈك ئەرەب قامۇسىنى يازغان جەزىرى ناھايىتى چوڭ مەنسەپكە ئېرىشتى. نىشاپور، باغداد، مەرۋى، خارەزمنىڭ ئۆلىما ۋە مۇدەررىسلىرى، بۇخارا، سەمەرقەند ۋە كىش مەدرىسلىرىدە ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئارتۇق مائاش ۋە ئىش ھەققى ئالدى. ئومۇمەن تېمۇر دۆلىتىنىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان مەدرىسلەر تەسىس قىلىندى. بۇلار خەير ـ ساخاۋەت تۈپەيلىدىن كەڭ كۆلەمدە تەرققىي قىلدى ؛ ھازىرقى كۈندىمۇ بۇخارانى زىيارەت قىلغان كىشىلەر بۇ ئاسار ئەتىقىلەرگە ھەيران قېلىشىدۇ. تېمۇر بۇ ئىشنىڭ تەشەببۇسكارى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خاندان ئەزالىرى، ۋەزىرلىرى ھەم مەملىكەتنىڭ بايلىرى بارلىق ياخشىلار مەسچىت ـ مەدرىسلەر، قىرائەتخانىلار ۋە كېسەلخانىلارنى تەسىس قىلىش ھەم ئۇلارغا ئېھسان بېرىشتە ئۆزئارا مۇسابىقە قىلىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى تەرەققىياتى، بىۋاستە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەمىر تېمۇرنىڭ خىزمىتى ۋە ھىممىتىگە چەمبەرچاس باغلانغاندى.

## تېمۇرىيلەر

ھىجرىيىنىڭ 807 ـ 906 (مىلادىيىنىڭ 1405 ـ 1500) ـ يىللىرى

تېمۇر ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن جاھانگىرلىك مەيدانىدا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان موغۇللارغا ئوخشاش بەختلىك بولالمىدى. موغۇللار ھۆكۈمدارى چوڭ بىر مەملىكەتنىڭ ئاساسىنى قۇردى. ئوغۇللىرى ۋە ۋارىسلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنى كۈچەيتتى ۋە كېڭەيتتى. تېمۇر بولسا ھاكىمىيەت بىناسىنى ئېگىز كۆتۈردى ؛ ئەمما پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولۇش ئورنىغا نائەھلىلىك ۋە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشلار نەتىجىسىدە بۇ بىنانىڭ زەئىپلىشىشى ۋە يىمىرىلىشىگە سەۋەبچى بولدى. چىڭگىزىيلەر ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، تېمۇرىينىڭ ۋارىسلىرى گەرچە ئۆز ئارىسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى ماھارىتى، پارلاق ئىستىبداتى ۋە ئالىيجانابلىقى بىلەن

كەلگۈسى ۋارىسلىرىنى ھەيرەتكە سالىدىغان زاتلار بولسىمۇ، سەلتەنەتنى بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتۇرالىدى، خالاس.

مەرھۇم بۈيۈك تېمۇرنىڭ سەمەرقەندتە دەپنە ۋە ماتەم مۇراسىمى تامام بولا — بولماستىن، ۋارىسلار ئوتتۇرىسىدا دەرھال تاجۇ تەخت تالىشىش ئىشلىرى باشلاندى. تېمۇرنىڭ خۇراسان ھاكىمى — ئاقىل ۋە تەدبىرچان شاھرۇخ مىرزىدىن باشقا ئوغۇللىرى ئۆزىدىن بالدۇر ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى.

تېمۇر ئۆزىگە تەخت ۋارىسى قىلىپ قەھرىمانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەن نەۋرىسى، شۇ چاغدىكى ھىندىستان ۋە كابۇل ھۆكۈمدارى پىر مۇھەممەدنى تەيىنلىگەنىدى.

ياشلىقىنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن پىر مۇھەممەدخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەيش ئىشرەتكە بېرىلىپ، ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى ھىلىيگەر ۋە ئاچكۆز ۋەزىرى پىرئەلى تازغا تاپشۇرۇپ قويغانىدى. پىر مۇھەممەدخان بوۋىسى تېمۇرنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئىشرەت — بەزمە ئۈستىدە تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەندتىكى ساراي دائىرىسىدە بىقارارلىق ۋە پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئەگەر پىرمۇھەممەدخان شاراب قەدەھلىرىنى قويۇپ، قولىغا ئۇرۇش قورالىنى ئېلىپ، دەرھال ئەسكەر توپلاپ سەمەرقەند ئۈستىگە كەلگىنىدە، بوۋىسىنىڭ تەختىگە ئىگە بولار ئىدى.

لېكىن ئۇ كېچىكتى. مىرانشاھنىڭ تاشكەنتتە ياشاۋاتقان ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى سۇلتان خەلىل مىرزا ھەرىكەت باشلىدى. ئۇ بۇ يەردىكى بىرقانچە ئابرۇيلۇق ھۆكۈمدارلارنىڭ قوللىشى بىلەن بۈيۈك بوۋىسىنىڭ تەختىگە دەۋاگەرلىك قىلىپ، توسقۇنچىلىقسىزلا سەمەرقەند ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

ئۇ ئۇلۇغ بوۋىسىدىن قالغان خەزىنىلەر ۋاستىسى بىلەن ھۆكۈمەت بېشىغا كەلدى ۋە پىر مۇھەممەدخاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش تەرەپدارلىرىنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا قارار قىلدى.

تېمۇرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن پىرمۇھەممەدخاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش تەرەپدارلىرى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما خېلىل مىرزا ئاتنى بۇرۇنراق قامچىلاپ بولغانىدى. ئۇ پىرمۇھەممەدخاننىڭ پىلانلىرىنى بۇزۇپ، ئامۇ دەرياىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە قوشۇۋېلىشقا ئېرىشتى.

لېكىن، بۇنىڭدىن بىرەر نەپ چىقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇمشاق، خىيالپەرەس تەبىئىتى بىلەن ھۆكۈمدارغا قارىغاندا كۆپرەك شائىر بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغانىدى. خەلىل بىر تەرەپتىن بۈيۈك بوۋىسىنىڭ پۈتمەس — تۈگىمەس خەزىنىلىرىنى ئىسراپ قىلىپ، نوپۇزلۇق يۇقىرى مەنسەپدارلاردىن، ئالىي تەبىقىدىكىلەردىن بىر

قانچە كىشىنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن بوۋىسىغا ساداقەتمەن كىشىلەرنى بىزار قىلدى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ دۈشمەنلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خەلىلنىڭ شادىمۇلىك ئىسىملىك بىر ئايالنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى نارازىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبكار بولغان. شادىمۇلىك ئەۋۋەل ھاجى سەيپىددىننىڭ كېنىزىكى ئىدى. خەلىل تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆيلەندى. تېمۇر ھايات ۋاقتىدا بۇ جەزىبدار كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈپ، خەلىلنىڭ ئىشىق ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولغانىدى. ئەمما كېنىزەك جازادىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئاخىر شادىمۇلىك ھۆكۈمدارنىڭ خوتۇنى سۈپىتىدە، ئېرىنىڭ بۈرۈنقى ئۆزىگە سادىق تەرەپدارلىرىنى ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاندۇردى.

بىرىنچى بولۇپ تۈركىستان ۋىلايىتىگە ھەم پەرغانىنىڭ بىر قىسمىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەمىر خۇدادات بىلەن شەيخ نۇرىددىن خەلىلگە قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئەگەر پىرمۇھەممەدخان مىراس دەۋاسى بىلەن چوڭ قوشۇن توپلاپ، ئامۇ دەرياغا يېقىنلىشىپ، خەلىلنى كۈچلۈك تەھلىكىگە سالمىسا، ئۇ ھامان سەمەرقەندتە ياشاپ، گۈزەل مەھبۇبىسى شەنىگە غەزەل يېزىش بىلەن بەنت بولۇپ يېتىۋېرەتتى.

خەلىلنىڭ ئۇكىسى مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن بولسا ئامۇ دەرياىنىڭ سول قىرغىقىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش قەستىدە ئىسيان كۆتۈردى. شۇ سەۋەبتىن خەلىل ئاۋۋال ئۆزى ئەۋەتكەن ئەسكەر بىلەن جەڭ قىلدى، كېيىن مىرزا سۇلتان ھۈسەيىنگە قارشى ئەسكەر ئەۋەتىپ، كىش ۋىلايىتىنىڭ جىگدىلىك دېگەن جايىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، تەختنىڭ ئىككى دەۋاگىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرە باشلاندى. لېكىن بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش باشقىدىن يەنىمۇ كۈچلۈكرەك تۈس ئالدى. ئامۇ دەرياىنى كېچىپ ئۆتكەن پىرمۇھەممەد نەسەپ ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئوردىگاھى ۋە مال ـ دۇنياسىنى تاشلاپ، ئاران قېچىپ قۇتۇلدى.

پىرمۇھەممەدخان يەنە بىر قېتىم ئۆز بەختىنى سىناپ كۆردى. ئەمما بۇ سەپەردىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەيخورلۇق ۋە نادانلىقتا بىرلىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا بۈرۈنقى قەھرىمانلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي پىرمۇھەممەد شىبورغان يېنىدا ھىجرىيىنىڭ 809 (مىلادىيىنىڭ 1407) ـ يىلىدا، ئۆزىنىڭ چېدىرىدا

مەشھۇر ۋەزىرى پىرئەلى تاز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ھالبۇكى پىرمۇھەممەد خان پىرئەلىنى خىزمەتكارلىقتىن ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى. (ئافغانىستان ۋە شىمالى ھىندىستان ھۆكۈمدارى بولۇشنى نىيەت قىلغان پىرئەلى بەگلەرنىڭ ئىسيانى سەۋەبىدىن ھىراتقا قېچىپ بارىدۇ، شاھرۇخ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ ئۇنى قەتل قىلىدۇ).

شۇ تەرىقىدە خەلىل جەنۇبىي بىخەتەرلىككە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بىراق شىمال تەرەپلەر ھاياجانلىق ۋە تەھلىكىلىك ئىچىدە ئىدى. چۈنكى ئىسيانچى خۇدادات ۋە شەيخ نۇرىددىن قاتارلىقلار ئەمىرلەر ۋە باشقا بەگلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، نوپۇز دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە ھەم چوڭ قوشۇن بىلەن توپتوغرا سەمەرقەند ئۈستىگە كەلمەكتە ئىدى.

خەلىل ئارغۇنشاھ ۋە ئەمىر ئاللادات رەھبەرلىكىدە ئاسىيلارغا قارشى لەشكەر ئەۋەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ ئىككى زات دۈشمەن بىلەن مەخپىي ئىتتىپاق تۈزگەنىدى. ئالىيجاناب لېكىن بەختسىز خەلىل ئۆزىنى قوغدىغۇچى، سادىق ھېسابلانغان كىچىك بىر گۇرۇھنىڭ كۆزىتىشىدە قالغان پەيتتە، ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلدى ۋە شىرار قەلئەسى خارابىلىرىدە خۇدادات لەشكەرلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كېلىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ سابىق تەۋەلىكىگە ئەۋەتىلدى. ئۇ بۇ يەردە تاجۇ تەختتىن ۋاز كېچىشكە ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن قەشقەر ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چوڭ پالاكىتى، تەقدىرنىڭ كۈتۈلمىگەن زەربىسىدىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قەلبىدىن سۆيگەن مەھبۇبىسى شادىمۈلكتىن ئايرىلىشى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق غەم ــ غۇسسىلىرىنى كۆز ياشلىرى ئارىلاش شىكايەت بىلەن تولغان غەزەللەرنى يېزىپ، يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇندى. ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن خەزىنىلىرى بىلەن سەمەرقەندنى ئىگىلىگەن، ئۇنى تەھقىپ ۋە مەسخىرە قىلغان، ھەتتا مەلىكە شادىمۈلكنى ئاۋامنىڭ ئەڭ رەسۋا ھاقارىتىگە دۇچار قىلدۇرغان خۇداداتنىڭ بەختى ئۇزاققا بارمىدى. تېمۇرىيلەرنىڭ ئەڭ چوڭى مىرزا شاھرۇخ مۇشۇ پەيتتە ھىراتتا ياشاپ نوپۇز ۋە ئۇلۇغۋارلىقى ئەڭ يۇكسەك مەقامغا يېتىشكەنىدى. ئۇ ماۋەرائۇننەھردىكى بۇ ھادىسىلەرگە ئېتىبارسىز قارىيالمىدى.

شاھرۇخ تېمۇرىيلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە ئالىيجاناب بىر شاھزادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سارىيى زامانىنىڭ پەن ۋە مائارىپ ئوچىقى ئىدى. خۇراساننىڭ مائارىپقا مايىل ئىران ئېلېمېنتلىرى ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايتتى. شۇ تۈپەيلى ماۋەرائۇننەھردە ھاكىمىيەت مەسىلىسى ۋە ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى

ۋەقەلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى قاتتىق تارتقانىدى. لېكىن سۇلالە مەنپەئەتى تەھلىكىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇرۇشنى ئانچە خالىمىسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى.

قېرىندىشى خەلىلنىڭ پالاكەتكە يولۇققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆزىنىڭ لەشكىرى بىلەن خۇداداتقا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. خۇدادات ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شاھرۇخ بۇنىڭغا قارىماي، سەمەرقەندگە يۈردى ۋە شەھەر خەلقى تەرىپىدىن ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىندى. خۇدادات تاشكەنتكە قېچىپ كەتتى ۋە موغۇل خانى مۇھەممەدخاندىن باشپانالىق تەلەپ قىلدى. لېكىن مۇھەممەدخان شاھرۇخقا ئوخشاش ئىقتىدارلىق بىر زاتقا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ بۇرادىرى شەمئىجاھانغا بۇ ئاسىي قاچقۇننى تۇتۇۋېلىشنى ئەمر قىلدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى، خۇداداتنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، موغۇل خانىنىڭ ساداقىتىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە شاھرۇخقا تەقدىم قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، ماۋەرائۇننەھردە بىر ئاز تىنچلىق ئورنىتىلىپ، مىرزا خەلىلنى ئەسكە ئالدى. خۇدادات ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خەلىل ئۇنىڭ بۇرادىرى تەرىپىدىن ئالا تاغدىكى قەلئەگە كۆچۈرۈلگەنىدى. شاھرۇخ ئۆزىنىڭ توقسابەسى (گېنېرالى) شاھمەلىكنى ئۇنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئېھتىمال مىرزا خەلىل ئاسىي بەگلەردىن ئۆزىنى ئازاد قىلىشقا كەلگۈچىلەردىن كۆپرەك قورققان بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن ئىناۋەتلىك بىر ساقچى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىدە سىر دەريانىڭ سول قىرغىقىدا تۇرغان شاھرۇخنىڭ يېنىغا كەتتى. شاھرۇخ ئۇنى قۇچاقلاپ قارشى ئالدى. ھەرخىل سەمىمىي دوستلۇق ئالامەتلىرىنى كۆرسەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ چىن دىلىدىن سۆيگەن مەھبۇبى شادىمۇلكنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ پەقەت تاجۇ تەختتىن مەھرۇم قىلىندى. شاھرۇخ ئۇنى بىر ئاز تەسەللى تاپسۇن دەپ ئىراق نائىبى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. مىرزا خەلىل ئۇ يەرگە كېتىۋېتىپ، ھىجرىيىنىڭ 812 (مىلادىيىنىڭ 1409) ــ يىلى يولدا ۋاپات بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مەھبۇبىسى شادىمۇلكمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئۇ ئېرى بىلەن بىر قەبرىگە كۆمۈلگەنىكەن.

شاھرۇخ ئىككىنچى يىلى يەنە بىر قېتىم قوراللىنىپ، ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. ماۋەرائۇننەھردە ھاكىملارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، خەلىلنىڭ يۇمشاقلىقى، بەگلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق جۈرئەت بىلەن تېز ـ تېز

www.uyghurweb.net

غەليان قىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئەمىر نۇرىددىن شۇلارنىڭ بېشىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن تەختنى ئېلىشقا قەست قىلىپ ئۇرۇش باشلىدى. ئۇرۇشنىڭ بېشىدىلا توقسابە شاھمەلىكتىن يېڭىلگەنلىكتىن، تاشكەنتكە قاچتى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئېغىر جازاغا دۇچار بولدى.

شاھرۇخ مىرزا ئاتىسىنىڭ سۇرىيە بىلەن ئەرەبىستاندىن باشقا ھەممە جايلىرىنى ئۆز قول ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھر تەختىنى تۇنجى ئوغلى ئۇلۇغبەككە تاپشۇردى. ئۇلۇغبەك ئاتىسىغا ئوخشاش باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان كىشى بولۇش بىلەنلا چەكلەنمىدى، بەلكى پەن ـ مائارىپقا ئالىيجانابلارچە مايىل بولۇشتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. تېمۇر سۇلالىسىدىن نامى غەربتىكى خىرىستىئان دۇنياسىدىمۇ بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدە ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىلگەن مەشھۇر بىر زاد ئۇلۇغبەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت تورغاي بولۇپ، چوڭ بوۋىسى ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولغان چاغدا ئون بەش ياشتا ئىدى. ئۇ ماۋەرائۇننەھرنى باشقۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا ئون توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلغان پادىشاھلىق دەۋرى تېمۇرىيلار سەلتەنىتىنىڭ سائادەتلىك دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاتىسى ئاھالىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن تۇراندىكى تىنچلىق بۇزۇلمىدى. گەرچە موغۇللار كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى جەڭگە دالالەت قىلىپ، ھەتتا ئۇ بىر قېتىم ئاقسۇغىچە بېرىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ۋاقىتىدىكى ئۇرۇشلاردىن پەقەت شىمال تەرەپتىكى بىر تاجاۋۇزچىلىقنى سۆزلەپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى بۇ تاجاۋۇزنىڭ پالاكەتلىك ئاقىۋىتى ماۋەرائۇننەھر ئۈچۈنمۇ خېلى كۆپ زىيانلارنى كەلتۈردى.

تېمۇر تەرىپىدىن قىپچاق خانى قىلىپ تەيىنلەنگەن قوۋۇرچاقنىڭ ئوغلى باراق ئوغلان دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ بىلەن بېسىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن ھىجرىيىنىڭ 828 (مىلادىيىنىڭ 1424) ـ يىلىدا تۈركىستانغا، سىغناق ئەتراپىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قەلئەنىڭ قوماندانى ھەر ۋاقىت «مەتلەئەسسەئدەين...» ساھىبىنىڭ تەبىرىچە، قىپچاق ۋە ئۆزبېك ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن شىكايەت بىلەن ئەشۇ باراق ئوغلانغا مۇراجىئەت قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قەلئەدە ئۆزىنىڭ ھەققى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇلۇغبەك بۇنىڭغا قارشى شەخسەن ئۆزى بېرىشقا قارار قىلدى. ئاتىسى ئۇلۇغبەكنىڭ لەشكەر بېشلىق ئىقتىدارىغا ئانچە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ياردەمچى قىلىپ، ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد جوگىنى ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلۇغبەك

ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەستىن ئۇرۇش باشلىۋەتتى ۋە باراق ئوغلاننىڭ ئاز مىقداردىكى مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنى تەرىپىدىن دەھشەتلىك رەۋىشتە پاراكەندە قىلىندى. جۇگى لەشكەرلىرىمۇ كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ پەيتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە قازانغان قىپچاق ئوردىسى بولاڭ ـ تالاڭ بىلەن خۇجەندكىچە كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ پالاكەتتىن كېيىن ياش ۋە نازۇك تەبىئەتلىك شاھزادە جەڭگى ـ جېدەلدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئۆلىمالار مەجلىسگە، ئىلىم ـ پەنگە بېرىلىپ كەتتى. بۈيۈك بىر ئەركىنلىك بىلەن پەن ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا، پايتەختنى مىمارچىلىق سەنئىتى بىلەن بېزەشكە كىرىشتى. شەھەرنىڭ ھازىرقى خارابىلىرى ھامان قۇرغۇچىلارنىڭ نازۇك ھېسسىياتىدىن، سەنئەت ساخاۋىتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرماقتا.

ئاشۇ ۋاقىتتىكى سەمەرقەند ھەققىدە ئۆز خاتىرىلىرىدە بىر قەدەر توغرا مەلۇمات بەرگەن بابۇر ئۇنىڭ چوڭ بىنالىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى زىكرى قىلىدۇ : 1) «خانىقانىڭ گۈمبىزى غايەت ئۇلۇغ گۈمبەزدۇر، ئالەمدە ئۇنچىلىك ئۇلۇغ گۈمبەز يوق دەپ نىشان بېرۇرلەر». 2 ) غايەت گۈزەل كۆل، ئۈستى ھەشەمەت بىلەن بېزەلگەن شاھانە كۆرۈنۈشلۈك مەدرىسە بىنا قىلىنغان. بۇ مەدرىسە ھىجرىيىنىڭ 828 (مىلادىيىنىڭ 1424) ـ يىلىدا ياسالغان. لېكىن ئىككى يۈز يىل ئۆتە ـ ئۆتمەستىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل ھۇجرىلىرىنىڭ خارابىلىرىدا غەيرەتلىك تالىپلارنىڭ ئورنىدا ھۇقۇشلار ماكان تۇتتى. 3) مۇقەتتە مەسجىدى. بۇ جەھەتتىن مۇقەتتە ‹زىجى كۆرەگانىي›سى («كورگان جەدۋىلى») ھىجرىيىنىڭ 841 (مىلادىيىنىڭ 1438) ـ يىلىدا تۈزۈلدى. ئۇلۇغبەك پتولومېي (باتلىمۇس) تەقۋىمىنى سەمەرقەند شەھىرىگە مۇۋاپىق ئىشلىدى. ئۆلىمالارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى تۈزىتىشكە كىرىشتى. شۇ تەرىقىدە يۇنان ھەكىمىنىڭ ئەسىرى، تۈرك ‹تەرجىمىدە «تاتار» دېيىلگەن ـ س. ئا.)ئالىمىنىڭ تۈزىتىشى بىلەن يېڭى بىر دۇنياغا يۈزلەندى. «مەتلەئەسسەئدەين» يازغان ئابدۇرەزاق سەمەرقەندتە ئۆزى كۆرگەن تەرەققىيات ۋە دەرىجىلەرنىڭ بىرىلىشى ۋە بۇ ئالامەتلەرنىڭ مۇكەممەللىكى ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم توختالغانىدى. كۆك گۈمبىزىدىكى سەييارە ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت مەۋقەلىرى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن قۇرۇقلۇقلار، دېڭىزلار، تاغ ۋە سەھرالارنىڭ شۇنچىلىك توغرا كۆرسىتىلگەنلىكىدىن ھەيران قالغانلىقى ۋە بۇنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز ئىكەنلىكىنى يازىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ رەسەتخانە يەر يۈزىنىڭ بىر مۆجىزىسى ھېسابلىناتتى. بۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەتتا ئانىسى گۆھەرشات بېگىم ھىجرىيىنىڭ 823 (مىلادىيىنىڭ

(1420) - يىلى ھىراتتىن سەمەرقەندكە كەلگەندە، ئۇلۇغبەك پەقەت ئىلىم ــ پەن بىلەن رىيازىيەتكە (ئاسترونومىيە بىلەن ماتېماتىكىغىلا) ئەمەس، بەلكى باشقا پەن ۋە ئىلىملارغىمۇ قاتتىق بېرىلگەنىدى. شائىرلار، ئالىملار مەملىكەتنىڭ تەرەپ ــ تەرەپلىرىدىن كېلىشكە باشلىغانىدى. ئايرىم ئالىملار ياكى رەسساملارنى جەلپ قىلىش جەريانىدا ھەتتا بەزى چاغلاردا ئاتا ــ باللار ئوتتۇرىسىدا رىقابەتلىشىش ئىشلىرىمۇ پەيدا بولاتتى. ئۇلۇغبەك ھۆكۈمىتى دەۋرىنى ئۇلۇغ سامانىيلار دەۋرى بىلەن بىر قاتاردا قىياس قىلىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى بۇ ھالەت پەقەت شاھرۇخ مىرزىنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلالىدى. ھىجرىيە 850 (مىلادىيە 1447) ــ يىلىدا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ساپ ۋە ئوچۇق تۇرغان ئاسمىنىنى قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. تىنچلىق تۇپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن سۈلھى ۋە سائادەتنىڭ قىممەتلىك مېۋىلىرى قانلىق ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن بەربات بولدى.

ئۇلۇغبەك تۇنجى ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسى شاھرۇخنىڭ پۈتۈن مۈلكىگە ئۆزىنى ۋارىس ھېسابلاپ، خۇراسانغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. لېكىن جىيەنى بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ ئوغلى ئالائۇددەۋلە ھىراتنى ئىگىلەپ، ئۇلۇغبەكنىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپنى ئەسىرگە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى.

مەرھەمەتلىك ئۇلۇغبەك ئۆز ئوغلىنىڭ ھايات ــ ماماتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىدى. ئابدۇللەتىپنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، خەزىنە بىلەن ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ماقۇل بولدى. ئالائۇددەۋلە شەرتنىڭ بىرىنچى قىسمىنى بېجىرگەن بولسىمۇ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، خەزىنىنى قايتۇرۇش ھەققىدە سۆزلىشىشنى خالىمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلۇغبەك ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا قاتتىق تەييارلىق قىلدى.

ئالائۇددەۋلە شاھرۇخ ئەللىك يىلدىن بۇيان توپلىغان خەزىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەرپ قىلىپ، جەڭگە ئەسكەر توپلىدى. ئۇلۇغبەك مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ھىراتتىن تۆت مىل نېرىدىكى تۇرناب دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىنىپ، ئۇلۇغبەك تەنتەنە بىلەن غەلىبە قازاندى. ئالائۇددەۋلەنىڭ تاجۇ تەختى ۋەيران بولدى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەشھەدكە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھىرات ئۆزىنىڭ بارلىق خەزىنىلىرى بىلەن قانۇنىي ۋارىسنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەك دۈشمىنىنى قوغلاپ غەربىي خۇراسانغا باردى. بۇ يەردە قېرىندىشى ئوبۇلقاسىم مىرزا بىلەن بىرلىشىپ، بىرقانچە شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر

يۈز بەردى. ئۇلۇغبەك تۈرمىدە ساقلىغان قارا قويۇنلۇق قەبىلىسىدىن، تۈركمەن
رەئىسى ئىرالىبەك قېچىپ كەتتى. تېمۇرىيلارغا قارشى قەدىمدىن ساقلىنىپ كەلگەن
سۇلالە ئاداۋىتى يېڭىدىن قايتا باشلاندى ۋە ھىراتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تالان ـ
تاراج قىلدى. شاھرۇخ مىرزا دەۋرىدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئالىي بىنالارنى،
قىممەتلىك سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋەيران قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ھال ئۇلۇغبەكنىڭ پايتەختى
سەمەرقەندتىمۇ سادىر بولدى. بىر گۇرۇھ ئۆزبېك ئاتلىقلىرى باسقۇنچىلىق قىلدى
ۋە يولدا دۇچ كەلگەنلىكى نەرسىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، سەمەرقەندنىڭ
دەرۋازىسىغا قەدەر يېتىپ كەلدى. شەھەر سىرتىدىكى سارايلاردا، ئۆزلىرىنىڭ
ۋەھشىيلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئابدۇرەززاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، چىندىن
مەخسۇس ئالدۇرۇلغان ھەشەمەتلىك رەسىملەر ئۆزبېكلەرنىڭ توقماقلىرى بىلەن
پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن، چىنى نەقىشلەر پارچىلىنىپ تاملاردىن قومۇرۇپ
تاشلانغان، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن مۆكەممەل ھەيۋەتلىك ئايۋانلار قىرىپ
بۇزۇلغان، قىسقىسى كۆپ يىللار مابەينىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن گۈزەل سەنئەت
ئەسەرلىرى بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ۋەيران قىلىپ تاشلانغانىدى.

ئالىيجاناب ئۇلۇغبەك ئۈچۈن بۇلار تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار ئىدى. ئەمما
بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق، ئېچىنارلىق بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلۇغبەك پەقەت
ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلىپ بارغان، بالام دەپ دائىم قايغۇرۇپ كەلگەن
ئوغلى ئابدۇللەتىپ، ئاتىسىنىڭ شۇنچىلىك چوڭقۇر مۇھەببىتىگە كۆپرانىي نېمەت
كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلدى.

ئابدۇللەتىپ تۇرنابىتىكى جەڭدە ئاز ـ تولا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى
ئۈچۈن غەلىبە شەرىپىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىش مەقسىتىدە دەۋا قىلدى.
ھالبۇكى، ئۇلۇغبەك مۇۋەپپەقىيەت شەرىپىنى ئابدۇللەتىپنىڭ ئۇكىسى
ئابدۇلئەزىزدىن كۆرەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىختىيارىددىن سارىيىدىن تېپىلغان
خەزىنىلەرنى ئابدۇللەتىپ ئۆز مۈلكى دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغبەك ئۇ
مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللەتىپ كۆپ يالۋۇرۇشلار ئارقىلىق ئاتىسىدىن
بەلىخنىڭ نائىبلىقىنى ئېلىپلا، دەرھال ئىسيان كۆتۈردى ۋە ئامۇ دەرياسىغا يۈرۈش
باشلىدى. ئوغلىنىڭ بۇ ھاقارىتىدىن ئاچچىقلانغان ئۇلۇغبەك قارشى ھەرىكەت
قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن بىرىنچى توقۇنۇشۇشتىلا يېڭىلىپ قالدى.
مەملىكىتىگە قاراشلىق شاھرۇخىيە (سابىق بىناكەت) قورغىنىغا قېچىپ قۇتۇلدى.

ئۇ بۇ جايدا كەنجى ئوغلى ئابدۇلئەزىز بىلەن بىرگە قولغا ئېلىندى ۋە شەپقەتسىز ئوغلى ئابدۇللەتىپنىڭ ئەمرى بىلەن ئىرانلىق ئابباس ئىسىملىك بىر خىزمەتكار تەرىپىدىن قەتل قىلىندى.

شەرقىنىڭ ئەڭ يارقىن پىكىرلىك ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە يوق قىلىندى. ئۇلۇغبەك ئاتىسىنىڭ نائىبى سۈپىتىدە ئوتتۇز سەككىز يىل، ئۆزى مۇستەقىل ئىككى يىل سەككىز ئاي ماۋەرائۇننەھردە ۋە شەرقىي شىمال چېگراسىدىكى يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن پاجىئەلىك رەۋىشتە ھاياتىنى تەرك ئەتتى.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن تۇزكور ئابدۇللەتىپمۇ بۇنداق جىنايەتكارانە ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شۇ دەۋردە سەمەرقەندتىكى ھاكىمىيەتنى مىرانشاھنىڭ نەۋرىسى ئەبۇسەئىد مىرزا ئىگىلەپ ئالغانىدى. ئۇ ئۇلۇغبەك سارىيىغا دەسلەپتە بىر قاچقۇن سۈپىتىدە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ كەلگەنىدى، كېيىن ئۇلۇغبەك ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ ئالدى. لېكىن بۇنىڭغا قارىماي ئۇلۇغبەك ئۆزىنىڭ ئاسىي ئوغلىنى جازالاش ئۈچۈن پايتەختتىن كەتكەندە ئەبۇ سەئىد ئۆزىگە شەپقەت كۆرسەتكۈچىگە قارىتا ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، ئىختىلاپ بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقتى. ئۇلۇغبەك ئورنىدا پايتەختتە قالغان ئوغلى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ سەئىدنىڭ كۈچلۈك ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلدى. شۇ تەرىقىدە ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەند ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللەتىپ ئاتىسىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەشۇ ئەبۇسەئىد بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

جەڭ پەرىسى تۇزكور ئوغۇلغا تەبەسسۇم بىلەن باقتى. ئەبۇسەئىد مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، كېيىن بۇخاراغا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئابدۇللەتىپ بولسا ھىجرىيە 854 (مىلادىيە 1450) ـ يىلىدا ئۇلۇغبەكنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتچىسى بابا ھۈسەيىن تەرىپىدىن خوجايىنىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇللەتىپنىڭ كاللىسى كېسىلىپ، ئاتىسى بىنا قىلغان «ئۇلۇغبەك مەدرىسەسى» دەرۋازىسىنىڭ پەشتىقىغا ئېسىپ قويۇلدى. چۈنكى شۇ دەۋرلەردە ئەمەلدە قوللىنىلىۋاتقان بارلىق قانۇنلاردا ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ھېچقاچان تەختكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ھەم ماۋەرائۇننەھرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردە ئەشۇ ھۆكۈمرانىنىڭ جىنايىتى ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭغا ئىلاھى جازا بېرىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدىغان بايانلار بار ئىدى.

www.uyghurweb.net

ئابدۇللەتىپتىن كېيىن تەخت شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللا مىرزىغا ئۆتتى. ئۇمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتا ئۇلۇغبەكنىڭ سارىيىغا سەمىمىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىنغان ۋە كۆيئوغۇل بولغانىدى. ئەبۇسەئىد ناھايىتى تېزلىكتە ئۇنىڭ بىلەن تەخت تالىشىش ئۇرۇشىنى باشلىدى، لېكىن يېڭىلىپ، سىر دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئوبۇلخەيرى ھۇزۇرىغا قېچىپ كەتتى. ئوبۇلخەيرى ئۇنىڭغا ئازراق ئەسكەر بېرىپ ياردەم قىلدى. ئەبۇسەئىد ئابدۇللا مىرزا ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، ھەم ئۇنىڭ ھاياتىغا، ھەم تەختىگە خاتىمە بەردى. ئابدۇللا مىرزا مەملىكەتنى پەقەت بىر يىللا باشقۇرالىدى. ئەبۇسەئىد ھىجرىيە 855 (مىلادىيە 1451) ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تېمۇرىيلەرنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. لېكىن بۇ غەلىبە ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. سەھرادىن كەلگەن ۋەھشىي ئەسكەرلەر شەھەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم خانىۋەيران ۋە تالان ـ تاراج قىلدى. ھەتتا تالانغان نەرسىلەر بىلەن قاپ ۋە خۇرجۇنلىرى توشقۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۆز ۋەتەنلىرىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە زورلۇق قىلىشنى توختاتمىدى. ئەبۇسەئىد تېمۇر ۋارىسلىرى ئارىسىدىكى يېگانە مەنسەپپەرەس ئىدى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان «بۇ جاھان ئەينى ۋاقىتتا ئىككى ھۆكۈمدار ئۈچۈن ناھايىتى تارلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ سۆزگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ، تۇران ئۆلكىلىرىنىڭ چېگراسىنى كېڭەيتىشنى خالايتتى. ئۇ مەملىكەت دائىرىسىنى ماۋەرائۇننەھردىن خۇراسان ۋە غەربىي ئىران تەرىپىگە كېڭەيتىشكە باشلىدى.

بۇ ۋاقىتقا كېلىپ، تېمۇر ئەۋلادلىرى كۆپلىگەن تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئەركىن ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەۋىسىگە چۈشتى. ئەبۇسەئىد مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قورقۇنچلۇق رەقىبلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەبۇسەئىد سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا بىلەن جەڭگە كىرىشتى. ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا شاھرۇخنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلۇغبەكنىڭ ياردىمى بىلەن خۇراسانغا كەلگەن ۋە تۈركمەن خانى ئىرالىنىڭ قەتلىدىن كېيىن، ھىرات تەختىگە چىققانىدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى بىر ئاز نۇرانە ئىكەنلىكىنى تەۋسىپ قىلماقچىمىز. ئۇ باي خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ يارلىرىنى بىر ئاز ساقايتىش مەقسىتىدە ئىش ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. ئۇ ئەبۇسەئىدنىڭ ئۆزىگە كۈچلۈك رەقىب ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنەتتى.لېكىن سەمەرقەندنى قىرىق كۈنچە قامال قىلغاندىن كېيىن غەلىبىگە ئېرىشەلمەي سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئابدۇللەتىپنىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد ۋە مۇھەممەت جۇگىلارمۇ ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قوشۇلۇپ، ئەبۇسەئىدكە خېلى زىيان يەتكۈزدى. ئەبۇ سەئىد شاھزادىلەرنىڭ لەشكىرىنى ھىجرىيە 859 (مىلادىيە 1455) ـ يىلى بەلخ ئەتراپىدا مەغلۇپ ۋە پاراكەندە قىلدى، ئەھمەد شۇ يەردە ھالاك بولدى، مۇھەممەد جوگى قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ سىر دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئەبۇسەئىدكە ئوخشاش ئۆزبېك خانى ئوبۇلخەيرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى سەھرا ۋىلايىتى ئەسكىرىي كۈچ توپلاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر خەزىنە ھېسابلىناتتى.

ئوبۇلخەيرىخان ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئىلتىماسچىسى ئەبۇسەئىدنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، مۇھەممەت جۇگىغا ئۆزى ئەسكىرىي جەھەتتىن ياردەم بەرمىسىمۇ، خۇشاللىق بىلەن چەتتىن ياردەم كۈچلىرىنى تېپىپ بەردى. ئۇنىڭ يېنىدا سەھرا قەھرىمانى دەپ ئاتالغان بۇرگە سۇلتان بار ئىدى. ئەبۇلغازى ئۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك ھېكايە قىلىدۇ : گويا ئۇنىڭ كۆكرەك قوۋۇرغىسى ئورنىدا يەخلىت سۆڭەكتىن ئىبارەت تاختا ئورۇنلاشقاندەكلا ئىدى. ئوبۇلخەيرىخان بۇرگە سۇلتاننى چاقىرىپ : «كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت ئۈچۈن مېنىڭ ئائىلەمدە ھېچكىم يوق، سەن بۇرگە، مېنىڭ ئوغلۇم ئورنىدىسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىرىنى ئال، مەن ساڭا ياردەمچى ئەسكەر بېرىمەن. بېرىپ تېمۇر ئەۋلادىنى بالادىن قۇتۇلدۇرغىن» دېگەن.

بۇرگە سۇلتان ئوبۇلخەيرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تاشكەندكە يۈرۈش باشلىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئۆزبېك تەرەپدارلىرى ۋە چىغاتاي قوۋملىرىدىن نارازى كىشىلەرمۇ قوشۇلدى. ئۇلار تېزلىك بىلەن شاھرۇخىيىنى بېسىپ ئالدى. كېيىن سىر دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ، توغرى سەمەرقەندكە يول سالدى. شەھەر ھاكىمى ئەمىر مەجىد ئۇلارغا قارشى چىقىپ ئۇرۇش قىلدى. جوگى لەشكەرلىرىنىڭ ئوڭ قانىتىغا باشلىق بولغان ئوبۇلخەيرى ياردەمچى لەشكەرلىرىنىڭ رەئىسى پىشكەند ئوغلان، سول قاناتتا چىغاتايلار بىلەن بۇرگە سۇلتان تۇراتتى. ئۇرۇش سەمەرقەندلىكلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاياغلاشتى. مەجىدخان تېزلىك بىلەن قەلئە چېگراسىغا چېكىندى. جوگى بولسا، تەخمىنەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلىدى.

ئەبۇ سەئىد بۇ ۋەقە توغرۇلۇق خەۋەرنى ئالغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئەۋلاد ئاھالىلىرىدىن سانالغان رەقىبى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن خۇراساندا ئۇچراشماقتا ئىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈشكە تەييارلاندى.

بۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئوڭ ساھىلىدا بۇرگە بىلەن جوگى مۇداپىئە سىزىقى، يەنى خېتى ھەققىدە بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلمەي جاڭجاللاشماقتا ئىدى. بۇرگە ئۆز ئۆزبېكلىرىگە تايىنىپ، مۇداپىئە خېتى قىلىپ ئامۇ دەرياسى تەكلىپ قىلسا، جوگى چىغاتايلىقلارنىڭ ساداقىتىگە شۈبھىلىنىپ، سىر دەريا بولۇشنى لايىق كۆرەتتى.

مەلۇمكى، جوگىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى توغرا ئىكەن. چۈنكى ئەبۇسەئىد ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى نام قازانغاچقا چىغاتايلىقلار ئۇنىڭغا توپ ـ توپى بىلەن تەسلىم بولدى. جوگى ئازغىنە ئەسكەر ۋە چوڭ زەخمەت بىلەن شاھرۇخىيە قەلئەسىگە يالۋۇرۇپ كىردى. بۇرگە بولسا، يولدا دۇچ كەلگەن نەرسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە سەھراغا چېكىندى.

ئەبۇسەئىد شاھرۇخىيە قەلئەسى ئەتراپىدا تۆت ئاي تۇردى. ئېھتىمال ئۇ قەلئەنى ئىگىلەپ ئالالايتتى. ئەمما ئۇ مىرزا ھۈسەيىن تەرىپىدىن يېڭىدىن باشلانغان تاجاۋۇز تۈپەيلىدىن يارىشىش ئېلان قىلدى. يارىشىش ئەھدى تۈزۈلگەندىن كېيىن ئەبۇسەئىد جورجان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، رەقىبىنى خاراب قىلدى. ھىجرىيە 867 (مىلادىيە 1463) ـ يىلىدا قايتىپ كېلىپ، شاھرۇخىيىنى ئون ئاي قامالدا تۇتتى. ھالىدىن كەتكەن ۋە ئاخىرقى ئەمرلىرىگىچە يوقىتىلغان جوگى مەمنۇنىيەت بىلەن سۈلھى مۇنازىرىسىنى باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۇلۇغ بولغان شەيخ خوجا ئۇبەيدۇللا ئەبۇسەئىدتىن ۋاكالەت ئېلىپ، قەلئەگە كەلدى. خوجا ئۇبەيدۇللادىن قۇرئان ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتىشىگە دائىر ۋەدىنى ئالغاندىن كېيىن، جوگى ئەبۇسەئىدكە تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ئەبۇسەئىد ئۆز ۋەدىسىنى بېجىرىشكە ئەھمىيەت بەرمىدى. شاھرۇخىيە ئىگىلەنگەندىن كېيىن، بىچارە جوگىنى تەھقىپ قىلىپ، ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە سولاپ قويدى. ئۇ ئەشۇ يەردە ۋاپات بولدى.

ئەبۇسەئىد شۇ تەرىقىدە ماۋەرائۇننەھرنى قورقۇنچلۇق بىر دەۋاگەردىن خالاس قىلىپ، تۇران ھاكىمى بولۇش ئۈستىگە سەمەرقەندنى ئوغلى سۇلتان ئەھمەدكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىراق، ئەرەبىستانىنىڭ ئىچكى تەرەپلىرىنى ئىستېلا قىلىش مەقسىتىدە خۇراسانغا كەتتى.

مىرزا ھۈسەيىن بايقارانى بۇ يەردىن ھەيدەپ، يالغۇز ماۋەرائۇننەھرنىڭ ۋە ئوغلى ئۇمەر شەيخ باشقۇرۇۋاتقان پەرغانىنىڭ ئەمەس، بەلكى خۇراسان، ئافغانىستان، سىيىستان، كىرمان ھەم فارىسنىڭ ھاكىمى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىستېلاغا ھەۋەسى كۈچىيىپ، ئەزەربەيجانىنىڭ سەھرالىرىغا يول ئالدى. ھىجرىيە 870 (مىلادىيە 1465) ـ يىلى بۇ يەردە تۈركمەن ئاق قويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ

رەئىسى غازانبېك نامى بىلەن يېڭى بىر قەھرىمان مەيدانغا چىقتى. خۇراسان ئۇزاقتىن بۇيان كۆتكەن تىنچلىق بىلەن بەختلىك ياشىماقتا ئىدى. ئەبۇسەئىد بولسا كىچىك ئوغلىنىڭ سۈننەت تويى مۇناسىۋىتى بىلەن بەش ئايدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ئومۇمىي تاماشىلار، زىياپەتلەر، شېئىر، مۇزىكا ۋە شەھەر ئايدىڭلىقى كەبى تەنتەنىلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شۇ پەيتتە قارا قويۇنلۇق تۈركمەن سۇلالىسىنىڭ خانى ھەسەن ئەلى مەرۋىدە سارايغا كېلىپ، ھەسەنبېك ياكى ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئۇرۇشتا ھالاك بولغان ئاتىسى شاھجاھاننىڭ دۈشمىنىگە قارشى ئەبۇسەئىددىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

ئەبۇسەئىد بۇ ھەقتە قايتا ـ قايتا يېلىنىشقا ھاجەت قالدۇرمىدى. چوڭ ۋە كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن ھىجرىيە 872 (مىلادىيە 1467) ـ يىلىدا مەرۋىن ھەرىكەت باشلاپ، تۇپتوغرا ئەزەربەيجانغا يول سالدى.

باشقىچە بىر مەقسىتى بولغان ئۇزۇن ھەسەن بولسا، ئۇنىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، سۈلھى تۈزۈشكە تەكلىپ بەردى. لېكىن مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتكەن ئەبۇسەئىد سۈلھىدىن باش تارتىپ، ئۇزۇن ھەسەننى قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۆزىگە نىسبەتەن قىممەتكە توختىدى. چۈنكى قارا باغ ئۈستىگە قىيىنچىلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ئەسكىرى دائىم ھاياجاندا بولغانلىقى ئۈچۈن بارغانچە كېمىيىپ ھالى خارابلاشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەبۇسەئىدنىڭ ئۆزى قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ تېزلىك بىلەن قەتل قىلىندى. (ئەبۇسەئىد ھىراتنى بىرىنچى قېتىم ئىگىلىگەندە شاھرۇخ مىرزىنىڭ خوتۇنى مەلىكە گەۋھەر شاتنى قەتل قىلدۇرغانىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇزۇن ھەسەن ئۆز قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن ئەبۇسەئىدنى شاھرۇخنىڭ ئوغلى يادىكار مىرزىغا بەردى. ئۇ ئەشۇ قانلىق قىساسنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى دەرھال قەتل قىلدۇردى ).

ئون سەككىز يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تەڭرىتاغدىن باغدادقا قەدەر، قىرغىز سەھرالىرىدىن ھىندىستان ۋە ئىران كورپىزىگىچە سوزۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنى بىر تاجۇ تەخت ئەتراپىغا توپلاشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، تېمۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى بولغان ئەبۇسەئىدنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. ئەگەر ئەھۋال بۇنىڭدىن ھەم قۇلايراق ۋە ئەبۇسەئىدنىڭ روھىي ھالىتى باشقىچىرەك بولغىنىدا ئىدى، ئۇ شۇنچىلىك پارلاق ئەسكىرى ماھارىتىنىڭ سايىسىدە كۆپ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان بولار ئىدى.

ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغلى ھەم تەخت ۋارىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاتىسىنىڭ مىراسىدىن يالغۇز ماۋەرائۇننەھر ھاكىمىيىتىنىلا ئۆز قولىدا ساقلاپ قالدى. بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ۋاقىتلاردا كۆندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان سەفىدلەر (سەفەۋىيلەر ـ س. ئا) سۇلالىسى تېمۇرىيلار ھېسابىغا غەربتە ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقباللىدىكى شانۇ شەۋكەتلىرىگە ئاساس سالماقتا ئىدى. جەنۇبتا بولسا، ھۈسەيىن بايقارا ئاخىرقى قېتىم كونا خۇراساننىڭ پارلاق دەۋرىنى ھاسىل قىلىپ، ھىرات تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ چارەك ئەسىر مابەينىدە شىمالىي ئىراندا، ئافغانىستان ۋە سىيىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۆمەر شەيخ ئۆزىنى مۇستەقىل ھۆكۈمدار دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىغاتاي تارمىقىدىن بولۇپ، چىنگىز سۇلالىسىغا مەنسۇپلۇقىنى دەۋا قىلغان يۇنۇسبەك سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ۋىلايىتىدە ئۆزىنىڭ ياردەمچى موغۇل ئەسكىرىگە تايىنىپ، ئۆمەر شەيخقە بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. شۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا سۇلتان ئەھمەدكە ئوخشاش بىر تەرەپتىن ناھايىتى دىندار ۋە ساپ قەلبلىك، ئىككىنچى تەرەپتىن دۇنيا قارشى ئىنتايىن چەكلەنگەن كىشىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى.

ئەمما تارىخلاردا سۇلتان ئەھمەدنىڭ شەخسىي باتۇرلۇق قابىلىيىتىمۇ ئىنكار قىلىنمايدۇ. موغۇللار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «ئۇلادىشا» (ئۆلۈم قاتىلى) ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بۈيۈك كەشپىيات ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن شۇ زامان تەقەززاسى بىلەن بېرىلگەن ساختا دىنىي تەربىيە توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ شەيخى خوجا ئۇبەيدۇللاغا شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلاتتىكى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى دەرىجىدىكى كەمتەرلىك ۋە مۇھەببەت بىلەن تىز چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ھەتتا تەسادىپىي ھالدا تىزىغا ئۇچلۇق سۆڭەك كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنى ئېلىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالماي قاتتىق ئاغرىققا چىداپ، ئىمكانىيەت كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا شۇنداق دىندار ۋە تەقۋادار بىر ئادەم ئادەتتە، يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈننى ئەيش ـ ئىشرەتتە ئۆتكۈزۈپ، كەيىپ ھالەتتە ناماز ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى.

ھاياتنى سۆيمەيدىغان شۇنداق بىر ئادەمنىڭ يۇنۇسبەككە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، تاشكەنت، سايرام ھەتتا تۈركىستان ۋىلايىتىنى ئىگىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆكىسى ئۆمەر شەيخنى ئىتائەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار بىرنەچچە قېتىم

ئۆزئارا جەڭ قىلىشقا بېرىپ يەتتى. لېكىن زاھىتلاردىن مەشھۇر خوجا ئەھرار ھەزرەتلىرى سۆلھىگە دەۋەت قىلىپ بىتىم تۈزۈلدى.

مۇشۇ ۋەقەلەر نەزەرگە ئېلىنمىغاندا، ماۋەرائۇننەھر سۇلتان ئەھمەد ھۆكۈمىتى دەۋرىدە خېلى ئۇزۇن مۇددەت تىنچلىق ۋە سائادەتتە ياشىدى. شەخسەن، مىرزا ھۈسەيىن بايقارا سارىيى دائىرىسىدىكى مائارىپ يورۇقلۇقى، گەرچە باشقا بىر جەھەتكە باغلانغان بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەرنى، زەرەپشان ساھىللىرىنى يورۇتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سارايلار، ئىبادەتخانىلار، مەدرىسلەر، ئاممىۋى مۇنچىلارنى قۇرۇش ھەققىدە سۇلتان ئەھمەد تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن پىكىرگە مۆتىۋەر بايلار ئارىسىدىن چىققان تەشەببۇسكارلارمۇ قوشۇلدى. ئەنە شۇلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە دەرۋىش مەھمۇد تارخانىنىڭ سەمەرقەندتىكى «گۈزەل، ساپ ھاۋالىق چاھار بېغى»نى كۆرستىش مۇمكىن. پەلەمپەيلەر بىلەن كۆتۈرۈلگەن ۋە ئىچىدە ناھايىتى گۈزەل چىمەنزار بولغان بۇ سارايىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىكەنلىكىنى بابۇر بايان قىلغانىدى.

خۇراساندا سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇستەھكەملىكى، ماۋەرائۇننەھردە جىددىي رەۋىشتىكى تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ چىقىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ماۋەرائۇننەھر خەلقى ئۇنىڭ ۋە سۇلتان ئەھمەدنىڭ قەدرى ــ قىممىتىنى ئۇ يىگىرمە يەتتە يىل مابەينىدە مەملىكەتنى باشقۇرۇپ، ھىجرىيە 899 (مىلادىيە 1494 ) ــ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇكىسى سۇلتان مەھمۇد ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىنلا ئېنىق كۆرەلىدى.

سۇلتان مەھمۇد ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ئاز بوشاڭلىق قىلدى. كېيىن قېرىندىشىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلىشقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە ياشىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان مەھمۇد ئۇۋ ئوۋلاش باھانىسى بىلەن سەمەرقەندتىن كېتىپ، ئامۇ دەرياىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈشى بىلەن بەدەخشاننى ئىگىلەپ ئالدى. ئاخىر ئاكىسىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىچە بەختكە ئېرىشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى، ۋاپات بولغان قېرىندىشىنىڭ كۆكسارايي ناملىق سارىيىدىكى تۆت گۆدەك ئوغلىنى تۇرمىگە سولاپ قەتل قىلىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەت ۋە زۇلۇمى قوشۇلدى. سودا ۋە تىجارەت ئىشلىرىدا تۇرغۇنلۇق (ئىلگىرى باسماسلىق) پەيدا بولدى. خۇسۇسەن، سەمەرقەند خەلقىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرى چارسۇغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى.

بۇ ھۆكۈمدار جاھىل ئادەم ئەمەس ئىدى. بەلكى فەنا (سوپىلىق تەلىمىنىڭ
يەتتىنچى مەقامىغا ئېرىشكەن ــ س. ئا) بولۇپ، شېئىرمۇ يازاتتى. لېكىن دائىملىق
ئەيش ــ ئىشرەتكە بېرىلگەن بولۇپ، ئىبادەت قىلىش ۋە دىنغا رىئايە قىلىش بىلەن
مەشغۇل بولمايتتى، شۇنداقلا ناھايىتى ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان خوجا ئۇبەيدۇللا
ئەھرار ۋەلىگىمۇ ھۆرمەت ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمەيتتى.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ناھايىتى قىسقا بولدى. چۈنكى تەختكە
چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن يىغلىغىنىغا
قارىغاندا ئۆلۈمىنىڭ مەجبۇرەن بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى
نوپۇزلۇق ۋە ھىيلىگەر ۋەزىرى خىسراۋ شاھ بىر نەچچە كۈنگىچە مەخپىي تۇتتى.
بۇنىڭدىن مەقستى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەزىنىنى كۆپەرەك ئېلىۋالماقچى ئىدى،
ئۇ بۇنىڭغا ئېرىشتى. پەقەت ھۆكۈمرانىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىشى
بىلەن خەلق ئارىسىدا شىددەتلىك غۇلغۇلا ۋە ھاياجانلىق كۆچەيدى. خىسراۋ شاھ
ئاران قېچىپ قۇتۇلۇۋالدى.

ماۋەرائۇننەھردىكى تېمۇر ئەۋلادى ئارىسىدا مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي
نىزا ۋە توقۇنۇشلار باشلاندى. ئۇلارنىڭ تامامەن ئىنقىرازغا يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئوچۇق
كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سۇلتان مەھمۇدتىن قالغان بەش ئوغۇلنىڭ ئۈچىلىسى —
مەسئۇد، بايسۇنقۇر، سۇلتان ئەلىلەر تەخت ئۈچۈن ئۆچمەنلىشىپ، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا كەسكىن دۈشمەنلىك پەيدا بولدى.

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى مەسئۇد ئاتىسىنىڭ كۈچلۈك ۋەزىرى خىسراۋ شاھ بىلەن
بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھىسار، قۇندۇز،
بەدەخشاننى بېسىۋالدى. ئەگەر سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئىستىلا ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرالىرىنى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە
قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت باشلىمىغان بولسا، مەسئۇد بىلەن
خىسراۋ شاھ ماۋەرائۇننەھر تەختى ئۈچۈن بولغان جەڭگى جىدەللەردە ئۆز
مەقسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولاتتى. لېكىن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ھەرىكىتى
مەسئۇدنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى يوققا چىقاردى.

ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا بۇخارا ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان بايسۇنقۇر مىرزا
تەرەپدارلىرى خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بۇ يەردىن سەمەرقەندكە دەۋەت قىلىنىپ،
ئادەتتىكى تەرتىپ ۋە ئېھتىرام بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزۇلدى. قىياپەت جەھەتتىن
تۆركمەنلەرگە ئوخشاش ئەمما دۇنيا قارىشى تار دائىرىلىك 18 ياشلىق بۇ يىگىت،

ئۆزى خالىسمۇ، مەھەللىۋى قۇدرىتى بار ئۇلۇغلارغا ۋە نوپۇزلۇق روھانىيلارغا قارشى ھېچ نەرسە قىلالمىدى.

ئۇ ھىسارغا نائىب ۋاقىتىدىلا تەۋازۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، نازاكەتلىك كۆرۈنگەن ياۋۇز نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ خىزمەت قىلىپ بېرىشىنى ئىستەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بايسۇنقۇردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە قارار قىلدى. ئۇنىڭ سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى ئۇلارغا ھاقارەتتەك تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنىڭ ئۇكىسى سۇلتان ئەلىنى قارشى (جاي ئىسمى) دىن سەمەرقەندكە چاقىرىپ، يازلىق بېغى نەۋ سارىيىدا ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بولۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچتى. تايانچلىرى تەرك قىلىنغان بايسۇنقۇر شۇ سارايدا خۇددى مەھبۇسقا ئوخشاش ياشىدى. ئومۇمەن ھەر ئىككى شاھزادە ئوخشاش بىر خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بايسۇنقۇر ھاجەتكە چىقىش باھانىسى بىلەن ساراي ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، تار ئېرىق يولى بىلەن قېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شۇ چاغدىكى چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە خوجىغا ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭ قاچقانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ئاھالە دەرھال خوجىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىغا تويلاندى، لېكىن ھېچكىم خوجىنىڭ ھويلىسى ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى ؛ نەتىجىدە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا سۇلتان بايسۇنقۇرنىڭ تەرەپدارلىرى ئابۇلمەكارىم باشچىلىقىدا ئۇنى مۆكۈنگەن جايىدىن چىقىرىپ، يەنە تەختكە ئولتۇرغۇزدى ھەم ئۆزلىرى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر قوللانماقچى بولدى. سۇلتان ئەلى بولسا، ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەرەپدارى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بىلەن بىرگە ھەپسىگە ئېلىندى. ئۇلار قېچىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرى ئۇلار بايسۇنقۇرنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ دەرۋىش مۇھەممەدنى قەتلى قىلىشقا، سۇلتان ئەلىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىش (كۆرمەس قىلىۋېتىش)قا ئەمىر قىلدى. ئاسىي تارخان شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا دەرھال قەتلى قىلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىزلىككە قول ئاياغلىرى بىلەن يېپىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى شۇ جايدا پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىدى.

سۇلتان ئەلىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭغا قارىغاندا ئوڭۇشلۇقراق بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىگە مىل تارتىش بۇيرۇقىنى ئالغان سەتراچ (ياكى تىۋىپ) نەشتەر ئۇرۇشنى ئەملى رەۋىشتە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاسىي شاھزادىنىڭ كۆزىگە زىيان يەتمىدى. بايسۇنقۇرنىڭ ئۆزى ئۆلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تامامەن تىنچ ـ خاتىرجەم

www.uyghurweb.net

ھېس قىلغۇاتقان بىر ۋاقىتتا سۇلتان ئەلى بۇخاراغا قېچىپ كەتتى ۋە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك كۈچ توپلاپ ئاكىسىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. گەرچە بايسۇنقۇر تېزلىكتە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوغلىغان بولسىمۇ سۇلتان ئەلىنىڭ بۇخارادا كۈچلۈك تەرەپدارلىرى بار ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش باشلاندى. بايسۇنقۇر يېڭىلىپ مەجبۇرىي رەۋىشتە سەمەرقەندكە قاچتى.

نەتىجىسى بايسۇنقۇر ئۇچۇن پالاكەتلىك بولغان بۇ ئۇرۇشتىن ئۇ ئۈچ تەرەپلىمە قىسىلىشقا ئۇچرىدى. غەربتىن، يەنى بۇخارادىن سۇلتان ئەلى، جەنۇبتىن مەسئۇد مىرزا، شەرقتىن، يەنى ھازىر خۇقەند دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەنجاندىن ئۇمەر شەيخنىڭ ئوغلى بابۇر مىرزا ھۇجۇم باشلىغان ئىدى.

بۈيۈك بوۋىسىنىڭ تەختىنى دەۋا قىلىۋاتقان بابۇر مىرزا مۇشۇ ۋاقىتتا ياش يىگىت بولۇپ، شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقلىرىدىن ئىدى. ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتە شەرق ۋە غەربنىڭ ئەڭ شەرەپلىك شاھزادىلىرىدىن بىرى دېيىشكە ئەرزىيتتى. شۇ دەۋر شەرقشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇ شەرق قەيسىرى (سىزارى) دەپ زىكىر قىلىنغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ماۋەرائۇننەھردە تېمۇر ئەۋلادى ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىق ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ چۈشەنگەن ئىدى. بۇنى چەكلەش ئۇچۇن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن كېلەچەكتە بېشىغا كېلىدىغان تەشۋىشلەر سەۋەبىدىن تەلەي ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمىدى.

ھىجرىيە 903 (مىلادىيە 1498) ـ يىلىدا سەمەرقەندكە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىندى. لېكىن بايسۇنقۇرنىڭ بەختىگە قارشى قىش يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، سوغۇق باشلاندى. بابۇر پەيتى كەلگەندە ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزئارا بۆلۈشۈپ ئېلىش ئۇچۇن سۇلتان ئەلى بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلار ئارقىغا چېكىندى.

شۇ ۋاقىتتا مەسئۇد مىرزىنىڭ شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ قىزىغا يېڭى ئۆيلەنگەن ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئىززەت ـ نەپىس مەسىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ چىن يۈرەكتىن سۆيگەن مەھبۇبىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشنى لايىق كۆردى. لېكىن بايسۇنقۇر بۇنىڭ بىلەن قىستىلىشتىن قۇتۇلالمىدى. چۈنكى ياز يېقىنلىشىپ، ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. ئىتتىپاقچىلار شەرق، غەربتىن يېڭىدىن ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپ، سەمەرقەندنى يەتتە ئاي قاتتىق قامال قىلدى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە بايسۇنقۇر ياردەم سوراپ ھەر تەرەپكە مۇراجىئەت قىلدى. پەقەت تالان ـ تاراج قىلىشنىلا ئويلايدىغان، ئۈمىد بېغىشلىغان جايلارغا بېرىشقا

تەييار تۇرغان ئۆزبېكلەرلا سىر دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كەلدى. لېكىن، بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلىنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىشكە چارىسى قالمىغان بايسۇنقۇر ھىجرىيە 903 (مىلادىيە 1498) ـ يىلىدا مەخپىي رەۋىشتە پايتەختىنى تاشلاپ كەتتى ۋە تېرمىز يېنىدىكى ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئاكىسى مەسئۇد مىرزا ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇنچە كۆپ جەڭگى جېدەللەرنى، ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەختتىن ۋاز كەچكەندە ئەمدىلا 22 ياشتا ئىدى.ئۇ توغرىلىق دۈشمىنى بابۇر مىرزا «ئادالەت پىشە ۋە ئادەمىي، خۇش تەبئى ۋە پەزىلەتلىك پادىشاھزادە ئىدى» دەپ زىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەخپىي شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى، دېگەن ئەيىپ يۈكلەندى. لېكىن كېيىنچە (سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ـ س. ئا) ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە قايتقان. بايسۇنقۇر ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) ـ يىلىدا قەتلى قىلىندى.

بايسۇنقۇر قاچقاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھردە ھاكىمىيەت ئىنتىپاقچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى : سۇلتان ئەلى مىيەنكۆل بىلەن بۇخارانى، بابۇر بولسا شەرق تەرەپلەر بىلەن بىرگە سەمەرقەندنى ئالدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇزاققىچە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. چۈنكى سۇلتان ئەلى ئۆزىگە تەۋە بەگلىكلەرنىڭ باشباشتاقلىقىدىن زەئىپلىشىپ، ھىراتقا، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھوزۇرىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بابۇر بولسا، بىر تەرەپتىن تالانغان ۋە ئاچ قالغان سەمەرقەندتە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇزۇق تاپالمىغانلىقىدىن، ئىككىنچىدىن، ئانىسىنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلىپى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى لازىم تاپتى.

شۇنى ئېنىقلار قىلماسلىق كېرەككى، بۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى قورچاق ھۆكۈمەت ئىدى. بۇخارادا پۈتۈن كۈچ ۋە نوپۇز ئابدۇلئەلى تارخاندا، سەمەرقەندتە بولسا خوجا ئابدۇلمەكارىم قولىلىرىدا ئىدى. پەقەت، بۇخارانىڭ ئۆزىگە كۆرە، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ مۇھىم بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ 140 يىللىق تەختى مۇقىم بىر مۇستەھكەم كىشىنىڭ قولىغا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ پېتىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزىنى 19 ياشلىق بابۇرنىڭ قولى بىلەن ھېچ يەردە بولۇپمۇ خۇسۇسەن ماۋەرائۇننەھردە بابۇرنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. بىر تەرەپتىن تېمۇر ئەۋلادلىرى بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ ئۆزئارا نىزالارنى كۈچەيتمەكتە، ئىككىنچى تەرەپتىن

چىڭگىز سۇلالىسىنىڭ جوچى خانىدانىغا مەنسۇپ شايبانى مۇھەممەدخان ئىستىلا ھازىرلىقىنى قىلماقتا ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىدا تۇتماقتا ئىدى. شايبانى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ باھادىر ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) ـ يىلى سەمەرقەند تەختىنى ئىگىلەپ، تېمۇر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىغا يەكۈن چىقاردى.

بۇ سۇلالە ئالمىششىنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى پەسلگە قالدۇرۇپ، شەھرسەبزدىن چىققان ئاقساق جاھانگىر تېمۇر سۇلالىسى ۋاقتىدىمۇ مەزكۇر سۇلالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا مەيدانغا كەلگەن مەنىۋى ھەرىكەت ـــ تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە بىر قەدەر يىزىپ قويۇش مۇناسىپ ئىش ھىسابلىنىدۇ. دەرۋەقە تىمۇرىيلەر بۇ ھەقتە ئاسىيا تارىخىدا ئۇلۇغ بىر مەۋقەنى ئىگىلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە مەدەنىي ھايات يۈنىلىشى ھىراتتىكى شاھروخ مىرزا ۋە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا سارىيىدىكى يۈنىلىشتىن باشقىچىرەك بولدى. بۇ يەردە دىنىي ئېتىقاد ئىلىملىرىدىن تاشقىرى، شېئىرىيەت، تارىخ، تېبابەت، ھوقۇق قاتارلىق دۇنياۋى پەنلەرگە ۋە گۈزەل سەنئەتكە ئورۇن بېرىلدى. ئەمما ئۇ يەردە بولسا، ئۇلۇغبەك ۋە ئەبۇسەئىد دەۋرلىرىنى ھىسابقا ئالمىغاندا، پەقەت دىنىي ئىلىم ۋە تەسەۋۋۇپ بىلەنلا شۇغۇللىنىلدى.

بۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ ئەدەبىياتى ئارىسىدا قەتئىي بىر پەرق چېگرىسىنى بېكىتىش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. گەرچە مەنىۋى ھاياتنىڭ گۈزەل مەنبەسى ئىران ئۇنسۇرلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن چاغاتاي، تۈرك ئالىملىرى كۆپ پايدىلاندى. شۇنىڭدەك تۈرك خانلىرى ھەم ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت ئەھلىگە چوڭ ياردەم بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەزىدە ئۆزلىرىمۇ شۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى، ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا كېيىنكى ئورۇندا تۇرۇشتىن تارتىنمىدى.

مىرئەلىشىر ئۆزىنىڭ «مەجالسۇپ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تېمۇر خاندانىنىڭ تۆۋەنكى شاھزادىلىرىنىڭ شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شاھروخ مىرزا تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلارنى يازغان. مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك مىسرالىرى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئەركىرەك ئۆرتەنسە يانسە يالىنە،
يارا يەپ ياتسە ئاتىنىڭ يالىنە.
ئىت ئۆلۈمى بىرلە ئول نامەرد ئۆلەر،

ئەر ئاتانىپ دۈشمىنىگە يالىنە.

(ھەزرەت نەۋائىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ تۇيۇق ئابۇبەكر مىرزىغا تېگىشلىك بولۇپ ۋامبىرى ئۇنى يېڭىلىشىپ، شاھرۇخقا تېگىشلىك دېگەن. «مەجەلىسۇن نەفائىس»قا قارالسۇن ــ س. ئا)

بۇ ئىشقى مۇھەببەتكە دائىر ئەدەبىياتقا نىسبەتەنمۇ ئۆز كۈچىنى سىناپ كۆردى. چىن قەلبىدىن سۆيگەن رەپىقىسى گۆھەرشاد تۇغرىسىدىكى ناھايىتى ھېسسىياتقا باي بەزى تەبىرلىرىنى ھىرات خەلقى ھازىرمۇ ھېكايە قىلىشىپ يۈرمەكتە. ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر شىرازىمۇ تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى يازغان. خېلىل مىرزا بولسا تۈركچە شېئىرلاردىن ئىبارەت بىر دىۋاننى يېزىپ قالدۇرغان. مەشھۇر شائىر خوجا ئىسمەت بۇخارى ئۇنىڭ نامىنى چوڭ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئىلمىي ھەيئەت بىلەن رىيازەت ئىستىداتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇغبېك بولسا، بۇ خىل پەنلەردىن تاشقىرى گۈزەل ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەر بىلەنمۇ جىددىي رەۋىشتە شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇلۇغبېك قۇرئاننىڭ يەتتە خىل قىرائىتىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. بۇ ئۇنىڭ خاتىرە قۇۋۋىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان بايسۇنقۇر (شاھرۇخنىڭ ھىجرىيە 836 ــ (1433 ــ جۇمەدىل ئەۋۋەلنىڭ 6 ــ كۈنى ۋاپات بولغان ئوغلى) ھەر ۋاقىت شائىرلار، خەتتاتلار، رەسساملار، مۇزىكاشۇناسلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. ئۇنىڭ كۆپ ئىچىپ مەس بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىغا بابۇر مىرزىدىن كۆپلىگەن فەردلەر (مۇستەقىل كىچىك شېئىرلار) قالغان. مىرانشاھنىڭ ئوغلى سەئىد ئەھمەد مىرزىنىڭ «لەتاپەتنامە» ناملىق دىۋانى ۋە مەسنەۋىيلىرى قالغان. بۇلاردىن تاشقىرى، مەزكۇر رويىخەتكە ھىندىستاندا موغۇل (بابۇرىيلار ــ س. ئا) سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى بابۇر مىرزىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» خاتىرىلىرىدە يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى شائىر، سىياسىي ئەرباپ ۋە پەيلاسوپ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

تېمۇرىيلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەتكە ھەۋەس باغلاش ئاندالۇسىيە، ئۇمەرۋىيلەر دۆلىتىنىڭ پارلاق دەۋرى بىلەن ئەرەبىستاندىكى ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنى ئىستىسنا قىلغاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا بىرەر يېرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال سادىر بولغان ئەمەس. شەرقىنىڭ «ئەلەنناس ئالى دىنە مۇلكەھۇم»

(خەلق ئۆز پادىشاھىنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ) دېگەن قائىدىسى خاتىرىگە ئېلىنغاندا، بۇ ھالنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك يېرى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

گەرچە تېمۇرىيلارنىڭ تەرەققىيات دەۋرىگە ئىراندىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى دەۋرىدىكى پىكرى ئۇيغىنىشنىڭ داۋاملىشىشى دېگەن نەزەر بىلەن قاراش لازىم بولسىمۇ، ئەمما پەن ۋە سەنئەت مەراغە، تەبرىز، سولتانىيە سارايلىرىدا ھېچقاچان ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكىگە ئوخشاش كۆپ ۋە تۈرلۈك شەكىللەردە پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىدى.

ئاشۇ زاماننىڭ شائىرلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەۋلانا ئابدۇراخمان جامى، رەببانى ياكى ئىلاھىي ئۇنۋانى بىلەن شۆھرەت قازانغان بۇ زات نەزم ۋە نەسرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ناھايىتى ماھىر ؛ فىقھە، ئىزاھ، ئەخلاق، پەلسەپە، مورفولوگىيىگە ئوخشاش بىرقانچە ئىلىملەردە ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئارۇز سەنئىتىنىڭ ھەربىر بەھرىدىن مۇكەممەل خەۋەردار ھېسابلىناتتى. سۇھەيلى ياكى ئەمىر شەيخىم سۇھەيلى بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزا سارىيىدا كېيىن 20 يىلغىچە مىرزا ھۈسەيىن بايقارا سارىيىدا ياشىغان بۇ زات ھىندىستاننىڭ «توتىنامە» مەسەللىرىنى ئاجايىپ گۈزەل رەۋىشتە تەرجىمە قىلغان. قاسىم ئەنۋەر (ئەسلى ئىسمى مۇئىنىددىن ئەلى) ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك تەسەۋۋۇپ شائىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاۋۋال شاھرۇخ سارىيىدا ياشىدى. كېيىن سەمەرقەندكە ئەۋەتىلدى ۋە ھىجرىيە 837 (مىلادىيە 1433) ـ يىلى ۋاپات بولدى. خوجا ئابدۇللا ئاتىپ، «تېمۇرنامە» ياكى تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى شېئىرىي شەكىل بىلەن يازغان بۇ زات «مەسنەۋى پىرى» دەپ ئاتالدى. خوجا ئىسمەت بۇخارىي، بۇزاتمۇ سۇلتان خەلىل ھەم ئۇلۇغبەكنىڭ سارايى شائىرى بولۇپ، ئۇلۇغبەككە ئارۇز ئىلمىنى ئۆگەتتى... ھىجرىيە 845 (مىلادىيە 1442) ـ يىلى ۋاپات بولدى. مەۋلانا ھۈسەيىن كۇبرايىي، ئۆرگەنچتە موغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلىمالاردىن ئەبولۋەپاخارەزمىنىڭ شاگىرتى مەشھۇر نەجمىددىن كۇبرانەسلىدىن بولغان بۇ زات تەسەۋۋۇپقا دائىر شېئىرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، جالالىددىن رۇمىينىڭ مەسنەۋىيلىرىگە شەرھى يازغان. خوجا ئابدۇللا مەرۋارىد بايانى نامى بىلەن بىرقانچە غەزەل ۋە مەدھىيىلەر يېزىپ، «مونىسۇل ئەھباب» ناملىق بىر دىۋان ۋە ئىنشا ئۇسلۇبىغا ئائىت بىر تەزكىرە قالدۇرغان. موللا بىنايى ھىراتلىق بىر مىمار ئۇستىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىر ئەلىشىر بىلەن ئايرىلغىچە مىرزا ھۈسەيىن بايقارا سارىيىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر ھالدا ياشىغان، كېيىنرەك ماۋەرائۇننەھرگە كېتىپ،

سۇلتان مەھمۇد سارىيى دائىرىسىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغان. ئاخىرى شايبانى مۇھەممەدخان ئۇنى ساراي شائىرى قىلىپ ئالغان. ھىجرىيە 922 (مىلادىيە 1517) ـ يىلى ۋاپات بولدى. مۇھەممەد سالىھ ئىنتايىن گۈزەل شېئىرىي ئۇسلۇپ بىلەن يېزىلغان زەپەرنامە ــ «شايبانىينامە»نىڭ مۇئەللىپى «لەيلى ۋە مەجنۇن»غا ئوخشاش گۈزەل تۈركىي غەزەللەر ۋە مەسنەۋىيلەر يازغان. بابۇر ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇھەممەد سالىھنىڭ شايبانىغا مەقبۇل كىشى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزبېك خانىنىڭ سارىيىدا ياشىغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇسا كېرەك.

## ئۆزبېكلەر ۋە شايبانى مۇھەممەدخان

ھىجرىيىنىڭ 906 ـ 916 (1500 ـ 1510) ـ يىللىرى

تۈرك خەلقىدە قەدىمدىن قالغان بىر ئادەت بار: ئەگەر ھۆكۈمدارلاردىن بىرى مەملىكەتنى ياخشى ئىدارە قىلسا ياكى مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا يېڭىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۆزىگە خاس خىزمەت كۆرسەتسە ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈلۈك قالدۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارىنى قەۋم باشلىقى ئورنىغا قويىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ تەرەققىيات يولىغا ۋە پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا كىرگۈزۈشنى ناھايىتى گۈزەل رەۋىشتە ئىپادە قىلىدۇ.

مەسىلەن، بىز بۇ ھالنى سالجۇقىيلارنىڭ چوڭ كۈچ ۋە شىددەت بىلەن غەربىي ئاسىياغا كىرگەن ۋاقتىدا ۋە كېيىن قەدىمكى شەرق (ۋىزانتىيە) ئىمپېراتورلۇقى ئورنىدا ئۆزلىرى ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان تۈركلەردە ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئىسلاھاتچى، قانۇنچى بولغان پادىشاھلىرىنى ئوسمان دەپ يۇرگۈزۈپ، ئوسمانلى دەپ ئاتاشقان. خۇددى شۇ ھال كۆك ئوردىنىڭ شەرقىدە، ۋولگا بىلەن ئورال دېڭىزى ئارىسىدا ياشىغۇچى تۈرك ـ موغۇل قەبىلىرىدىمۇ مەۋجۇت ؛ ئۇلار جۇجى سۇلالىسىدىن توققۇزىنچى ھۆكۈمدار بولغان ئۆزبېك خان ئىسمىغا ئوخشىتىپ، ئۆزلىرىگە بىر سىياسىي قوشما نام ــ ئۆزبېك نامىنى قوبۇل قىلغان. (ئۆزبېكنىڭ مەنىسى : شەخسەن، ئۆزىگە مۇستەقىل، خوجايىن، ئەركىن دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى بۇ سۆز مۇھىم مەنىلىك ئۇنۋان ئىسمى بولۇپ، كونا ماجارلار (ۋېنگىرلار) دىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇ مەزمۇندا 1150 ـ يىللارغا ئائىت ھۆججەتلەردىمۇ بۇ ئىبارە مەۋجۇت ـ ھ. ۋ). ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ : ئۇ (ئۆزبېكخان ـ س. ئا) ھەر

كىمنى خىزمىتىگە قاراپ تەقدىرلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى ۋە شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەملەر ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولدى. شۇ سەۋەبتىن جۇجى خەلقى ئۆزىگە ئۆزبېك ئىسمىنى قوبۇل قىلدى. بۇ نام ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاخىرقى دەۋرگىچە ساقلىنىپ قالدى. ھامىيرى ھەقلىق رەۋىشتە ئېيتقاندەك ئۆزبېكخان ئۆز خەلقىنىڭ مەدھىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى قىپچاق تەختىگە زىننەت بەرگەن تۆت ئۇلۇغ ھۆكۈمدارنىڭ (كېيىنكى ئۈچى باتۇ، بەركە، توختامىش) ئۈچىنچىسىدۇر. ئەرەب سەيياھى ئىبنى بەتتۇتە تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان ھەم تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا بارلىققا كەلگەن بۇ نام ئۆزبېكخانىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يەنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان پەيتلەردىمۇ بىر مۇھىم ۋەزىپىنى بېجىرمىدى. پەقەت 150 يىلدىن كېيىن كۈچلۈك ئالتۇن ئوردا دۆلىتى تۆت قىسمىغا بۆلۈنۈپ، رۇسىيىنى تاتار ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن خالاس قىلغان ئىۋان ۋاسىلىۋىچنىڭ كۈرىشى نەتىجىسىدە يۇقىرى ۋولگىدا جۇجى ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈگىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆزبېكلەرنىڭ ھاكىمى ئەبۇلخەيرىخانىنىڭ ساراي ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنى، خانلىق ئالىي ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى شاھزادىلەرمۇ تەۋەلەر ئارىسىدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

شىمالدىكى خىرىستىئان دۇنياسى ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىدا ئەبۇلخەيرىخان ئۆزىنىڭ چېدىرلىرى ۋە كۆچمەنچى خەلقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا شەرقىي سەھرا ۋىلايەتلىرى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كۆك ئوردىنىڭ ئاخىرقى خانى كىچىك مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا ئۇ خېلى ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، تېمۇرىيلاردىن ئەبۇسەئىد، مۇھەممەد جوكىي، ھۈسەيىن بايقارا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭدىن ھىمايە سورىدى. كىچىك مۇھەممەدنىڭ ئىنقىدازىدىن كېيىن قىپچاقتا جۇجى تەختى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

ئۆزبېكلەر غەربتىكى ساراي ۋە جەنۇبتىكى ماۋەرائۇننەھردە، راۋاجلانغان ئىسلام مەدەنىيىتىدىن يىراقتا ياشايتتى. ئۇلار ئورتاق ھاياتقا بۇرۇندىن كۆنۈپ، تېمۇرىيلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشلىرى تۈپەيلىدىن نازۇكلىشىپ، كونا تۈركلەرگە خاس جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ قالغان قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن تۇران لەشكىرىگە خاس قاتتىق قوللۇقلۇقىنى ئۆزلىرىدە كۆپرەك ساقلىغان ئىدى. ئىسلام دىنى بۇلار ئارىسىدا نام ئۈچۈنلا تارقالغان ئىدى. ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تۇرمۇش ئادىتىمۇ تۈرك ـ موغۇل خەلقىنىڭ كىرىشىپ كەتكەن ئۆرپ ـ

ئادەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى تۈركلەر تەدرىجىي تىل ۋە ئەدەبىيات بىرلىكى ۋە ئىران ھاياتىنىڭ نازۇك تەرەپلىرى بىلەن تونۇش بولغان بىر پەيتتە ئۆزبېكلەر يەنە قوپال ۋە ئات تېرىلىرىگە ئورالغان ھالدا ھاپىز (ناخشىچى) لىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەنىۋى ھاياتىدا بولسا، مىللىي ئەۋلىيالىرى ھېسابلانغان ساختا كارامەتچى، دەرۋىش خوجا ئەھمەد يەسەۋىينى ئۆزىگە پىر تۇتقان دەرىجىدىلا تەرەققىي قىلغان ئىدى، خالاس.

ئۆزبېكلەر دائىملىق ئورتاق ياشاشقا باشلىغىنىدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قوپاللىقلىرىنى تاشلىدى. بولۇپمۇ چاغاتاي نامى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئولتۇراق تۈركىي خەلق، ئۆزبېك نامى بىلەن بولسا شىمال - غەربتىكى مەدەنىيەتسىز سەھرا ئاھالىسى ئاتىلاتتى. بۇ مۇناسىۋەت كېيىنچە پۈتۈنلەي ياكى يېقىن زامانغا قەدەر ئەكسىنچە ئاتىلىنىدىغان بولدى ؛ يەنى، ئۆزبېك بۇرۇنقى چاغاتاي ئورنىنى ئېلىپ، قىرغىز ياكى قازاق دەپ مەدەنىيەتسىز تۈركلەرنى ئاتايدىغان بولدى.

ئەبۇلخەيرىخان ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋر ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال شارائىتىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقى ۋە ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىستىلا قىلىش پىكرىگە بېرىلمىدى. ئەكسىچە، بىر - بىرىنىڭ قېنىغا پېتىپ، جاڭجاللىشىۋاتقان تېمۇر ئەۋلادلىرىغا بەزىدە ياردەم بېرىش بىلەن قانائەتلەندى. ئۇ پەقەت ئەبۇ سەئىدنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قاراشمىدى. مانۇچېھر مىرزا ۋە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى قوۋۋەتلىدى. ئابۇلخەيرىخاننىڭ ئۆزبېكلىرى دائىم كۆپ ئولجىلار بىلەن قايتاتتى. ئۇنىڭ قىرىق يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيىتى سەھرا خەلقىنىڭ ئەڭ شانلىق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

تۈركمەنلەردە بىر ماقال بار : «سەھرا قەۋمى غايەت تېز تارقىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۇنىڭدىنمۇ تېز تارقىلىدۇ». ئەبۇلخەيرىخاننىڭ شانۇ - شەۋكىتى دۈشمەن ۋە ھەسەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى سۈيىقەستلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. قوشۇنى ئىچىدىكى سەھراخانلىرى ئۇنىڭغا قارشى بىرلەشتى. ھەتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇرگە سۇلتانغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىمۇ بۇلارغا قوشۇلدى. «ئاتاڭنىڭ يۇرتىغا دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىرگە تالا» دېگەن تاتار ماقالىغا مۇۋاپىق ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە ئۇ كۈچسىزلەندى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆپ نوپۇزلۇق ئائىلە ئەزالىرى سەھرانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۆزىدىن

كېيىن قالغان ئون بىر ئوغلىدىن يالغۇز بەشىنچى ئوغلى شەيخ ھەيدەر سۇلتانلا ئۆز ئورنىدا قالغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭمۇ قۇرۇق ئىسمىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ھاكىمىيىتىمۇ ناھايىتى قىسقا بولدى. ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىبار ۋە ئىشەنچلىرىنى ئەبۇلخەيرنىڭ نەۋرىسى شاھزادە مۇھەممەد شايبانىغا قاراتقان ئىدى. ئۇنى شاھبەخت دەپ ئاتىشاتتى. بۇزات ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماستىن ئىستىقبال ئۈچۈن ئەڭ پارلاق ئۈمىدلەر پەيدا قىلغان ئىدى.

شايبانىي، بىز ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتايمىز، ئاتىسى بۇداق سۇلتان بىلەن ئانىسى قوزىبېگىمدىن ياش ۋاقتىدىلا يېتىم قېلىپ، ئۇكىسى بىلەن بىللە ئاتىسىنىڭ سادىق خىزمەتكارى قاراچابېكنىڭ ھىمايىسىدە ياشىدى. قاراچابېك بۇ شاھزادىگە يۇقىرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلدى. شەيخ ھەيدەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قاراچەبېك خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بۇ يېتىم شاھزادىلەرنى ئېلىپ، ئەبۇلخەير ئائىلىسىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن چەتتەرەك بولغان سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شايبانىي بۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ بوۋىسى ئوردىسىنىڭ تۈرلۈك تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن كىشىلىرىنى مۇقەددەس قان قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى ۋە خېلى كۆپ تەييارلىقتىن كېيىن، سۇلالىنىڭ يوقالغان شانۇ ـ شەۋكىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بەل باغلىدى. بولۇپمۇ ئەبۇلخەيرىخانغا يۈزسىزلەرچە خىيانەت قىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا سىر دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمى تەرىپىدىكى بىر ئورمانىنىڭ ئېتىكىدە ياشاۋاتقان بۈرگە سۇلتاندىن قىساس ئېلىش قەستىگە چۈشتى.

شايبانىي كۈچ توپلاپ، تەييارلىق كۆرۈپ بۈرگە سۇلتان بىلەن رىياكارانە تەرىزدە دوست بولۇشتى. تەييارلىق تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، سەھراغا ئىنساندىنمۇ قىساسكارراق ھەقىقىي بىر دەھشەت سالغۇچى ئۇزۇن قىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، سەمىمىي ئۈچ باتۇرى بىلەن دۈشمىنى بۇرگىنىڭ سارىيىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە قېرىنداشلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى قەتلى قىلدى. قېچىپ كەتمەكچى بولغان بۈرگە سۇلتانمۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلالمىدى. شايبانىي ئۇنى تاپقۇزۇپ كېلىپ قەتلى قىلدى. شۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن ياش شاھزادە خېلى كۈچەيگەن ئۆزبېك سۇۋارىيلىرىغا باشلىق بولدى. ئۇلارنىڭ پاناھلىقىدا چوڭ جەڭلەرگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

مەركەزدىكى ئەھۋال شۇ تەرىقىدە بولغاچقا، ئەمدىلىكتە تېمۇرىيلار بىلەن توقۇنۇشماسلىقتا ئىلاج يوق ئىدى. بۇ دەۋردە سەمەرقەند تەختىنىڭ ئىگىسى ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد ئىدى. مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ نائىبى قۇشلىقخان ئوغلى مەجىد تارخان ئىدى.

شايبانىي ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۆز خىزمىتىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەجىد تارخان رازىلىق بىلدۈردى، مائاشىنىمۇ بەلگىلىدى. لېكىن مەجىد، ئۆزبېك باشلىقلىرىنىڭ يەلكىسىگە چىقىۋېلىشنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، خەۋپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇخارا ھاكىمى ئابدۇلئەلى تارخانغا ئەۋەتتى. بۇخارانىڭ مۇتلەق ھاكىمى ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ سارىيى زىننەت ۋە ھەشەمەت جەھەتتىن ئۆزى تەۋە ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئۆزبېكلەرنى ياخشى قوبۇل قىلدى ۋە مۇغۇللار شەرقىي شىمالدىن ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلاردىن پايدىلاندى.

تۈركىستاننىڭ شىمالىي ۋىلايەتلىرىدىكى ئىمتىيازلىق ھاكىملار (تەۋەلەر) ئىسيان كۆتەرگەن پەيتتە، ئەبولخەيرنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن پايدىلاندى. لېكىن ئۆزبېك شاھزادىلىرى بۇ يەرنى ئۆز ۋەتىنىدەك ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى تۇپلىغان كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ، ئىش قىلىپ، ھەرقانداق قوراللىق خىزمەت ئۈچۈن تۇپلانغان ئاددىي مائاشقا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئوترار، سەۋران، سىغناق شەھەرلىرىنى ئۇلارغا بېرىپ، رازى قىلىش لازىم كۆرۈلدى. كېيىنچە ناھايىتى كېڭىيىپ كەتكەن شايبانىي مەملىكىتى شۇ تەرىزدە تەسىس قىلىندى.

ئۆزبېك شاھزادىلىرىگە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن تەرەپدارلىرى ۋە باتۇرلۇق ھەرىكەتلىرىنى سۆيگۈچى سەھرا پەرزەنتلىرى ئارقا تەرەپتىن ياردەم قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ كېلىۋاتقان شايبانىيلار بىلەن ئىنقىرازغا ئۇچراۋاتقان تېمۇرىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنىچ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. توقۇنۇشۇشنىڭ سەۋەبى تېز تېپىلدى. سۇلتان ئەھمەدنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا شايبانىي كېلەچەكنى ئويلىغان ۋە نائىب مەجىد تارخانغا قاراشلىق سىر دەريانى تارتىپ ئالغان، ئەمدىلىكتە ئاۋۋالقىدەك مائاشقا خىزمەت قىلىشتىن ۋاز كەچكەن، شۇندىن بېرى تېمۇر سۇلالىسىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنىگە ئايلانغان ئىدى. ياش كۆچمەنچى خانلارنىڭ ناھايىتى كۈچەيگەن جەڭگىۋار ئەسكەرلەرگە خاس روھى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىزا جەڭلىرى ئۈچۈن كۇپايە ئىدى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇ زاماندا ماۋەرائۇننەھرنىڭ بەكمۇ چۇۋالچاقلىشىپ كەتكەن سىياسىي

ھاياتى، بەگلەرنىڭ باشباشتاقلىقلىرىغا ئوخشاش ھالەتلەر شايبانىينىڭ مەملىكەتنى ئىستىلاھ ئېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

ئۇ ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) ـ يىلىدا بىرىنچى قېتىم سەمەرقەندكە تاجاۋۇز قىلدى. «شايبانىينامە» مۇئەللىپىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، سۇلتان مەھمۇد بايسقۇر زامانىدىمۇ شايبانىينىڭ قېرىندىشى جىزاخ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ، چوڭ تالاپەت بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىغانلىقى ئۈچۈن شايبانىي قېرىندىشىغا تەنبىھ بەرگەن ۋە مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مىڭ نەپەر يىگىتى بىلەن دەرھال سىر دەرياني كېچىپ ئۆتكەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشى ئەسكەرلىرىنىڭ خىيانەتكارلىقى تۈپەيلىدىن مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان. شايبانىي مەجبۇرىي ئارقىغا قايتقان.

شەيخ مەنسۇر شايبانىينىڭ پىرى ئىدى. ئۇ پىرىنىڭ : «ئوتتۇرىسىدىن ئەمەس، چەت تەرەپلىرىدىن باشلاش لازىم» دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، مەملىكەتلەرنى ئىستىلا قىلىش پىكرىگە كەلگەن. ئاۋۋال ئۇ ئەتراپىتىكى تۈرك بەگلىرىگە مۇراجىئەتنامە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنى يۈتۈنلەي تۈگىتىشكە دەۋەت قىلدى. بۇنىڭغا دەل پەيتى كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ تايانچلىرى نەقەدەر چىرىگەن ۋە ئاساسى بوشىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، سەمەرقەند ھۆكۈمدارىغا سادىق تۈركلەر ھامان كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى. شايبانىي ھەر ھالدا ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىشنى لازىم تاپتى ۋە بۇنىڭغا ئېرىشتى. بۇلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىملىرى كۆچىم سۇلتان، سۇيۇنچخوجا سۇلتان، ھەمزە سۇلتان ۋە سەئىد سۇلتانلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كۈچلۈك قىلىپ تەييارلانغان قوشۇن بىلەن سەمەرقەندئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

بابۇر بۇ يەردىن ئەنجانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دۆلەت بېشىدا قالغان سۇلتان ئەلى نامدىلا ھاكىم ئىدى. چوڭ بوۋىلىرى 400 يىلدىن بۇيان سەمەرقەندتە تەشەيخۇلئىسلاملىق قىلىپ كېلىۋاتقان قازى كالان ئابۇلمەكارىم (ئەسلى نامى خوجايەھيا) ھەقىقىي ھاكىم ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى رەھبەرلىك ئىشلىرىغا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، ئۇن كۈنلۈك قامالدىن كېيىن شەيخزادە ئىشىكىدىن چىقىپ، قىلىنغان ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، شايبانىي جەرراخ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، باغى نەۋگە يېتىپ باردى ۋە دۈشمەن لەشكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

ئۇرۇش كۈن چۈش بولغاندا باشلاندى. شايبانىي ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ، ئۇرۇشقا شەخسەن ئۆزى قاتناشتى. پۈتۈن تۈن بويى ھەر ئىككى تەرەپتىن قىرىلىش داۋام قىلدى. ئەتىسى شايبانىيغا خىزمەت قىلغان ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ ئوغلى باقى تارخان سەمەرقەندكە ياردەمگە كەلدى، ئۇنىڭ دابۇسىيە ئىستىھكامىنىڭ يېنىدا قارارگاھ قۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. ئۆزبېكلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەمەرقەندنى قامالدىن بوشىتىپ، تېز سۈرئەتتە بۇخاراغا چېكىندى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياردەمچى ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇخارا ئۈچۈن ئۆزبېكلەرگە شەرتسىز تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. شايبانىي بۇخارانى ئۆزىنىڭ باش قارارگاھى قىلدى. ئانىسى بىلەن ئائىلىسىنى شۇ يەردىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرى بىلەن قارا كۆل ئۈستىگە يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ يەر بىرىنچى قېتىم ئىگىلەنگەندىن كېيىن باباي سۇلتان رەئىسلىكىدە قالدۇرۇلغان مۇھاپىزەت قىسىملىرى شىددەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى يېڭىدىن ئىگىلەشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. ھالبۇكى ئۆزبېك ھەربىي قانۇنىنىڭ پۈتۈن شىددىتى بىلەن ئىسيانكارلارغا جازا بېرىلگەندىن كېيىنلا سەمەرقەندنى قايتا قامال قىلىش مۇمكىن بولاتتى.

سەمەرقەند يېڭىدىن قامالغا ئېلىندى. شەھەردىكىلەر توققۇز ئاي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئەمەلپەرەست ئابۇلمەكارىم بىلەن خان سۇلتان ئەلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئوچۇقتىن ئوچۇق دۈشمەنلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىسە، ئېھتىمال، مۇستەھكەم بۇ قەلئەنى ئىگىلەش مۇددىتى يەنىمۇ ئارقىغا سۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالدىن ياخشى خەۋەردار بولغان شايبانىي سەمەرقەند ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەلىگە : «خوجاۋاسىيلىقىدا ياشاشتىن ھازىرغىچە تويمىدىڭمۇ، ئەبۇلخەير خاندانىدىن ئىنايەتى رەببانىيە بىلەن تۇغۇلمىش يۇلتۇزنى تەبرىكلەپ، ھاياتىڭنى ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق يولىدا ئىزلەشكە ھازىرمۇ ۋاقىت يەتمەمدۇ ؟» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى. شايبانىي ئۆزىنىڭ بۇ دوستلۇق تەكلىپىنىڭ ياخشى نىيەتتە يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۇلتان ئەلىنىڭ ئانىسىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سورىدى. سۇلتان ئەلىنىڭ ئانىسى بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈردى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر مەخپىي ئېلىپ بېرىلدىكى، بىر جۈمە كۈنى شايبانىي مۇھەممەدخان قامالدىكى سەمەرقەند شەھىرىگە بىر تەرەپتىن كىرىپ كەلدى. بۇنىڭدىن مۇتلەق خەۋەرسىز خوجا ئابۇلمەكارىم شەھەرنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىكى مەسچىدتە ئولتۇراتتى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 906 (مىلادىيە 1500) ــ يىلىدا سادىر بولدى.

تېڭىرقاپ قالغان سەمەرقەند ئاھالىسى ئۆز تەقدىرىگە تەن بەردى. ئۆزبېك خانى بىلەن سۇلتان ئەھمەدنىڭ تۇل خوتۇنى زوھرا بېگىم ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇتۇلدى. لېكىن بابۇرنىڭ ھېكايىسىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئاددىي ئاق چاچلارغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئەلى ئۆزۈن ئۆتمەي ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرمۇ بار. دەرۋەقە بۇ ۋەھشىي ۋە يىرتقۇچ سەھرا خەلقىنىڭ ھاكىمىيىتى سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئۈچۈن ناھايىتى مالال كەلدى. شۇ سەۋەبتىن سەمەرقەندلىكلەر ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇ مەھكۇملۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى ۋە نەھايەت، ئالىيجاناب بابۇرمىرزىنى ئۆز بوۋىلىرىنىڭ پايتەختىنى ئازاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغان ۋە ئۆز سۇلالىسى مەنپەئەتىگە غايەت سادىق بولغان بابۇر بۇ دەۋرىدە ئۆزىنىڭ بىرقانچە ساداقەتلىك تەرەپتارلىرى بىلەن زەرەپشاننىڭ يۇقىرى جايلىرىدا قوشۇن توپلىماقتا ۋە خوجا ئابۇلمەكارىممۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ھىجرىيە 906 (مىلادىيە 1500) ـ يىلى كۈز پەسلىنىڭ قاراڭغۇ بىر كېچىسىدە قوقەندلىقلار سەمەرقەند دەرۋازىسىغا يېقىنلىششى بىلەن خەلق ئۇلارغا قول ئۇزاتتى. شايبانىي سەمەرقەندنى قانچىلىك ئاسان ئالغان بولسا، شۇنچە ئاسان قولدىن بەردى. چۈنكى، ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارا كۆل چۆلىدىكى قارارگاھتا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ئەسلا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى.

بىرىنچى جەڭدە 400 گە يېقىن ئەسكەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۆز ئەھۋالىنىڭ پالاكەت بىلەن تۈگىشىنى سەزگەن شايبانىي تېز قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرۈپ، بۇخاراغا چېكىنىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى.

بابۇر سەمەرقەندنى يېڭىدىن ئىشغال قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتى باھارغىچە، يەنى ھارماي ـ تالماي تۇرغان ئۆزبېك خانىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەر توپلاپ، يېڭىدىن ھۇجۇم باشلىغان دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. ئاڭسىز، شىددەتلىك ھۇجۇملار ۋە شۇ پەيتتە ھەر ئىككى تەرەپ نامايىش قىلغان ھەممە ھەيرەتكە سالىدىغان قەھرىمانلىقلار كۆپلىگەن ئومۇمىي ئۇرۇشلار بۇخارا سەمەرقەند ئارىسىدا، سارەپول يېنىدا سادىر بولۇپ تۇردى. بابۇر بۇ ئۇرۇشتا پۈتۈن غەيرەتلىرى زايا كېتىپ يېڭىلدى. كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سەمەرقەند قەلئەسىگە مەجبۇرىي قېچىپ كىرىپ، ئامالسىز تەھدىتتىن قېچىپ قۇتۇلدى.

بابۇر بۇ چاغدىكى پالاكىتىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ياردەمچى موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ خىيانەتلىرىدىن كۆرسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرنىڭمۇ بارلىقى

ئىنكار قىلىنماسلىقى لازىم. كېيىنرەك ھىندىستان موغۇل (بابۇرىيلار ـ س. ئا) مەملىكىتىنى بەرپا قىلغان بابۇر ھەم ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ مانا شۇ بۈيۈك جەڭدە كۆرسەتكەن ماتانەت ھەم قەھرىمانلىقلىرى ھەر جەھەتتىن تەقدىرلەشكە لايىق، ئەلۋەتتە. ئەمما بابۇر لەشكەرلىرىنىڭ سانى، «شايبانىينامە» مۇئەللىپىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە 40 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھردە ۋە ئەنجاندا تىنچ ھايات كەچۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار لېكىن شەپقەتسىز ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا بابۇر چوڭ زىيان تارتتى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۈچ ئىبراھىم (ئىبراھىم تارخان، ئىبراھىم سارى، ئىبراھىم جانىي) ھالاك بولدى. ھەرقانچە مۇنەۋۋەر پىكىرلىك بولسىمۇ، قىيىنچىلىق ھەم خۇراپاتلىققا ئىشىنىشتىن خالى بولالمىغان بابۇر ئۈچۈن بۇ مەشئۇم ۋەقە بىر پالغا ئوخشاش ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇرۇشنى ئاۋالقى غەيرىتى بىلەن ھەرقانچە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندتە تەييارلىق كۆرسىمۇ، ماۋەرائۇننەھردە تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەكسىگە قايتۇرۇپ بولماسلىق پىكرىگە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قانائەت ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

شايبانىي ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ، رەقىبلىرىنى تېزلىك بىلەن تەقىپ قىلىشقا باشلىدى ۋە سەمەرقەندنى قاتتىق قامال قىلدى. تۆت ئاي سوزۇلغان بۇ قامال تېمۇر پايتەختى تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر مىنۇتلاردىن ئىدى. قامال قىلغۇچىلار گۈزەل پايتەختى ئەتراپىدىكى بايلىق ۋە نېمەتلەردىن خالىغانچە پايدىلاندى. ئەمما قامال ئىچىدىكى چاغاتايلىقلار بولسا ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمەسلىكتىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە يامان ھېسابلىنىدىغان ئات ۋە ئېشەك گۆشلىرى ھەتتا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئاتلىرىغا بولسا ياغاچ قېرىندىلىرىنى بەردى. بۇنىڭ ئۈستىگە تەرتىپسىزلىك ۋە ئىتائەتسىزلىكلەر قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ بابۇر قۇپ ـ قۇرۇق قەلئە ئىچىدە ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مىڭ تۈرلۈك تەھلىكە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ھېچ بولمىسا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش خىيالىدا بىر كېچىدە شەيخزادە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قەلئەنى تەرك ئەتتى. چوڭ ئاپىسى خانزاد بېگىم بولسا ئەسىرگە چۈشۈپ، شايبانىينىڭ نىكاھىغا ئېلىندى.

سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتى شۇ تەرىقىدە ئىنقىرازغا ئۇچرىدى. ئىنتىقام ھېسسىي جۇش ئۇرغان ئۆزبېكلەر شەھەردە بار بولغانلىكى ھەممە نەرسىنى تالان ـ تاراج قىلدى. شەھەر ئاھالىسى غالىپلارنىڭ

جازاسىدىن قورقۇپ، قېچىپ قۇتۇلۇش يولىغا چۈشتى. بۇلار ئارىسىدا شايبانىينىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك دۈشمىنى مۇۋەققەت ئاقساقال خوجا يەھيامۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇتماسلىق ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ، ساقىلىنى قىرىپ تاشلىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. ئاخىر تونۇلۇپ قېلىپ تۇتۇلدى ـ دە، شايبانىينىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. شايبانىي نېمىشكە بۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنى سورىغىنىدا يەھيا ئۇنىڭغا : «خۇدا ياندۇرغان شامنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى پۈۋلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ شاقىلىنى كۆيدۈرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا پارسچە بىر شېئىر ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن. لېكىن، خۇدانىڭ شامى، يەنى شايبانىي ئۇنىڭ بۇ خىل سەمىمىيلىكىگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. خوجا يەھيا جامائەتنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇسى بىلەن ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى جاللاتقا تاپشۇردى.

شايبانىي بۇرۇنقى سۇلالە تەرەپدارلىرىغا ئىنتايىن قاتتىق قول ۋە مەرھەمەتسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئادەملەرنى دەھشەت ۋە خەۋپكە سالدى. بۇنىڭ ياردىمىدە ئۆرەتۆپە ئەتراپىدا ئۆزىگە قارشى خەۋپ ۋە تەشۋىش پەيدا قىلغان قېرىنداشلىرى بىلەن بىتىم تۈزگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ھەرىكەت باشلاشقا ئىمكان تاپتى. ئۆزبېك فەتھىنىڭ قانائىتى، كەمتەرلىكى، سەبرۇ قەھرىمانلىق دەرىجىسى ناھايىتى تەئەججۇپلىك ئىدى.

سەمەرقەند تەختىنى ئىگىلەش بىلەنلا شايبانىينى خۇراسان يايلاقلىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ يەردىكى ھىرات تەختىدە كۈچلۈك ۋە شەۋكەتلىك مىرزا ھۈسەيىن بايقارا ئولتۇراتتى. شايبانىي ئۇنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بايقاراغا توغرىدىن ـ توغرا دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلاشتىن تەپ تارتىپ، خۇراساننىڭ مىرزا ھۈسەيىن ھاكىمىيىتىگە تەۋە، لېكىن زەئىپ جايلىرىغا تاجاۋۇز باشلىدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بەلخ ئىدى، ئۇ يەردە شاھزادە بەدىئۇززامان مىرزا ھۈسەيىنگە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتەرگەن ئىدى. ئىككىنچىسى سۇلتان ئەھمەدنىڭ سابىق ۋەزىرى خىسراۋ شاھنىڭ مۈلكىگە قاراشلىق يەرلەر ئىدى، شايبانىي ئۆز ھامىيسىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن چەتلەشتۈرۈلگىنىدىن كېيىن، ھىسار، خەتلان، قۇندۇز، بەدەخشاننى ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇۋالدى.

شايبانىي مىرزا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن يۇرتىنىڭ ئارقا تەرەپلىرىنى تەھلىكىدىن ئاسراش، يەنى بابۇرنىڭ موغۇل قېرىنداشلىرى خانىكە سۇلتان ۋە ئالاچە سۇلتانلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىشنى لازىم

تاپتى. سىر دەريانىڭ ئوڭ ساھىلىدا، شاھرۇخىيە ۋە تاشكەنت ئەتراپلىرىدا ئۇلارنىڭ موغۇل ۋە قالماقلاردىن ئىبارەت خېلى كۆپ لەشكەرلىرى مەۋجۇت ئىدى. قىسمەن ھەسەت قىسمەن ھىممەتسىز قېرىنداشلىرى بابۇرنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ھە رتۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزبېكلەرگە زەرەر كەلتۈردى.

بۇلارغا قارشى بىرىنچى يۈرۈش سەمەرقەندنى ئىگىلىگەن يىلىدىلا باشلاندى. ناھايىتى سوغۇق قىش كۈنى شايبانىي ئاشلانغان تېرىلىرىگە ئورالغان قوشۇن بىلەن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قېرىنداشلىرى سۇلتان مەھمۇد، تېمۇر سۇلتان بىلەن بىرلىكتە جەسۇر ئۆزبېكلەردىن ئىبارەت ئالتە مىڭ كىشىلىك بىر ئىلغار (ئاۋانگارت) قوشۇن تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما قاتتىق سوغۇق، ئېھتىمال بۇلاردىنمۇ جەڭگىۋار موغۇللار ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى ۋە بوز ـ سەھرالاردا شايبانىينىڭ قەلبىدىكى ۋەھشى ئۇرۇشقاقلىق ھارارىتى سۇنۇپ، ئارقىغا، سەمەرقەندكە قايتتى. موغۇللار ئۆرەتۆپىگىچە قوغلاپ كەلدى. گەرچە بۇ شەھەر بۇلتۇر يازدا قايتا ئىگىلىنىپ، خانىكە سۇلتان بىلەن بېتىم تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھەقىقەتتە بۇ سۈلھ ئەمەس بەلكى تەدبىر ئىدى. چۈنكى شايبانىي خىسراۋ شاھىنىڭ مۈلكىگە باستۇرۇپ كىرگەندەك، موغۇللار يەنە شايبانىيغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇلار چېگرىدىكى جايلارغا ئەمەس، بەلكى شايبانىينىڭ خوقەندتىكى نائىبى تەنبەل سۇلتاننىڭ يېرىگىمۇ ھۇجۇم قىلدى.

تەنبەل بولسا شايبانىيدىن ياردەم كۈتۈشكە ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ پىتنىسى بىلەن بابۇر تەختىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان بىر كىشى ئىدى، ئىككىنچىدىن، ئۆزبېك ھۇجۇمىغا قارشى تۇرىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شايبانىينىڭ ھۇزۇرىغا سىرتتىكى تاجاۋۇزلىرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تۇران ئىچىدىكى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قويۇش ئۈچۈن باشقا سەۋەبلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شايبانىي ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە جەسۇر ۋە شۆھرەتپەرەس ئىدى، ئەگەردە سىر دەريا بىلەن گوبى چۆلى ئارىسىدا ياشىغۇچى موغۇل ۋە قالماقلارغا تايانغان خانىكە بىلەن تېمۇرىيلار بىر ئىتتىپاق تۈزسە ئۆزبېكلەرنىڭ پۈتۈن مەقسەتلىرىنى بەربات قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شايبانىي بۇنى ناھايىتى ياخشى پەرەز قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ھىجرىيە 911 (مىلادىيە 1505) ـ يىلى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەربىي كۈچى بىلەن ئاۋۋال شاھرۇخىيە ئۈستىگە يۈرۈش باشلاپ، ئۇنى قامال قىلىشنى ئەمر قىلدى. كېيىن سىر دەريا بويىغا يۈرۈپ، ئەخسىگە قەدەر باردى. ئۇنىڭدىن ئون بەش مىل مۇساپىدە موغۇللارنىڭ

www.uyghurweb.net

بىرلەشكەن ۋە جەڭگە تەييار لەشكەرلىرى تۇراتتى. «شايبانىينامە» مۇئەللىپى ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم بەلگىلىرىنى ھەم ئۆزبېكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن تۈگىگەن بۇ قانلىق جەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى غايەت جانلىق ۋە زوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

خانىكە قېرىندىشى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى ۋە شايبانىي ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى، ئۇلار ھېچ شۈبھىسىز ھالدا ئۆلۈمنى كۈتكەن ھالدا تۇرغىنىدا شايبانىي ئۇلارغا ئامانلىق ئاتا قىلدى ۋە ئالىيجاناپلىق كۆرسەتتى. ھەتتا بەزىبىر نەرسىلەرنى ھېكايە قىلىپ، پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن تەسەللى بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەم مۈلۈكلىرىگە تەگمەسلىك ھەققىدە سۆزلەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. شايبانىي ئۇلارنىڭ ئانىلىرى قۇماندانلىق قىلغان شاھرۇخىيە قەلئەسىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئالىيجاناب مۇئامىلە كۆرسىتىپ، شەپقەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ ئايالنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى. قەلئەلنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاپشۇرۇپ بۇنىڭ بەدىلىگە سۇلھ تۈزۈشكە ئېرىشتى.

شايبانىي ئارقا تەرەپتىكى مۇخالىپلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ھۇجۇم نەزەرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى رەقىبلىرى ئۈستىگە قاراتتى، لېكىن بۇ ئورۇندا ئەھۋال بىر ئاز ئۆزگەردى. ھىسار، قۇندۇز، خەتلان، بەدەخشان ھاكىمى خىسراۋ شاھ بىلەن سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانچە ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر شىددەتلىك داۋاملاشسىمۇ، ئومۇمىي بىر تەھلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بايقاپ، شايبانىيغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە بىرلەشتى. لېكىن بۇ ئىتتىپاقچىلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى ئەمەلدە قوللىسىمۇ، ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

شايبانىي ئالدى بىلەن خىسراۋ شاھقا ئۇرۇش ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن تەنبەلخان ئۆز شەپقەتچىسىگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن شايبانىي يېڭى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى توختاتقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆز مەملىكىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا يېڭى كۈچ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسيان تۈزكور تەنبەلخان ئۈچۈن ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش ۋە سىڭىللىرى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە ئاياقلاشتى.

شايبانىي شۇنىڭدىن كېيىن تېزلىك بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ سول ساھىلىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن مۇخالىپلىرىنىڭ بىرلەشكەن لەشكەرلىرى دەرھال خەتلانغا چېكىندى. بۇ دەۋردە بابۇر خەتلاندا ئەڭ كۆپ تونۇلغان ئادەم ئىدى. شۇ پەيتتە

شايبانىينىڭ قېرىندىشى سۇلتان مەھمۇد قوندۇزنى ئىگىلىدى ۋە شۇ جايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئەڭ سادىق تەرەپدارلىرىدىن خارەزم ھاكىمى چىن سوپىغا قارشى شايبانىي ھەرىكەت باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئىلغارلىرىغا شايبانىينىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. قوغدىغۇچى ۋە قاراۋۇل ئورنىدا ئون تۆت كۆنلۈك ياش رەپىقىسىنىڭ باغرىدىن ئايرىلىپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلانغان ئۇبەيدۇللا رەھبەرلىكىدىكى لەشكەرلەرمۇ بارماقتا ئىدى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئامۇ دەرياىدىن كېچىپ ئۆتۈشى قاتتىق قىش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. شايبانىينىڭ قوشۇنى، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي چىن سوپى ئوردىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسكىرى ھېسابلانغان تۈركمەنلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە جايلاشتى. تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرى بىر ـ بىرىگە تەڭ دېيەرلىك ھالدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ھازىرقى خىۋا بىلەن ھازارەسپ ئارىلىقىدىكى خارەزم قەلئەسىنى قامال قىلىش ئۇزۇن ۋاقىتقا قەدەر داۋاملاشتى. قەلئەدىكىلەر تەرىپلەشكە سىغمايدىغان دەرىجىدە پەۋقۇلئاددە قارشىلىق كۆرسەتتى. چىن سوپىنىڭ چەتتىن ياردەم ئېلىش ئۈمىدىنى يوقىتىش ئۈچۈن شايبانىي ئالدى بىلەن خىسراۋ شاھنى يوقىتىشنى لايىق تاپتى. ئامۇ دەرياىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ناھايىتى كۈچلۈك ھېسابلانغان خىسراۋ شاھ شايبانىي قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان پەيتتە قولغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ سادىق 700 نەپەر ئادىمى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بېشى كېسىلىپ چىن سوپىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا چىن سوپى ئاچ قالغان ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ناھايىتى خاراپ ھالەتتە تۇرماقتا ئىدى. لېكىن بۇ «تۆھپە» قەھرىمان چىن سوپىنى دەھشەتكە سالالمىدى. ئۇ دۈشمەنىنىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىغا ئاجايىپ غەيرەت بىلەن ئالتە ئايغا قەدەر قارشىلىق كۆرسەتتى. پەقەت، ئىچەن قەلئەسى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، چىن سوپى ئاشۇ قەلئەنىڭ خارابىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئوقلىرى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى.

سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئاشۇ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت تۈپەيلىدىن پۈتۈن توران شايبانىينىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە پارلىغان يۇلتۇزىنى شەرقتە ئەنجان، شىمالدا شاھرۇخىيە بىلەن تاشكەنت، جەنۇبتا ھىسار، بەدەخشان، بەلخ ۋە خارەزم تەبرىكلىدى. سەمەرقەندنى بېسىپ ئېلىش ھارپىسىدا قوي تېرىلىرىگە ئورالغان ئۆزبېكلەر ئەمدى ماۋەرائۇننەھرنىڭ بايلىق ۋە پاراغەتلىرىگە كۆمۈلدى ؛ ئەبۇلخەير ۋارىسلىرىنىڭ شەۋكەت ۋە قۇدرىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇزاق مەملىكەتلەرگە يېيىلدى.

شايبانىينىڭ سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىغا قارشى ئاساسلىق ھەرىكىتى ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. بولۇپمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن تېمۇرىيلار ئارىسىدىكى قەتئىي كۈرەش پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر ئىككى تەرەپ كۈرەش مەيدانىغا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن چىققانلىقى ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. شايبانىي ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرى بىلەن ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا ئۆلكىلىرىدىكى بارلىق جەڭگىۋار ئۇنسۇرلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلاش بىلەن كۈپايىلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئەڭ مەشھۇر تەرىقەت ئەھلىلىرىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسەتتى. ئامۇ دەريا قىتئەسىدىكى ئىران قەۋمى ئۇزۇندىن بېرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك تۈرك قەبىلىلىرى تالان ـ تاراجغا ئېلىپ بارغۇچى بۇ يېڭى تېمۇر ئەتراپىغا يۈكسەك زوقمەنلىك ۋە ھاياجان بىلەن توپلاندى.

سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىغا كەلگەندە، ئۇ مەملىكەتنى تەھلىكىگە ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئوغۇللىرىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن تەخت ئەتراپىغا توپلىنىشقا ۋە مەملىكەتكە باستۇرۇپ كىرگەن ئۆزبېك قوشۇنىغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئەمر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ھىراتنىڭ شىمال تەرىپىدە ئافغانىستان، سىيىستان، خۇراسان، فارس ۋە جۇرجان خەلقلىرىدىن ئىبارەت كۈچلۈك لەشكىرى قوشۇن توپلىدى. بۇلارنىڭ بىرلا كەمچىلىكى ــ ئوتتۇرلىرىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاق يوق ئىدى. تېمۇرىيلار ئۆزئارا ئۇششاق جاڭجال ۋە ئىختىلاپلار بىلەن بولۇپ قالغان ۋاقىتتا ھىجرىيە 911 (مىلادىيە 1505) ـ يىلىدا شايبانىي كىرگە يېنىدا ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئوڭ تەرەپتىن ئۇلارنى تامامەن پاراكەندە قىلىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇ پەيتتە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ۋاپات بولدى. ئۆز سۇلالىسىنىڭ ئىنقىرازىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەختىيارلىق بولسا، بىر ـ بىرى بىلەن نىزا ۋە غەۋغا ئىچىدە ياشىغان ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپاتى شۇنچىلىك بەختسىزلىك ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئىتتىپاق ۋە ئابرۇيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆلەڭگىسىمۇ سۇلتان مىرزا ھۇسەيىن بىلەن بىرگە گۆرگە كىرىپ كەتتى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى.

سۇلتان ھۇسەيىنىنىڭ ۋارىسى بەدىئۇززامان قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردى، مۇشۇ ۋاقىتتا كابۇل ھاكىمى بولغان بابۇر مىرزىمۇ ئۆز ۋەزىرى جاھانگىر بىلەن مەسلىھەتكە قاتناشتى. ئەمما ئوتتۇرىسىدا سەممىيلىك

بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. بۇ چاغدا مۇرغاپنىڭ ئوڭ ساھىلىغا يېتىپ كەلگەن شايبانىي ئېرىشمەكچى بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن تېزلىك بىلەن بەدىئۇززامانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە مەرھۇم ھۇسەيىن مىرزىنىڭ چوڭ بوۋىسى ئەبۇلخەيرگىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەتتى.

مەغرۇر تېمۇرىي، يەنى بەدىئۇززامان شايبانىينىڭ ۋەكىلىگە ھاقارەتلىك جاۋاب بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېكلەر قوشۇنى دەرھال مەرۋىدىن ھەرىكەتلىنىپ، مەرۋىچاق شەھەرچىسىگە كەلدى ۋە تېمۇرىيلار لەشكىرىنى جەڭگە چاقىردى. ئۆزبېكلەر ئوردىسىدا ھەركىم ئالغا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ؛ تېمۇر سۇلتان، ئابدۇللاخان، مەخمۇت سۇلتانغا ئوخشاش قەھرىمان جەڭچىلەر سەپنىڭ بېشىدا ئىدى. تېمۇرىيلاردىن پەقەت قىرى گېنىرال زۇنۇن شىجائەت كۆرسىتىپ، ئۆزى ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما ناھايىتى تېزلا يېڭىلىپ، ھالاك بولدى. تېمۇرىيلار لەشكىرى ئىچىدە ئومۇمىي بىر خەۋپ ـ ھاياجانلىقنىڭ باشلىنىشىغا پەقەت شۇ بىر ئىشلا كۇپايە قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سەئىد ئابدۇللا مىرزا مەشھەدكە قېچىپ قۇتۇلدى. ئابدۇلباقى ۋە ئەمىر مۇھەممەد بورۇندۇق سەبزىۋارغا، بەدىئۇززامان ۋە مۇزەپپەر ھۇسەيىن بولسا ھىراتقا قاچتى، لېكىن ئارقىسىدىن ئۆزبېك ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىر نەچچە سائەتلا تۇرالىدى. شەۋكەتلىك سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ۋارىسى بەدىئۇززامان ئۆز ئائىلىسىنى، بايلىقلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھىجرىيە 913 (مىلادىيە 1507) ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھىرات ئىختىيارىي ھالدا دەرۋازىلىرىنى ئۆزبېك ئەسكەرلىرىگە كەڭرى ئېچىپ بەردى. شايبانىي شەھەرگە كىردى. ئۇ ئەڭ قەدىمكى ئىستېلاچىلارغا قارىغاندا چوڭ ئالىيجانابلىق كۆرسىتىپ، شۇ دەۋردە پەن ۋە سەنئەت مەركىزى ھېسابلانغان ھىراتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەۋەسكارى بولغان ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى، پەقەت يۈز مىڭ تەڭگە سېلىق تۆلىتىش بىلەن چەكلەندى (بابۇرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا شەھەر تالان ـ تاراج قىلىنىپ، ناھايىتى كۆپ زىيان سېلىنغان ـ س. ئا).

شايبانىينىڭ ئۆزى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتى ۋە قېچىپ كەتكەن بەدىئۇززاماننىڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مۇزەپپەر ھۇسەيىن مىرزىنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئەقلى ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. يېشى ئەللىك سەككىزگە كىرگەنلىكىگە قارىماي ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولدىكى، ئۇنى پىكرىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلارنىڭ

www.uyghurweb.net

ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ بىراۋنىڭ شەرىئەتلىك ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. ئاخىرى شايبانىي ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك تاشلار، دورى ـ گۆھەرلەر، مارجان ۋە ئالماسلاردىن ئىبارەت خەزىنە شۇ يەرگە ئۇنىڭ قارارگاھىغا ئېلىپ كېلىندى. شايبانىي بەدىئۇززاماننىڭ ئائىلىسىگە نومۇسكارانە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۆزبېكلەردىن قورقۇپ تاغلارغا قېچىپ كەتكەن ئادەملەر كۆپ ئۆتمەستىن ئۆز جايلىرىغا قايتىپ، بۇرۇنقى ھاياتىنى باشلىدى.

شايبانىي سەرەپۇل جېڭى بىلەن ماۋەرائۇننەھر تەختىنى ئىگىلىگەن بولسا، مەرۋىچاق ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈن خۇراساننى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزدى. قېچىپ قۇتۇلغان تېمۇرىيلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمما غەربىي خۇراساندىكى قەدىمكى موغۇل ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش ئۆزبېكلەرمۇ تېزلىك بىلەن ئۇلارغا يېتىپ ئالالايتتى ۋە ئىسيان كۆتەرگەن قەلئەلەرنى قايتىدىن ئىگىلەيتتى. مەشھەدتىكى ئابۇلمۇھسىن مىرزا مەرۋىچاق پالاكىتىدىن خەۋەر تېپىپ ئىراقتا بىر ئاز ئەسكەر توپلىغان ئىدى. لېكىن ئۆزبېكلەر شايبانىينىڭ ئوغلى مۇھەممەد تېمۇر سۇلتان ھەم جىيەنى ئۇبەيدۇللاخان قوماندانلىقى ئاستىدا جام ناھىيىسىنىڭ يېنىدا توساتتىن تېمۇرىيلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلار قارارگاھىدا تۈن بويى ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىرىنچى توقۇنۇشۇشتىلا ئەبۇلمۇھسىن مىرزا ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئەسكەرلىرى تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ قېچىپ كەتتى.

خۇراساننىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى سەبزىۋاردا ئۇرۇش ئامىتى ئۆزبېكلەرگە يار بولدى. ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلغان ئىبنى ھۇسەيىن مىرزا تېمۇرىي ئەسكەرلىرىنىڭ قالدۇقى بىلەن سەبزىۋارغا چېكىنگەنىدى. ئۆزبېكلەر شەھەرنى ئىگىلىدى. ئەبۇلمۇھسىن گەرچە قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەبۇلباقى ۋە بۇرۇنىدۇق شاھزادىلەر مۇداپىئە ۋاقتىدا تالاپەت چەكتى. تېمۇرىيلاردىن ئون ئىككى شاھزادە ئۆزبېكلەر قىلىچىدا ھالاك بولغان بولسىمۇ، شايبانىي بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلمىدى. ھىراتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئوغۇللىرىنى خۇراساندا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئامۇ دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتتى. ئۇنى بۇخارادا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىشتى. لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى بۇخاراغا كېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى نىيىتى سەپەردە ۋاقتىدا ئىسيان كۆتەرگەن موغۇل يۇنۇسنىڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىر دەريانىڭ شىمالىي ۋىلايىتىگە يول ئالدى.

www.uyghurweb.net

شايبانىي بۇ يەردە تىنچلىق ئورناتقاندىن كېيىن، ئىستىلا ئىشىنى تاماملاش ئۈچۈن يەنە خۇراسانغا قايتتى. ھىجرىيە 914 (مىلادىيە 1508) ـ يىلىدا جۇرجان ۋىلايىتىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتتى. تېمۇر ئەۋلادىنىڭ بارلىق مەملىكەتلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى باشقۇرۇشنى مۇكاپات سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەربىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھىرات جانۋاپابايىغا، مەرۋى قۇبىزنايىمانغا، بەلخ خارەزملىق سۇلتانشاھقا، ھىسار ئەتراپى بىلەن بىرلىكتە مەھدى ۋە ھەمزە سۇلتانلارغا، قۇندۇز ئەھمەد سۇلتانغا، تاشكەنت سۇيۇنچى خۇجاخانغا، ئاخسى جانىي بېككە، ئەنجان مەھمۇدشاھ سۇلتانغا، خارەزم قوشچى كوپەككە، تۈركىستان كۆچكۈنچى خانغا بېرىلدى. بۇخارا ۋە قاراكۆل نائىبلىقى شايبانىينىڭ ئۇكىسى سۇلتان مەھمۇدقا، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇنجى ئوغلى ۋە تەختىنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد تېمۇر سۇلتانغا تەقدىم قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جاۋاھىرى سەمەرقەند بىلەن كېش ۋە مىيانكەل، ئايالىتى بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ مەھمۇد تېمۇرنىڭ سەلتەنىتىگە بېرىلدى.

چىڭگىز بىلەن تېمۇرغا تەقلىد ئاساسىدا شايبانىي ئۆزىگە ئالىي باش قوماندانلىق مەنسىپىنى ئالدى. ئىلگىرى چۆللەردە سەرسان بولغان بۇ ئادەم قورال كۈچى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرى بېسىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئېھتىمال يېقىن زاماندا ئۇنىڭغا ئوخشاش شۆھرەتپەرەس، ئۇنىڭغا ئوخشاش غەيرەتلىك قەھرىمان ھەم مەلىكەتنىڭ چېگرىسىنى غەربكە كېڭەيتىش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن غەيرەت كۆرسەتكۈچى، شايبانىيدەك مەملىكەتنىڭ دائىرىسىنى شەرق تەرەپكە كېڭەيتىشكە ئىنتىلىدىغان باشقا بىر زات ئۇرۇش مەيدانىغا چىقمىغان بولسا، كىم بىلىدۇ دەيسىز، شايبانىي تېمۇرغا ئوخشاش يېڭى بىر غارايىپ يارىتىلغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈنەتتىمىكىن ؟

بۇ يېڭى جەڭگىۋار شەخس ئۆزىنىڭ زاھىتلىقى ۋە تەقۋادارلىقى سەۋەبلىك ئىران تۈركلىرى نەزىدا مۇھتەرەم سانالغان شەيخ سۇفى ئائىلىسىنىڭ پەرزەندى شاھ ئىسمايىل ئىدى (تارىختا سەفەۋىيلەر دەپ ئاتىلىدۇ ـ س. ئا). شەيخ سوفى ئەردەبىللىك بولۇپ، مەقبەرىسى ئىرانىيلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ناھايىتى مۇبارەك ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى 14 ياشقا تولغان ۋە ئۆز تەرىپىدىكى سىياسەتتە دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان شاھ ئىسمايىل دىن نۇرىنىڭ دەبدەبىسى سايىسىدە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاددىيغىنە جايىنىمىزىنى پۈتۈن ئىراننىڭ ئالىي تەختىگە ئايلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

www.uyghurweb.net

ئىسمايىل نەسل جەھەتتىن تۈرك ھېسابلىنىدۇ. گەرچە مەدداھلىرى ئۇنىڭ دىنىي شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سوپى نەسلىنىڭ يەتتىنچى ئىمامى بولغان مۇسادىن باشلانغانلىقىنى سۆزلىسىمۇ ھەزەر دېڭىزىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشىغۇچى يەتتە تۈرك قەبىلىلىرى ئادەت بويىچە ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ھۆرمەت قىلاتتى.

ئىسمايىل ھەربىي مۇۋەپپەقىيىتى سايىسىدە ئىران بىلەن ئەرەبىستانىنىڭ چوڭ قىسمىدا ھاكىمىيەت ئورناتتى. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خىزمىتى ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇرغان نەرسە شۇكى، ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، مەزھىپىنى قاتتىق سۈرئەتتە ھىمايە قىلدى ۋە تەرغىبات ۋاستىسى بىلەن تۆتىنچى خەلىپە ھەزرەت ئەلى ئەۋلادىغا بولغان ھۆرمىتىنى مىللىي ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قەدىمىي بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ سۇلۇكلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قارىغاندا ھەر ۋاقىت ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا كۆپرەك تارقالغان. شىئەلىك سام قوۋمىدىن چىققان ئىشغالىيەتچىلەر (ئەرەبلەر) تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت مەغلۇپ ۋە ئاجىز ئىران ئەۋلادلىرىنىڭ ھېسسىيات – مەيللىرىنىڭ جاراھەتلىنىشىگە سەۋەب بولماقتا ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بايسۇنقۇر مىرزىغا ئوخشاش شىئەلەر ياكى ئەرەبلەرنىڭ بۇخارانى ئىگىلىشى ۋاقتىدا شەرىك بىن شەيخ ئەل مەھدىينىڭ غەليانىدىن پەيدا بولغانغا ئوخشاش يوشۇرۇن رەۋىشتە شىئەلىك بەزەن فىرات دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ۋە ماۋەرائۇننەھىردە بولسىمۇ،ئۇنىڭ ھەقىقىي مەركىزى ھەر دائىم ئىران ئىكەنلىكىدىن سۈننىيلەرنىڭ ئەڭ چوڭ نەپرىتى ئۇنىڭغا قارىتىلغانىدى.

بۇ مەزھەپ يوشۇرۇن تۇتۇلغان ۋاقىتتا، رەقىبلىرى ئېتىراز ۋە ئىستىھزا بىلەن قانائەتلىنەتتى. سوپىلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بايراقلىرىغا يېزىپ چىقىشلىرى بىلەنلا سۈننىي خانلىرىنىڭ زىيىنىغا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. كېيىن سۈننىيلارنىڭ غەزىپىنى ناھايىتى كۈچەيتتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ باراۋەر ھالەتتە دىنىي ئۆزلىرىنىڭ دۇنياۋى مەقسەتلىرى يولىدا باھانە قىلىشتى. بۇ مەزھەپ دۈشمەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئاسىيانىڭ غەربىدە ئۈزۈن ھەسەن بىلەن ئىستانبۇل فاتىھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ۋاقتىدا كۆرۈلدى ۋە ئۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولدى ؛ شۇ پەيتلەردە ئىران تۈركلىرىنىڭ «يا، ئەلى!» دېگەن تاۋۇشلىرى ئاڭلىناتتى.

ئەمما شەرقتە بۇ مەزھەپ دۈشمەنلىكى بىر مۇنچە ۋاقىت كۆل ئاستىدىكى چوغدەك كۆمۈلۈپ ياتتى ۋە مەدەنىي ھاياتتا نازۇك بىر سۈرئەتتە مەيدانغا چىقتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ساراي ئەھۋالىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھىرات ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىرانلىق سۈننىي ئەرەبلىرى ئىران مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ يالغۇز شىئەلەرگە مەخسۇس بولمىغانلىقىنى ئىسپات قىلىدۇ. بىر ئاز كېيىن خۇراساندا تېمۇرىيلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان ئۆزۈن ھەسەن دەۋرىدە بۇ مەسىلە ئوتتۇرا ئاسىيادا، خۇسۇسەن، بۇخارادا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەبۇسەئىدنىڭ، سۈننىيلەرنىڭ ھەق يولىدا قۇربان بولۇشى ھېسابلىنىدۇ.

شىئەلىك ئىراندا كەڭ تارقىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇ غەيرىي ئېتىقادقا نەپرىتى كۈچىيىشكە باشلىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىمۇ ھىرات، بۇخارا، سەمەرقەند ئۆلىماسى شىئەلەرگە ئەبلەخلىق ۋە نومۇسسىزلىق تامغىسىنى بېسىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلىرى ئۈچۈن دەپ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي رەۋىشتە قول قىلىپ سېتىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنى مەكرۇھ دەپ ئېلان قىلدى.

شايبانىي مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ خۇراساندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كېيىن، ئىستىلا يولىدا ئىراق چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن مەزگىللەردە، سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئىدى. شاھ ئىسمايىل بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ئىدى. تۈركلەر : «قىلىچىنى چىقارغان ئادەمگە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سەۋەب ئىزلەشكە ئېھتىياج قالماس» دېيىشەتتى. شايبانىي شۇنىڭغا بىنائەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ قەھرىمان سوپىغا قارشى جەڭنى مۇقەددەس دىن روھى بىلەن جانلاندۇرۇپ، يەنىمۇ كۈچلۈكرەك ھاياجان ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەۋلادىنىڭ بىر ۋائىزى سۆپىتىدە يۈزلەندى ۋە ھىجرىيە 914 (مىلادىيە 1508) – يىلى ئۇلارغا مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يازدى : «ئەي ئىران ھۆكۈمدارى ! ماڭا كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، سەن زالالەت يولىغا ئەگىشىپ، شەيتاننىڭ ئىغۋاسىغا بېرىلىپ، شىئە مەزھىپىنى تارقىتىۋېتىپسەن. سېنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ غەيرى، شەرئىي مەزھەپتىن ۋاز كېچىپ، ئەھلى سۈننەت جامائەسىگە قايتقىن، بولمىسا ياققان ئىسيانىڭنىڭ يالقۇنى ئۆزەڭنى كۆيدۈرىدۇ، سەن پۈتۈنلەي خاتا يولدىسەن. شەيتاننىڭ كاساپىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ زالالىتىڭدىن ۋاز كېچىپ، ھەق يولىغا قايت. ئەگەر مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم سەن تەرەپتىن ئېتىبارغا

www.uyghurweb.net

ئېلىنمىسا، بەلكى ھېسابسىز كۆپ لەشكەرلىرىم بىلەن ئىراققا كىرىمەن ۋە ئۆتكۈر قىلىچىمنى قولۇمغا ئېلىپ، سىنىڭ ئىسپاھان سارىيىڭ ھەرقانچە گۈزەل، گۈمبەزلىرى ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن. مېنىڭ جازايىم ئىراق ئەھلى ئۈچۈن قىيامەتكىچە ئۇنتۇلمايدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك بولىدۇ».

شاھ ئىسمايىل بۇ مەكتۇپنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، شايبانىي بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا تاقاپ، قول ئاستىدىكى كەڭرى مەملىكەتنى يەنىمۇ كېڭەيتىش نىيىتىگە چۈشتى. خۇراساننىڭ جەنۇبىدىكى شەپقەتسىز ئۆزبېك ئوردىسى قەندىھارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېچىپ ئۆتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە كىرمان ئۇستىگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق قىلىۋاتقان پەيتتە شاھ ئىسمايىل ھۇجۇمنى توختىتىش قەستى بىلەن شايبانىيغا ۋەكىل ئەۋەتتى. شايبانىي يەنە دوق قىلىش ۋە پوپوزا بىلەن جاۋاب بەردى : سوپىغا قەلەندەرلەر مەخسۇس سەدىقە ئىشلىتىغان كاسكۇل (كاسا) ۋە ھاسا ئەۋەتتى ۋە تۆۋەنكىدەك مەكتۇپنى يازدى : «بۇ ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلغىن. بۇلار سېنىڭ ئاتاڭدىن قالغان مىراس ئالامەتلىرىدۇر. ئەمما، مەن مەشھۇر ئۇلۇغ بوۋام چىڭگىزدىن مىراس بولغان قىلىچى ۋە ھاكىمىيەتنى ئالدىم. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ تىلەمچىلىك ئۇنۋانىڭدىن رازى بولمىساڭ، ئۆز مۇئامىلەڭدىن كۆرۈپ، ئۆزۈڭدىن رەنجىگىن».

مىرخاندىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، شاھ ئىسمايىل بۇنىڭغا قارشى : «خوپ، ئەگەر مەن دەرۋىش بولسام، ئۇلۇغ ئىمام رىزانىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەشھەدكە بېرىش پىكرىدىمەن. سەن بىلەن شۇ يەردە ئۇچرىشىمىز» دېگەن. شاھ ئىسمايىل ئۇرۇش سەپىرىگە تامامەن تەييار ئىدى. شايبانىي بولسا، تىك قىيالار ئارىسىدا جايلاشقان فىروز كوھى قەبىلىسىنىڭ ئىسيانى سەۋەبىدىن جەنۇبقا ھەرىكەت قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنى جازالاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان پەيتتە، شاھ ئىسمايىلنىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن مەشھەد تەرەپكە بېرىشى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. بۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە سىر دەريادا قىرغىزلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئوغلى مۇھەممەد تېمۇرنىڭ مويۇنسىز ھەسەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ دەھشەتلىك ھالدا يېڭىلگەنلىكى ھەققىدە ماۋەرائۇننەھردىن پەۋقۇلئاددە تەئەججۇپلۇك ۋە قايغۇلۇق ئىككىنچى بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇ تەرىقىدە شايبانىينىڭ كۈچلۈك قولىغا، ئۆتكۈر كۆزىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ تەرەپتىن زەربە سېزىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇزاق سەپەر مۇشەققەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرى چارچىغان ۋە بوشىشىپ قالغان ئىدى. شايبانىينىڭ ئۆزىمۇ مەرۋىدە،

ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېتىش ياكى دۈشمەننى چۆلنىڭ ياقىسىدا كۈتۈش توغرىسىدا قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمىدى. ھالبۇكى بۇ پەيتتە شاھ ئىسمايىل دامغان، سەبزىۋار، نىشاپۇرنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى بولغان ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ، پەۋقۇلئاددە سۈرئەت بىلەن مەشھەدكە يېقىنلاشماقتا ۋە دەھشەتلىك قوشۇن گۇرۇھلىرى بىلەن تاجاۋۇزنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى.

شۇنداق ئەھۋالدا شايبانىي ھېچقانداق جايدىن ياردەم ئېلىشقا ئىمكانىيەت قىلالمىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن يېگانە چارە ـ ۋاقتى يېتىپ ياردەم كېلىپ قالسا، قامالدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئۈمىدى بىلەن مەرۋى قەلئەسىنىڭ تاملىرى ئىچىدە ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

شايبانىي مەرۋىگە كىرىۋالسا، ۋاقىتتىن ئۇتتۇۋېلىشنى بىلگەن شاھ ئىسمايىل ھىيلە كۆرسىتىشكە ئۆتتى. ئۇ شايبانىيگە قېيىدىغان ھالەتتە تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى : «سەن مېنى ئەزەربەيجاندا زىيارەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىڭ. لېكىن سۆزۈڭدە تۇرمىدىڭ. شەخسەن مەن ئۆزۈم خۇراسانغا كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايسەن. مۇساپىرنىڭ ئالدىدا دەرۋازىلىرىڭنى يېپىۋالدىڭ. مەلۇم بولدىكى، ھازىر سەن بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ئېلىشنى خالىمايسەن. ئىران ۋە ئەزەربايجاندىكى مەلۇم ۋەقەلەر مېنىمۇ قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ يەردىن ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كېتىمەن. كۆرۈشۈشمىزنى تەقدىرگە ھاۋالە قىلىشقا قارار قىلدىم».

سۆز ئاخىرىدا ئىشمۇ بېجىرىلدى. ھىيلىگەر ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ ئەسكىرى قايتىشقا باشلىدى. قايتۇرما ھۇجۇم باشلاندى. چارچىغان ۋە ئاز مىقداردا قالغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرى شەخسەن شايبانىينىڭ قوماندانلىقىدا چېكىنگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مۇرغاپنىڭ نېرىقى تەرىپىگىچە قوغلىدى. شۇ چاغدا ئارقىسىدىكى كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە قۇربانى بولۇشقانلىقىنى چۈشەندى. 17 مىڭغا قەدەر ئىرانلىق ئۆزبېكلەرنى بىر دائىرە ئىچىگە ئوراپ ئالغاندىن كېيىن، دەھشەتلىك سۈرئەتتە قانلىق جەڭ باشلىنىپ، شايبانىينىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاياقلاشتى. دۈشمەنلىرى ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئۆزبېكلەر ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەقىقىي قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇردى. ئۆزبېكلەرنىڭ يېرىمى ھالاك بولۇپ، شايبانىي بىرنەچچە سادىق ۋە قەھرىمان تەرەپدارلىرى بىلەن ئىرانىيلارنىڭ زىچ سەپلىرىنى بۇزۇپ چىقىپ جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ساراي دائىرىسىگە كېتىشكە ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، ناھايىتى تېزلا تۇتۇلۇپ

www.uyghurweb.net

قالدى ۋە پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتلى قىلىندى. ئۇنىڭ نۇرغۇن يېرىدىن يارىلانغان گەۋدىسى مۇشۇ خارابە ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدىن تېپىلدى.

شايبانىي قەھرىمانلارچە ھالاك بولغان ۋاقتىدا 61 ياشتا ئىدى. شاھ ئىسمايىل ئۇنىڭ باش چانقىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ، قاچا ئورنىدا پايدىلاندى. ئىككىنچى بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇنى ئىستانبۇلغا، سۇلتان بايەزىدقا ئەۋەتكەن ئىمىش. چۈنكى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى بىلەن سۇلتان بايەزىد ئوتتۇرىسىدا ھەربىي ئىتتىپاق بار ئىدى. شايبانىينىڭ ئوڭ قولى گەۋدىسىدىن ئېلىنىپ،تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەسخىرىلىك بىر خەت بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ تەرەپدارى بولغان، مۇزاندىران ھاكىمىغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. خەتتە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان : «سەن ھەر ۋاقىت شايبانىينىڭ تەرىپىنى ئېلىشنى ئىستەيتتىڭ. پەقەت ئۇنىڭ تىرىكلىكىدە بۇ ساڭا نېسىپ بولمىدى. شۇ تىلىكىڭ ئەمەلگە ئاشسۇن دەپ شاھ ئىسمايىل ھازىر ساڭا شۇ ھامىيىڭنىڭ قولىنى بەردى». بۇنى ئىران تارىخچىلىرى نەقىل كەلتۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېيىتى ئۆزى تەرىپىدىن سەمەرقەندتە بىنا قىلىنغان گۈزەل بىر مەدرىسە ئىچىدە ھىجرىيە 916 (مىلادىيە 1510) ــ يىلىدا دەپنە قىلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەم تارىخى، شۇنىڭدەك مەقبەرىسمۇ بىر شېھىتنىڭ زىيارەتگاھى سۈپىتىدە ئاما تەرىپىدىن ئەزىزلەنمەكتە.

شايبانىي مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئۆزگىچە بىر زات ئىدى. خۇسۇسەن تارىخىي جەھەتتىن مەشھۇر ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئەھمىيەتسىز بىر مۆلكى ــ بۇخارا خانلىقىدىكى ئىنقىلاب نۇقتىسى دەل ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلانغىنى شايبانىينىڭ شەخسىيىتىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.

شايبانىينىڭ ھايات تارىخىدا ئېتىبارغا سازاۋەر ئالاھىدە ئۈچ مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئىچكى كۈچلىرىگە تايىنىپ ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلغان ۋە ئاخىرى چېگرىسى ئامۇ دەريا دائىرىسىدىن ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان بىر مەملىكەتنى بەرپا قىلغان بۈيۈك ساھىپقىراننىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭگىۋار يولباشچىلار، ماھارەت ۋە ھىرىسمەنلىكى قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ، بۇ جەھەتتىكى بەخت ــ ئامەتكە ئېرىشەلمىدى. ئىچىدىن كۈچەيگەن ئىران غەربتىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئەللىرى ئۈچۈن يېڭىلمەس، يۈكسەك ۋە مېتىنەدەك بىر تام ھالىغا كەلدى. ئىككىنچىدىن، بۇندىن كېيىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا قەبىلىلەر ئۇرۇش قەتئىي توختىدى. ئۆزبېكلەر توران يايلىقىدىن

غەربىي جەنۇبقا چۈشكەن قەۋملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەبىلىسى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئامۇ، سىر دەريالىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى دىن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن بولمىسىمۇ، دائىمىي بىر ئالاقە بار ئىدى. تېمۇرىيلارنىڭ ئىنقىرازى ۋە ھالاكەتلىرى بىلەن بۇ ئالاقە تامامەن يوقالدى. خۇسۇسەن، سەپەۋىيلەرنىڭ شىئەلىكلەرنى قۇۋۋەتلىشى سەۋەبىدىن ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى يەنىمۇ جىددىيلەشتى، بۇ ئايرىمچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك بىلەن سەپەۋىيلەر ئىسلام گەۋدىسىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان بىر قوزۇق قاقتى.

شايبانىينىڭ كۆچمەنچى قوۋملىرى بىلەن بۇ ئۆلكىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يۈرۈش قىلىشى، بۇ يەردە تامامەن مەلۇم دىنىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش قىلىنغان (شىئەلىك تارقىلىشى) ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھر تېخىمۇ تېزرەك مۇستەقىل بولۇۋالدى : ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىكىگە ئوخشاش ماۋەرائۇننەھرنىڭ سۇ چېگرىسى تۇران بىلەن ئىران ئارىسىدا ئاساسىي بىر چېگرا ھالىنى ئالدى.

شايبانىينىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا شۇلارنى ئېيتىش مۇمكىن : ئۇ، ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ ئىرانلىق دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن، تەسۋىرلەنگىنىدەك، نېمىنى خالىسا، شۇنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشىدىغان ۋەھشى بىر ئادەم ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئۇ زامانىنىڭ روھانىي ئۆلىمالىرىغا چوڭ ھۆرمەت، ھەتتا بالىلارچە ئىتائەت قىلىپ، بارلىق ئۇرۇش سەپلىرىدە ئۆزى بىللە كىچىككىنە بىر كۇتۇپخانىسىنى ئېلىپ يۈرەتتى. تېمۇرگە ئوخشاش بۇ ھەم دەمەشق ۋە ھەلەپ ئۆلىماسى بىلەن دىنىي مۇنازىرىلەرگە قاتناشقان. قۇرئانىنىڭ بەزىبىر ئايەتلىرى ھەققىدە ھىراتنىڭ پىشقەدەم تەفسىرچىلىرى بولغان قازى ئىختىيارى ۋە مۇھەممەد يۈسۈپكە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى. بابۇر شايبانىينىڭ مەنىسىز ۋە لەززەتسىز شېئىرلارنى يازغانلىقىنى، ئۇلارنى مۇنبەردە ئوقۇشقا ئەمىر قىلغىنىنى ئىستېھزا بىلەن بايان قىلىدۇ. ئەسلىدە بولسا، بۇ ئۇرۇش ئادىمى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ روھىدىن تولۇق خەۋەردار ۋە زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئارتۇق دەرىجىدە قەلەم ئىگىسى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرى دۈشمەنلىرىنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۈيۈك بىر ئىقتىدار ۋە گۈزەل تەبىئەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇ ھەم تۈركىي، ھەم فارسىي، ھەم ئەرەبىي تىللاردىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بىر سىقىم دانىغا مۇھتاج بولۇپ قالغان كۆپلىگەن ئۆلىمالار شايبانىيدىن ھىممەت كۆردى. ئۇ

ئۆلىمالارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنتتە مەدرىسە ۋە مەسچىتلەر سېلىشقا ئەمر قىلدى. ھەتتا ھەربىي يۈرۈشلەردىمۇ ئۆز ئەتراپىدا بىر نەچچە ئۆلىمالار بولۇپ بۇلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ساداقەت كۆزى بىلەن تىكىلەتتى. گەرچە ئۆزبېك نامى ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىدا ۋە كېيىنرەك، ھەتتا ھازىرمۇ ھەم ئىرانىيلار نەزەرىيە يامانلىق ۋەھشىيلىك بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، بۇ سۆزلەر بىر تەرەپلىمە ۋە شايبانىيغا نىسبەتەن توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مائارىپ جەھەتتىن، ئالدىنقى تېمۇر شاھزادىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى.

مەزكۇر ئەسەر نەشر قىلىنغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان قولىمىزدا بولمىغاچ ۋاقتىنچە 2001 ـ يىللىق 2 ـ سانغا ئۆتتۇپ كەتتۇق. كېيىن چوقۇم تولۇقلاپ قايتا ئېلان قىلىمىز.

خۇراساننىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن ئەبدۇللانىڭ ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ پارلاق باسقۇچىغا يەتتى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇزۇن مۇددەت جەڭلەردە بولۇشىغا ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدا بىر ـ بىرلىرى ئۈستىدىن دھاۋام ئەتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىماستىن، مەملىكەت ئىچىدە ئۇنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقى يالغۇز مۇشۇ ۋاقىتلاردىلا باشلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىن مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئاتىسى ئىسكەندەر خانغا تاپشۇردى. لېكىن، بۇ زات تەختتە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالالمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، گەرچە ئۇ ھىجرىيە 991 (مىلادىيە 1083) ـ يىلىدىلا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئارىدا بىرنەچچە ھۆكۈمدارلار كېلىپ،ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە بىنائەن ئۆز ئىسمىلىرىغا خۇتبە ئوقۇتۇش ۋە ئاقچە (پۇل) سوقتۇرۇش بىلەن، يەنى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھوقۇق بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

شۇلار جۈملىسىدىن بىرى خۇسرەۋ سۇلتان بولۇپ،ھىجرىيە 975 (مىلادىيە 1567) ـ يىلىدا تاشكەنتلىك باباخاننىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدىكى جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىر ئېلىنىدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن تەختكە ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى، كۆچكۈنچى سۇلتاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان سەئىد ئولتۇردى. بەش يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن بۇ زات ئالىملارنى ھىمايە قىلدى. خۇسۇسەن سەمەرقەندنىڭ ئىمارەتلىرى ۋە بۇ شەھەرنى زىننەتلەش ئىشلىرىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ ھىجرىيە 980 (مىلادىيە 1572) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى جەۋانمەرد ئەلى باھادىر تەختكە ئولتۇردى. ئۇنىڭ زامانىدا ئەبدۇللاخان سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى : جەۋانمەردنىڭ ئەبۇلخەير سۇلتان، مۇزەپپەر سۇلتان ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە سۈرەتتە دۈشمەنلىشىپ ياشايتتى. ئەبۇلخەير سۇلتان ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتتىن باباخاننى چاقىرتۋالدى. ئەبدۇللاخان بولسا مۇزەپپەر سۇلتان

www.uyghurweb.net

تەرەپتە تۇردى. ئەبۇلخەير مەغلۇپ بولدى. لېكىن ئاتىسى جەۋانمەرد ئاشۇ يېڭىلگەن ئوغلى ئەبۇخەير تەرەپتە تۇردى.ئابدۇللاخان بۇ ئىسيانىنى پۈتۈن تومۇرى بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مويسپىت جەۋانمەردىنىڭ ئۆزىنى، ئاندىن ئوغۇللىرىنى يوقىتىشنى توغرا تاپتى. ئالدى بىلەن سەمەرقەندتە جەۋانمەرد بىلەن مۇزەپپەر تۇتۇلۇپ قەتلى قىلىندى. ئاندىن ئەبۇلخەيرمۇ شۇ خىل قىسمەتكە دۇچار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ھىجرىيە 986 (مىلادىيە 1578) ـ يىلىدا ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈمەت ئىختىلاپلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئەبدۇللا پۈتۈن تۇرانىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى سۈپىتى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇردى .

ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى بالدۇر قىلمىدى، يول قويۇش سىياسىتىگە نېمە مەجبۇر قىلدى ؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش قىيىن. ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمال، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە غەلىبە قازانغان، پۈتۈن خۇراسان ۋە تەبەرستاندا دېگۈدەك ھۆكۈمەت سۈرگەن بۇ زات ئەلۋەتتە يالغۇز ئۆز باشقا قالغان كىچىككىنە سەمەرقەندنى قولغا ئالالىغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشنى قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئىشەنگەنلىكىدىن، شۇنداقلا تۇغقانلار ئارىسىغا ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت چۈشۈرۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بولغان، دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشى پىرمۇھەممەد خان بىلەن بولغان مۇئامىلىسىمۇ مۇشۇنداق بولغان. پىرمۇھەممەد خان جانىبېكنىڭ ئوغلى كىستەن قارا سۇلتاندىن كېيىن، بەلخنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقلا ھىجرىيە 974 (مىلادىيە 1566) ـ يىلىغا قەدەر مۇستەقىل خان سۈپىتى بىلەن شۇ ئورۇندا تۇردى. ئەگەردە ئەبدۇللانىڭ ئۆز ئوغلى ئەبدۇلمۇئمىن (ئۇنىڭ پانىيلىق تەبىئىتى ۋە يامانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلىندى) ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئاتىسىدىن قەتئىي رەۋىشتە تەلەپ قىلمىغان بولسا، ئۇ قېرىندىشى پىرمۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى دىنمۇھەممەدنى شەرىئەت بويىچە تەخت ۋارىسى قىلىپ قالدۇرۇشقا رازى بولغان بولاتتى. ئەبدۇلمۇئمىن ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان مەزگىلدە دىنمۇھەممەد تەرىپىدىن ئىختىلاپ سادىر بولدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەبدۇلمۇئمىن بەلخنى ئالغاندىن كېيىن، دىنمۇھەممەدنى كاتتا قوماندانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىلدى. ئەبدۇلمۇئمىننىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى ئاتىسىنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە سەۋەب بولدى. خۇسۇسەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئەخلاق ۋە تەبىئىتى كۆپىنچە قويۇق بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىپ ئومۇمىي جەھەتتىن بەختلىك بولغان شەيبانىيلارنىڭ روھىيەت ئۇپۇقلىرىنى قاراڭغۇلاشتۇرماقتا ئىدى. بىردىن بىر ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبدۇللاخان ئۇنى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى شۆھرەتپەرەس ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تەخت ۋارىسى سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا يالغۇز تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغىلا خاس بولغان «خان» ئۇنۋانىنى بېرىشنى مۇۋاپىق تاپقاندى.

ئاتىسىنى ئۇلۇغ خان، ئوغلىنى بولسا كىچىك خان دېيىشەتتى. لېكىن، ئەبدۇلمۇئمىن بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەيتتى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللىرىدا بىر توپ چاپقۇن ۋە بۇلاڭچى ئاتلىقلار گورۇھى بىلەن بىز ئۇنىڭ تاغلىق يەرلەردە ۋە سەھرالاردا، شىمالدا، جەنۇبتا ۋە غەربلەردە كېزىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ دائىملىق جەڭلەر ئاتىسىنىڭ خۇراساندىكى سىياسىتىگە ياخشى خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەبدۇللا ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوغلىنىڭ قەھرىمانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىدە ئىپتىخارلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق ھېس قىلاتتى.

لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبدۇلمۇئمىن ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەستخۇش بولدى ۋە ئاتىسى بىلەن رىقابەت يولىغا كىرىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئوچۇقتىن ئوچۇق دۈشمەن بولدى.

بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنچىسى : ئەبدۇلمۇئمىننىڭ شەيبانىيلار مەملىكىتىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى بولدى. شۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ ئاتىسىنىڭ سادىق خىزمەتكارى، ھەربىي جەھەتتىكى ئارقا تىرىكى، قورال كۈچى بىلەن ئۇنىڭ زورىيىشىغا كۆپ ياردەملەرنى قىلغۇچى قۇلبابا كوكەلتاشنى ھىراتتىن يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبدۇللاخان بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبدۇلمۇئمىن خارەزم شاھزادىسى نۇرمۇھەممەدخان نى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىقلارنى توپلاپ قۇلبابا كوكەلتاشقا قارشى ھەرىكەت قىلدى. قۇلبابا ئەبدۇللاخاندىن بۇ ئاسىي شاھزادىگە بولغان ھەر تۈرلۈك ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر ئاسىي دۈشمەنگە قانداق قارشى تۇرۇش لازىم بولسا، شۇنداق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئاسىي ئوغلىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا قارشى ئوچۇقتىن ئوچۇق دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىشى ئۈچۈن مۇشۇ ئەھۋال يېتەرلىك بولۇپ قالدى.

ھىجرىيە 1004 (مىلادىيە 1595) ـ يىلىدا ئەبدۇللاخان ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدە ئوۋچىلىق تاماشاسىغا بېرىلگەن بىر ۋاقىتتا، ئەبدۇلمۇئمىن خىزمىتىدىكى خادىملاردىن شاھ مۇھەممەد كېلىپ، ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ دۈشمەنلىك قەستى بىلەن ئەسكەر باشلاپ، بۇ تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەبدۇللا غەزەپ ۋە دەھشەتتىن ئالدىراپ قالدى ۋە دەرھال بۇخاراغا كەتتى. لېكىن، ئېھتىمال ئەبدۇللا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك، يەنە دەررۇ بەلخكە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كېيىنچە بولارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ قانلىق جەڭلەرگە بېرىپ يەتتى. ئۆزىنىڭ تۇزكور ئوغلى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ئۇلۇغ شەيبانىي ھۆكۈمدارى ئەبدۇللا ئاخىر مۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق پىكىرگە كەلدى : ئالدى بىلەن مەملىكەتنىڭ شىمالىدا ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان

ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك جەڭلەردىن ھېچ نەتىجە ھاسىل بولمىغان. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي سەركەردىلىرىدىن بىرىنىڭ كۆچلۈك بىر قالماق پىرقىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ ۋە ۋەيران قىلىنغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىككىنچىدىن، كۆپىنچە مەغلۇپ قىلىنغان دۈشمەن ــ ئىرانلىقلار بولسا ئۇنىڭ غەربتىكى مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرىنى تىزلىكتە يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن.

خارەزم خانلىرى بىلەن ئىران ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق بارلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇ بولسا شەيبانىيلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ بىر تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، گەرچە ھەر ئىككى مەملىكەتتە ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزبېكلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى كىچىك بىر پارچە زېمىن بۈيۈك، كۈچلۈك ۋە نوپۇزلۇق بۇخارا تەرىپىدىن ناھايىتى تېز ـ تېز ۋە قاتتىق ھۇجۇملارغا دۇچار بولاتتى. شەيبانىي خانلىرى پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشاتتى ۋە قوللىرىدىن كېلىشچە بىر ـ بىرلەپ ھازارەسب، خىۋەق (ھازىرقى خىۋا)، كەت، ۋەزىر، ئۆرگەنچ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئۆزلىرى ئاشۇ يەرلەردە بولغان مۇددەتلەرگە قەدەر داۋام قىلدى. ئاخىر ئەبدۇللاخاننىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى جەبىر ـ زۇلۇملىرى بۇ يەردىكى ھاكىم ھاشىمخاننى شاھ ئابباسنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلغانىدا بۇخارانىڭ خۇراساندىكى ھاكىمىيىتى تېزلىك بىلەن يوقىلىشقا يۈزلەندى. چۈنكى، شاھ ئاببىاس خارەزمنىڭ تۈركمەن تەۋەلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن شۇ قەدەر كۈچلۈك بىر ياردەمچى قوشۇن تەشكىل قىلدىكى، ئۇلار ماۋەرائۇننەھر ئۆزبېكلىرىگە پۈتۈنلەي تاقابىل تۇردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سايىسىدە ئەبدۇللاخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىلا، يەنى ھىجرىيە 1004 (مىلادىيە 1595) ـ يىلىدا شاھ ئاببىاس خۇراساننىڭ مەشھەد، مەرۋ، ھىراتتىن باشقا يەرلىرىنى دېيەرلىك ھالدا ئىشغال قىلدى.

بىرىنچىدىن، پىلانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى، ئىككىنچىدىن، تۇزكور ئوغلى تەرىپىدىن كەلگەن ھاقارەتلەرنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئەبدۇللاخان ئېغىر ھالدا ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولۇپ، مالىخۇلىيا (سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىك) بولۇش دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇ بەزىدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدار ئورۇن باسارى بەزىدە مۇستەقىل ھۆكۈمدارى سۈپىتى بىلەن قىرىق يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمەت تۇتقاندىن كېيىن، ئاز مۇددەت ئاغرىپ، ھىجرىيە 1006 ـ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ ئىككىنچى كۈنى (مىلادىيە 1597 ـ يىل 6 ـ فېۋرال)دە 66 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە شۇنداق بىر ئىسمنى قالدۇردىكى، ھازىرغا قەدەر ھەربىر بۇخارالىقنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىسمى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زاماننىڭ ئىرانلىقلىرى : ئالىي كارۋان سارايلىرى، كۆۋرۈكلەر، سۇ ئىنشائاتلىرى، تاغ ئارىلىرىدا سۈنئىي ئىشلەنگەن يوللار ۋە باشقا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سېلىنغان

بىنالارغا ئوخشاش، قەدىمدىن قالغان ياكى قىسمەن خارابى ھالەتتە كەلگەن ھەرقانداق ئىمارەت بولسا ئۇنى بۇيۈك شاھ ئاباباس ئەسرى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان بۇخارالىقلىرىنىڭ نەزەرىدە قەدىمىي ئەسىرلەردىن قالغان ھەرقانداق ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە ئىمارەتلەر بولسا ئۇنى ئەبدۇللاخاننىڭ نەپىس ئاسارە ـ ئەتىقىلەرگە بولغان مۇھەببىتى ۋە مەردانىلىقى سايىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىشىدۇ ۋە مۇنداق رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلىشىدۇ : بىر ۋاقىت مەملىكەتنىڭ بىناكار ئۇستازىدىن ئەبدۇللاخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئىشلەنگەن بىنالارنىڭ سانى نەچچىگە بارغانلىقىنى سورىغان. بىناكار ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن مەدرىسە، مەسچىت، ھامام، شىپاخانا، كارۋان ساراي، سۇ ئامبارلىرى، كۆۋرۈك قاتارلىق بىنالارنىڭ سانى بىر مىڭ بىرگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلغان . شۇ ۋاقىت ئەبدۇللاخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى تېخى يېرىملاشقان مەزگىلى ئىدى.

ھەرھالدا شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىكتۇركى، ئەبدۇللاخان ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت داۋام قىلغان جەڭلىرى ئارىسىدا مەملىكەتنىڭ ئىچكىي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ۋاقىت تاپقان. چۈنكى، بۇخارالىق ۋە سەمەرقەندلىكلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ شاھانە پەزىلەتلىرىگە نىسبەت بېرىلگەن نەرسىلەر ھەرقانچە مۇبالىغىلىق بولسا بولسۇن، تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن كۈچلۈك ۋە سەممىي تۈردە ھىمايە قىلىنغانلىقى، ئۆز خەلقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن شەيبانىيلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئەبدۇللاخاننىڭ دەرىجىسىدە جىددىي غەيرەت كۆرسەتەلمىگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

ئۇنىڭ ساخاۋىتى بىلەن تەسىس قىلىنغان مەدرىسەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن ھازىرقى كۈندىمۇ تالىبلار پايدىلىنىۋاتىدۇ. سايىۋەن دەرەخلەر، ئەلا دەرىجىدىكى يوللار بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن بۇخارادا، سەمەرقەندتە، كەرمىنە ۋە مەشھەدتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن چاھار باغلار ھازىرمۇ ئىسسىق كۈنلەردە ئەڭ ئەلا دەرىجىدىكى ئىستراھەت قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىندۇر. بۇخارادا ئەڭ ياخشى ساقلانغان نەرسىلەرنىڭ بىرى بازارنىڭ ئەبدۇللاخان ئەمرى بىلەن ھىجرىيە 990 (مىلادىيە 1582) ـ يىلى سېلىنغان قىسمىدۇر. كېيىن كەرمىنەدە زەرەپشان دەرياسىغا سېلىنغان تۆت مۇنارلىق كۆۋرۈكمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان بىنالارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىمۇ دەريانىڭ بىر تەرىپىدىن ئىككىنچى بىر تەرىپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن بىردىنبىر ۋاستە دېسە ئەرزىگۈدەك دەرىجىدىكى ئىمارەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن سېلىنغان باشقا كۆۋرۈكلەردىن قىسمەنلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن، يەنە بەزىلىرى تەبىئەت تەرىپىدىن خاراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھردىكى ھەممە يوللاردا تاشباغانلار بولغان. مەنقۇلاتلىرى ئەلا دەرىجىدە تۈزۈلگەن پوچتا (يام) ۋاستىسى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن. تىجارەت ۋە مۇناسىۋەت ئەمىنلىكى خەلق ئارىسىدا كۆپتىن بېرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پاراۋانلىققا سەۋەب بولغان شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەڭ ئۇزاق مەملىكەتلەرگە قەدەر تارقالغانلىقى

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىن دىن قىممەتلىك ھەدىيەلەر بىلەن ۋەكىللەر كېلىپ دوستلۇق ئىزھار ئەتتى. ئىستانبولدىن سۇلتانمۇرات ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى ۋە قىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ۋەكىللەر ئەۋەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئىرادىسگە ھەقلىق ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئايدىڭلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرى دەپ قاراش مۇمكىن.

ۋاپات بولغان ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئىنساپسىز ئوغلىنىڭ نەقەدەر تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانداق ھەرىكەتلەر بىلەن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەبدۇلمۇئمىنگە دائىر يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز يېتەرلىك بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن زور خىزمەتلەر كۆرسەتكەن ھەم ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ھەر ئادەمنىڭ نەزەرىدە مۆھتەرەم ۋە مۆتىۋەر بولغان قۇلبابا كۆكەلتاشقا قارشى ئىنتىقام يۈرۈشى بولدى. ئەبدۇلمۇئمىن ئۇنى ھىراتتا تۇتتۇرۇپ، بوينىغا ئىككى قات زەنجىر باغلاتتى ۋە ئاياغلىرىنىمۇ زەنجىرلىتىپ، يالاڭئاياق ھالدا ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كەلتۈردى. ئۇ شۇ يوسۇندا بۇخاراغا كىردى. كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تەبرىكلەشتى. بۇ يەردىمۇ سەمەرقەندتىكىدەك ئاتىسىنىڭ خەزىنىلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، قايسى يەرلەردە ئاتىسىنىڭ سادىق مەمۇرلىرى بار بولسا ساداقەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا جازا بېرىش مەقسىتىدە، شەخسەن ئۆزى شۇ يەرلەرگە كەتتى. شۇنداق جازالارنى ئۇ ئۇرە تۆپەدە، خوجەنتتە ۋە تاشكەنتتە بەردى. بۇ يەردە ئىختىيار ۋە كۆكەلتاش ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە يوقىتىلدى.

بىرنەچچە يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت ئورۇن باسارى بولۇپ تۇرغان نەۋرە تۇغقىنى ئۆزبېك خان نى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ بۇ يەردىن ئەندىجان ۋە ئاخسىغا كەتتى. ئۆزبېك خان ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن مۇھاسىرىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدىلا ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىگە يەتكەن ئەبدۇلمۇئمىن يەنە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانلىق مەقسەتلىرىدىن ھېچبىرىنى يوشۇرۇن تۇتمىغانلىقتىن، گويا ئاتىسىنىڭ سادىق مەمۇرلىرى ۋە تەرەپدارلىرىنى يوقىتىپ تۈگەتمىگۈچە ئۇنىڭ تىنىم تاپمايدىغانلىقى ھەققىدە تېزدىن خەۋەر تارالدى.

بۇلار ئۆزلىرى ھەققىدىكى پالاكەتنى ئوچۇق ھېس قىلغانلىقتىن، بۇ دىنسىز مۇستەبىتنىڭ شەيتانى پىكرى ۋە ئىشلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشنى قارار قىلىشتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغۇچىلارنىڭ بېشىدا قازاقلار نەسلىدىن قېرى ئەسكەر ئەبدۇلھەيبېك تۇردى ۋە : «بۇ يەردە سۆزلەشتىن پايدا يوق، ئىشلەش كېرەك» دەپ، ئەبدۇلمۇئمىننى

ئۆلتۈرۈشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئاڭلاتتى. مەخپىي بىر مەجلىستە ئەبدۇلمۇئمىننى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئاڭلاتتى. مەخپىي بىر مەجلىستە مەسلەكداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوچۇق كۆكرەكلىرىگە قولىنى باستى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى پال سېلىپ كۆرسەتتى. بۇ ۋاقىت ئىيول ئايلىرى بولۇپ ئىسسىق سەۋەبىدىن ئەبدۇلمۇئمىن كېچىلىرى سەپەر قىلاتتى. سۈيقەستچىلەر ئۇنىڭ سەمەرقەندتىن قايتىشىدا ئۆرەتۆپە بىلەن زەمىن ئارىسىدىكى تار بىر ئۆتكەلدە كۈتۈپ تۇردى. ئەسكەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر خان ئۆزىنىڭ چىراغچى ۋە مەشئەلچىلىرى بىلەن يان ـ يانلىرىغا ئىككى ئاتلىقتىن ئارتۇق ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان بىر يەرگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنجى بولۇپ بىر قانچە ئوقلار ئېتىلدى. خان جانسىز جەسەت بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئۆزىگە پال چىققان ئادەم بىر پەس ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ، بېشىنى كېسىۋالدى  ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان مۇشاۋۇرىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تېزلىك بىلەن ئىشلەندىكى، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر تاڭ ئاتقان پەيتتە، يەردە ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى مەلۇم بولدى.

يىرتقۇچ، رەھىمسىز ۋە شۇ قەدەر ئىستىبدات  بولغان ئەبدۇلمۇئمىن خان ئالتە ئايچە مەملىكەت ھاكىمىيتى بېشىدا بولغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق يوقىتىلدى. ئەبدۇللاخانىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئەرلەردىن ھېچبىر ۋارىسى قالمىغانلىقتىن، ئەبدۇلمۇئمىن بىلەن تەڭلا ماۋەرائۇننەھر تەختىدە تولۇق يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەيبانىي سۇلالىسىمۇ مۇنقەرز بولدى.

بۇ ۋەقەنىڭ ئومۇمىي بىر تەرتىپسىزلىك پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. تامامەن ئارزۇ قىلىنغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئىزباسار تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز پەمىلىسىگە مەنسۇپ بارلىق ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپ تۈگەشتۈرۈپ بولغانىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەبدۇللاخانىنىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە ئۇزۇن چاچلىق قىلىپ يوشۇرۇن رەۋىشتە ساقلاپ ئۆستۈرگەن ئىككىنچى ئوغلىنى ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئورنىغا تەختكە تەكلىپ قىلىنغان ۋە بىر گۇرۇھ كىشىلەر تەرىپىدىن بۇ ھۆكۈمدار قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت كۆپ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئىش ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقالمىدى.

بەزىلەر ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنى، بەزىلەر ئەبدۇللاخانىنىڭ يالغۇزلا ھايات قالغان ۋە ئەپيۇن بىلەن زەھەرلەنگەن قېرىندىشى قېرى پىرمۇھەممەدخاننى، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭ قېيىن ئىنىسىنى تەختكە چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن بوغۇز ـ بوغۇزىغا كېلىپ جاڭجاڭلاشقان ۋە ھەممە نەرسىنى خاراب قىلغان بىر ۋاقىتتا، چېگرا ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغۇچى دۈشمەنلەر بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك بىر پۇرسەت بىلىپ، ئەبدۇللا

تەرىپىدىن ئېلىنغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش كۆرەشلىرىگە تەييارلىق قىلىشۋاتاتتى. بۇلار ئارىسىدىن ئەڭ ئالدى بىلەن شاھ ئاباباس قوزغالدى.

ئۇ ئۆز مۇنەججىمىنىڭ خەيرلىك پال بىلەن خەۋەر بەرگەنلىكىدىن جاسارەتلىنىپ ھەم ئىنتىقام ھېسسىياتى بىلەن تولغان قىرىق مىڭ ئەسكەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىدى ۋە بىرىنچى ھۇجۇمدىلا سەبزىۋار بىلەن مەشھەد شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى ھۇجۇمدا ھىراتنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا توپلانغان ئۆزبېكلەرنى قانلىق جەڭلەردە قەتئىي سۇرئەتتە مەغلۇپ قىلىپ ۋەيران قىلدى. شىمالدا تاشكەنتتىن قازاقلار خانى تەۋەكەل توقال سۇلتانىخان موغۇل، قالماق ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت كۆپ خەلق بىلەن مەملىكەت ئۇستىگە بېسىپ كىردى ۋە سەمەرقەندكە قەدەر يېتىپ كەلدى. گەرچە شەيبانىي ئائىلىسىدىن تۆت شاھزادىنى ۋە شەيبانىي سۇلالىسىنىڭ كۆپ تەرەپدارىنى قەتلى قىلىپ ئۆلگۈرگەن بۇ دۈشمەننى سەمەرقەندتە قوماندانلىق قىلغۇچى ئېشىمبېكنىڭ غەيرىتى سايىسىدا توسۇش مۇمكىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەيبانىي سۇلالىسىنىڭ نەسلى يوقىتىلغانلىقى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان تىنچلىقنى تېزلىك بىلەن يېڭىدىن ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى.

ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈم سۈرگەن ۋە سان ئېتىبارى بىلەن تولۇقۇزىنچى سۇلالىنىڭ بايانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇقۇغۇچىلارنى شەيبانىيلار دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن بىر قەدەر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش پايدىسىز بولمىسا كېرەك. بۇ خېلى ھاياجانلىق ئۆتكەن شەيبانىيلار دەۋرىدە شەرقىي ئىسلام دۇنياسى غەربىي ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ھازىرقى كۈندە ئىراننىڭ شەرق چېگرىسىدىن تاكى چىنگە قەدەر بولغان ئىسلام دۇنياسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئەلۋەتتە، شەيبانىيلار ۋاقتىدا تېمۇرىيلار دەۋرىدىكىدەك مەنا بىلەن مەدەنىيەت ھەققىدە سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس.

سېھىرلىك (مۆجىزىلىك) تاش نىڭ كۈچى بىلەن تەبىئەتنى يېڭىشنى، كېسەللەرنى ساقايتىشنى، ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشنى تىلىگۈچى بۇ قاتتىق ۋە يامان جەڭگىۋارلار ئەڭ بۈيۈك ئەھمىيەتنى دىنغا ۋە ئۇنىڭ نامايەندىلىرىگە بېرەتتى. موغۇللار تەرىپىدىن مەملىكەتلەر ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتتا سىرتىدىن قارىغاندا ۋەيرانە قىياپەتلىك بەزىبىر مەشھۇر موللىلار مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي ھاكىمى بولغانلىرى ۋە ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك سۆزلىرى بىلەن بىرقانچە مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ نالايىق ھەرىكەتلىرىگە توسالغۇ بولغىنىغا ئوخشاش، بەزىبىر ئىستىسنالار بىلەن بۇ ھالەت شەيبانىيلار ۋاقتىدىمۇ ئەينەن تەكرارلاندى. بۇ ئىلىم ئادەملىرىگە (موللىلارغا) ئاۋام كۆرسەتكەن ئىتائەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىغا يېقىش ئۈچۈن، خانلار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ خۇراپاتلىققا ئىشەنگەنلىكىدىن بولدىمۇ ياكى بولمىسا

مولللارنىڭ ئاۋام خەلق ئىچىدىكى تەسىرىدىن قورققانلىقىدىن بولدىمۇ، بۇ نامەلۇم. لېكىن ھەرھالدا بۇلارنىڭ دىنغا ۋە دىن نامايەندىلىرىگە بولغان ئېتىبارلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، ھەتتا بۇ سۇلالىنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك خانلىرىدىن بەزىلىرى مولللار ئالدىدا ئىنتايىن ئىتائەتلىك بىر ۋەزىيەتتە تۇرۇشتىنمۇ ئۇيالمىدى.

خۇسۇسەن بۇلار ئارىسىدا ئىككى زات غايەت مۆتىۋەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋاقتلىرىدىلا كارامەتلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئۇلاردىن بىرى : مەخدۇم ئەزەمدۇر. ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەۋلانا خاجەكى قازانى دەپ ئاتالغان بۇ زات تېمۇرىيلار زامانىدىكى مەشھۇر خاجە ئەھرارنىڭ مۇرىدى بولۇپ، زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەۋلىيائۇللا جۈملىسىدىن ھېسابلاندى ۋە خانلار ھوزۇرىدا شۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە ئېتىبار قازاندىكى، ھەتتا خەۋپ ۋە دەھشەت دەرىجىسىگە يېتەتتى. بۇ زات ھىجرىيە 949 – يىلى 21 – مۇھەررەمدە (مىلادىيە 1542 - يىلىدا) سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى. قەبرى سەمەرقەندتىن بىر سائەتلىك يولدا دەھبىد دېگەن جايدا بولۇپ، ھازىرقى كۈندىمۇ غايەت مۆتىۋەر بىر زىيارەتگاھتۇر.

ئىككىنچىسى : خۇدادادنىڭ مۇرىدى قاسىم شەيخ ئەزىزان بولۇپ، بۇمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن ئەمەس بەلكى زاھىدلىقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن مەشھۇر.

ئۇنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھېكايە يېتەرلىكتۇر : قاسىم شەيخ ئەزىزان كەرمىنەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. سەمەرقەندلىك جاۋانمەردئەلى بىلەن ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان ئەبدۇللاخاننىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر كۈندە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىزدىگەنلىكىدىن شەيخ ئەزىزان خەۋەر تاپتى. ئۇ ھۆكۈمدارغا ئىززەت – ھۆرمىتى بولغانلىقتىن ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ مەلۇم مۇساپىدىكى سىرتىغا چىقتى ۋە تېزدىن بىرقانچە خەلق كەلگەنلىكىنى كۆردى. جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېشى ئوچۇق بىر پىيادە ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ بوينىغا بىر يىپ باغلانغان، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى بىر ئاتلىق تۇتقانىدى. شەيخ ئەزىزان بۇ پىيادە كىشىنىڭ شۇ قەدەر مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان شەۋكەتلىك ئەبدۇللاخان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر تۇۋا قىلغۇچى گۇناھكار سۈپىتىدە كەلگەنلىكىنى سورىغىنىدا، ئەبدۇللاخان جاۋاب بېرىپ : «مەن رەباتى خاندىن شەيخنىڭ دەرگاھىغا قەدەر  ئاشۇنداق كېلىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم» دېدى. شەيخ ئەزىزان بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى شەخسەن ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ ئاتقا مىندۈردى ۋە شەخسەن ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى رىداسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەرمىنىگە قەدەر بىرگە باردى. ئەلۋەتتە، ئەبدۇللاخان شەيخكە بۇ قەدەر ئىتائەت ۋە ھۆرمەت ئىزھار قىلىپ ئۆزىنىڭ سەمەرقەند ھەققىدىكى مەقستى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىشنى ئىزدىگەنىدى ھەم ئۇ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولۇپ سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى.

شۇندىن ئۈچ يىل كېيىن، يەنى ھىجرىيە 989 (مىلادىيە 1581) ـ يىلىدا قاسىم شەيخ ئەزىزان ۋاپات بولدى. ئەھۋال شۇ ھالەتتە بولغاندىن كېيىن، شەيبانىيلار دەۋرىدە تەبىئىي ھالدا ئىلاھىي ئىلىملەر راۋاج تاپتى. بۇ ساھەدە شۆھرەت قازانغان كىشلەرنىڭ يەنە بىرى ئەرەب شاھ ئوغلى مەۋلانا ئەسامىددىن بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا دەۋرىدە ھىراتتا ياشىدى. كېيىن بۇخاراغا كېلىپ، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ مەخسۇس ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن تونۇلغان بۇ خاننىڭ شېئىرغا مەيلى بار ئىدى. ئۆزىمۇ بىرنەچچە شېئىرلارنى يېزىپ كۆردى. بىر چاغدا تۆت مىسرالىق ئىزاھات سورىغان. سەيىد راقىمنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەسامىددىن چۈشىنىلمەيدىغان ئۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ھەققىدە بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئالتە يۈز ئەللىك ئالتە تۈرلۈك ئىزاھ بەرگەن. ئەسامىددىن ھىجرىيە 943 (مىلادىيە 1536) ـ يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى : «‹تەپسىرى قازى› شەرھى»، «‹شەرھى جامى› نىڭ ھاشىيەسى» دۇر.

ئىككىنچىسى، سەمەرقەندلىك مۇھەششا مەۋلانا سادىق بولۇپ بۇ زات ئىككى نۆۋەت ھەجگە بارغان. دىنىي كىتابلارغا ناھايىتى كۆپ ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك شەرھلەر ۋە مەنىسى يوشۇرۇن بولغان شېئىرىي ئەسەرلەرگە شەرھ ۋە ھاشىيلەر يازغان. ئۇ قېرىغاندا ھېكىم شاھ ھۇزۇرىدا، كابۇلدا تۇردى ۋە ھىجرىيە 1006 (مىلادىيە 1597) ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

ھىجرىيە 973 (مىلادىيە 1565) ـ يىلى ۋاپات بولغان دىنىي ئالىم موللا زىيائىددىن بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ شاگىرتى خاجە جەلال جۇيبارمۇ بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن ئىدى. كېيىنكى كىشى يالغۇز زاھىدلا ئەمەس، بەلكى تەپسىرشۇناس ۋە دىنىي ئالىم ئىدى.

بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى قاتارىدا يالغۇز تۈركلەرنىلا ساناش مۇمكىندۇر. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئەڭ مەقبۇل تىل تۈركىي تىل ئىدى. بۇلار ئارىسىدا خېلى تونۇلغانلاردىن بىرى ئۆزبېك شاھزادىسى مۇھەممەد سالىھدۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى تېمۇرىيلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خارەزم ھاكىمىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن تاشكەنتتە شەيبانىيلارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنىدى. رىۋايەت تەرىقىسىدە ئىنتايىن گۈزەل بايان قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر «شەيبانىينامە» ئاشۇ مۇھەممەد سالىھنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرى بىلەن ئۆزىنى نەۋائىدىنمۇ ئۈستۈن تۇتىدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ باشقا شائىرلىرىدىن (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شائىر ئەمەس، بەلكى قاپىيەچى ۋە ناخشا ـ قوشاق تۈزگۈچىلەر ئىدى) تارىخ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ : ئەمىر ئەلى كاتىپ، موللا مىر ئەكە. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى شەيبانىيلارنىڭ ساراي خىزمەتچىسى ئىدى. موللا مۇشفىقى ــ بۇ زات ئەبدۇللاخاننىڭ كۆپ بىنالىرىغا تارىخ قوشاقلىرىنى يېزىپ تۇردى  ھەم بىرنەچچە غەزەللەر، قەسىدىلەر، قىسقا ھەجۋىلەر يازدى. ئۇ ھىجرىيە 994 (مىلادىيە 1585 ـ 1586) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۆز نۆۋىتىدە قازى پايەندە ئايرىم بىر سۆز ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ

ئەسەرلىرىدىن بىرى قۇلبابا كوكەلتاش ھەققىدە يېزىلغان ئون سەككىز قىتئەلىك مەنقەبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە بىر دانىمۇ چېكىتلىك ھەرپ كىرگۈزۈلمىگەن. مەسىلەن، ياۋروپا تىللىرىدىن خالىسا قايسىسىدىن بولسۇن، ب، ز، ي، ق، ن، پ، ت، ف ، خ، چ ، ش  ھەرپلىرىنى كىرگۈزمەستىن شېئىر يېزىشقا ئوخشايدۇ.

ئاخىردا، ئۇبەيدۇللا زامانىنىڭ شائىرى شىرىن خاجە بىلەن ئەبدۇللاخان سارىيىنىڭ قابىل ناخشىچىسى ۋە نەغمىچىسى غەيرى ھاپىزنى ئەسكە ئېلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ كېيىنكىسى ھىجرىيە 981 (مىلادىيە 1573) ـ يىلىدا ۋاپات بولدى.

ئەبدۇللاخانىنىڭ ئومۇمىي خەلققە مەنپەئەتلىك خىزمەتلىرىدىن بىرقانچە بىنا ۋە ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن ئۇنىڭ دىن ۋە تەسەۋۋۇپ مەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەسچىت ۋە مەدرىسە، ئىستىراھەتخانا،كۇتۇپخانا، زىيارەتگاھ دېگەندەك ئىمارەتلەر شەيبانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىنالاردۇر. بۇ بىنالار ئارىسىدا مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. ئەلەيك كوكەلتاش ۋەزىرنىڭ ئەمرى بىلەن ھىجرىيە 974 (مىلادىيە 1567) ـ يىلى سەمەرقەندتە سېلىنغان بىر مەسچىت بولۇپ، بۇ يەردە كۆچكۈنچى خان تەرىپىدىن ئاق مەرمەردىن قۇيۇلغان بىر مۇنبەر بار. ئەبدۇللاخان تەرىپىدىن سېلىنىپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن بىر مەدرىسە، بۇنىڭ بۈيۈك چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە پىششىق خىشلاردىن كىرىشتۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى بار. ئۇنىڭ ھەرپلىرى ئىككى فوتتىن ئارتۇق چوڭلۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خېلى يىراق ئارىلىقتىنمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ. سابىق ئىرانلىقلارنىڭ قۇللىرىغا سالدۇرۇلغان مەسجىدى مەئاك، بۇخارادىن بىر مىل يىراقلىقتا خوجا بەھائىددىنىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئەبدۇل ئەزىزخان تەرىپىدىن سېلىنغان زىيارەتگاھ، ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە سېلىنغان مەدرىسە ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك دارىلئۇلۇملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بۇخارادىكى مىر ئەرەب مەدرىسىسى قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋرگە ئائىت بىنالاردىندۇر.

تۇران نەسلىدىن بولغان ئىككىنچى بىر ھۆكۈمدارنىڭ، يەنى ھىندىستاندىكى تىمۇرىيلاردىن بولغان ئەكبەر شاھنىڭ تەرەققىيات، ماددىي بايلىقلىرى، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن خىرىستىئان تەلىماتىغا ۋە بىراھمانىزمغا ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ ھىند ۋە گانگ   دەريالىرى بويىدا ئەللىك يىللاپ ئۇلۇغ شەۋكەت ۋە بۈيۈكلۈك ئۈستىدە مەملىكەت سورىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا شەيبانىيلار دەۋرىنىڭ نەقەدەر سۇنۇق ۋە روھسىز بولغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

### بىرىنچى ئاشتەرخانىيلار

ھىجرىيە 1006 (مىلادىيە 1597) ـ يىلىدىن ھىجرىيە 1091 (مىلادىيە 1680) ـ يىلىغىچە

شەيبانىي ئائىلىسىدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككى يۈز يىل ھۆكۈمەت سۈرگەن ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت بىر قەدەر مەلۇماتلارنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ئىلگىرىكى تارىخقا نەزەر تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمىر تېمۇر سەمەرقەند تەختىدىكى چاغاتاي ئۇرۇقىنى قوغلاپ، موغۇل ھاكىمىيىتىگە تېخى يېڭىلا خاتىمە بېرىپ تۇرغان بىر زاماندا، جۇجى نەسلىدىن بولغان ئىككىنچى بىر كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن دەل شۇنداق بىر خىزمەت ئۈچۈن ۋولگا بويىدىكى موغۇل ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇرۇسخانمۇ، ئۇنى ئوغۇللىرى بىلەن شىددەتلىك رىقابەتلىشىۋاتقان توقتامىشمۇ ئېھتىمال ئۆزىگە مۇنداق بىر ياردەم ئېلىشنىڭ ھالاكەتلىك نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرەلمىگەن بولسا كېرەك. تېمۇر ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم ئۈچۈن، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشتى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، خېلى كۆپ بەختسىزلىك ۋە پالاكەتلەردىن كېيىن، توقتامىش قەتلى قىلىندى . ئۇرۇسخاننىڭ ئىز باسارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت نوپۇزلىرىنى يوقىتىپ قويدى. دەسلەپتىلا زەئىپ بولغان ئىتتىپاقلىق ئالاقىسى تېمۇرنىڭ دەخلىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندىن كېيىن، جۇجى سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكلىرى تۆرلۈك تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتتى.

مۇشۇ ئىنقىلابلار سەۋەبىدىن ئۆز قەۋملىرىنىڭ بېشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك رول ئوينىغان شاھزادىلەرنىڭ بىرى سەمەرقەند ئىمپىراتورىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتى بىلەن، ھىجرىيە 802 (مىلادىيە 1399) ـ يىلىدا كىيىق يېنىدىكى توقتامىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن پولەك ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ شۆھرەت قازانغان قۇتلۇق تېمۇردۇر . لېكىن بۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋولگا تەۋەسىگە، توغرىسى ئاستەرخان ياكى ئاشتەرخان خانلىقلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . بۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە نامەلۇم بىر رەۋىشتە ياشىدى. كېيىن مۇشۇ ئۆلكىنىڭ كۆچمەن قەبىلىلىرى تەرىپىدىن خان قىلىپ سايلاندى.

ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە تەۋە قىلىنىپ ئاشتەرخانىيلار دەپ ئاتالغان چىڭگىزىيلارنىڭ بۇ تارمىقىنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ئىختىلاپلار كۆرۈلۈشكە باشلىغانغا قەدەر، يەنە ئەڭ توغرىسى بۈيۈك رۇس كېنەزلىكىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى سەۋەبىدىن باشقا ۋەتەن ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىنغانغا قەدەر بۇلار مۇشۇ چەت يەردە ئىككى ئەسىر تىنچ رەۋىشتە ھايات كەچۈردى. ئاخىر يارمۇھەممەد خان ئۆزىنىڭ ئوغلى جانىخان بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كۆچتى.

بۇ ۋاقىتلاردا سەمەرقەندتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان شەيبانىيلاردىن ئىسكەندەرخان بۇلارنى ناھايىتى چىرايلىق قوبۇل قىلىپ قارشى ئالدى. شەيبانىيلار ئۆزلىرىنىڭ چىڭگىز نەسلىگە مەنسۇپلۇقى بىلەن ھەر دائىم پەخىرلىنەتتى. بۇ چەتتىن كەلگەن قېرىندىشىغا تولۇق مېھماندارچىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىسكەندەرخان ئۆزىنىڭ قىزى يەنى مەشھۇر

ئەبدۇللاخاننىڭ ھەمشىرىسى زۇھرەخانىمنى جانىخانغا خوتۇنلۇققا بەردى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، قېرى يارمۇھەممەد دەپ ئاتالغان يارمۇھەممەد ماۋرائۇننەھرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئەمما، جانىخان ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە ئەبدۇللاخاننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قاتناشتى، ئەبدۇللاخان ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئەبدۇللاخان ئۆز ھەمشىرىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەڭ چوڭىغا، خۇسۇسەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئىرانلىقلار بىلەن بولغان جېڭىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن نىشاپۇرنىڭ نائىپلىقىنى بەردى (جانىخاننىڭ دىنمۇھەممەد، باقىمۇھەممەد، ۋەلىمۇھەممەد ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى).

ئەبدۇلمۇئمىن زەمىندە قەتلى قىلىنىپ، مەملىكەت تەرتىپسىزلىك ئىچىدە قالغاندىن كېيىن، نوپۇزلۇق دۆلەت چوڭلىرىنىڭ بىر قىسمى تەختنى مويسىپىت جانىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ : «گەرچە مەنمۇ پەخىرلىنىش ئېتىبارى بىلەن چىڭگىزىيلەردىن بولسامۇ، ماۋرائۇننەھرنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئولتۇرۇشقا شەيبانىيلەرگە قېرىنداش بولغان كىشى تېخىمۇ مۇناسىپراق بولىدۇ» دەپ بۇ شەرەپنى رەت قىلدى. ئۇ بۇ سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دىنمۇھەممەدخان خان قىلىپ تىكلەندى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ خۇراساندىن قايتىشىغا تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىزار ئىدى. لېكىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرنەچچە ۋىلايەتتە شۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتاتتىكى، ھەرقانچە خالىغان تەقدىردىمۇ دىنمۇھەممەد ئۈچۈن ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە ئىمكان يوق ئىدى.

چۈنكى شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى بولغان ئەبدۇللا بىلەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ۋاپاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزبېكلەرنى خۇراساننىڭ پۈتۈن مۇستەھكەم ئورۇنلىرىدىن قوغلىدى ھەم تېزلىكتە بىر ئومۇمىي ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك سۈرئەتتە مەغلۇپ قىلدى. دىنمۇھەممەد مۇشۇ جەڭدە، يەنە بىر رىۋايەتتە قېچىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە نابۇت بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوردۇگاھى ۋە خەزىنىلىرى غالىپلارنىڭ قولىغا غەنىيمەت چۈشتى. بۇ جەڭدە يېڭىلىپ قاچقان ئۆزبېكلەرنىڭ ئومۇمىي پاراكەندىچىلىكى شۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك بولدىكى، ھەتتا دىنمۇھەممەدنىڭ خوتۇنى ھەققى ياساۋۇل ناملىق سادىق بىر خىزمەتكارىنىڭ مەردانىلىك ۋە پىداكارلىقى سايىسىدىلا قۇتۇلۇپ قالالىدى. ھەققى ياساۋۇل ئۆزىنىڭ مەلىكىسىنى دەرھال بىر ئاتقا مىندۈردى. ئىمام قولى بىلەن نەدىرمۇھەممەد ناملىق ئىككى شاھزادىلىرىنى ئىگەرنىڭ ئىككى تەرەپلىرىگە ئېسىلغان قاپچۇقلىرىغا يوشۇردى ۋە دەرھال ئاتنى ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بىر مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوق نەدىرمۇھەممەد يوشۇرۇنغان قاپىقا تېگىپ ئۇنىڭ ئايىغىنى يارىلاندۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئاقساق بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ پالاكەت نەتىجىسىدە، بۇخارا يېڭى سايلانغان ھۆكۈمدارىدىن يەنە مەھرۇم قالدى. پەقەت نەدىرمۇھەممەدنىڭ قېرىندىشى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولغانلىرىدىن كېيىن، بۇلارنىڭ چوڭى بولغان باقىمۇھەممەدخان ھىجرىيە 1007 (مىلادىيە 1598) ـ يىلىدا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇرغۇزۇلدى. كىچىكى بولغان ۋەلى مۇھەممەدخان ئۆز ھەسسىسىگە بەلخ بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتنى ئالدى. ئامۇ بويى ئۆلكىسىدە بەزىبىر ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ كۆرۈنۈشتە قىسمەن شاھ ئەبباس تەرىپىدىن ۋە قىسمەن ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ئۇلۇغلار تەرىپىدىن تەھدىت شەكىللەندۈرگەن قىسىنچىلىق تەھلىكىسىدىن خالاس بولۇشنى مۇشۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا داۋام قىلغان سۈلھىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

قازاقلارنىڭ خانى تەۋەككۈلخاننى قوغلىغاندىن كېيىن، ئەسلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۆزىدە تېزدىن تىنچلىق ئورۇنلاشتى. ئەمما ئامۇنىڭ ئېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەردە يېڭى سۇلالىنىڭ مۇئەسسەسلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە غايەت خەتەرلىك بىر دۈشمەننى كۆردى. ئۇ بولسىمۇ شۆھرەتپەرەس بۈيۈك سەپەۋى ھۆكۈمدارى ئىدى. بەلخ بىلەن تۇخارستان ۋىلايىتىنىڭ ھەم سامانىيلار دەۋرىدىن ئېرىقى بۇخارانىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بەدەخشاننىڭ ئۆزبېكلەر نەزىرىدە ئايرىم ئەھمىيەتلىرى بار. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەبىلىداشلىرىدىن كۆپىنچىسى دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىكى قۇندۇز، ئاقچى، شىبىرغان، ئاندىخۇت قاتارلىق جايلاردا ئورۇنلاشقانىدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلام ھەربىي دۇنياسى ساھەسىدە غايەت مۆھتىرەم بىر ۋەلىي سانالغان ئەلىنىڭ قەبرىسىنى شىئەلەرنىڭ ئىستىلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا شاھ ئەبباسنىڭ دىققىتى مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا ھەمدە دۆلەتنىڭ غەربىي شىمال چېگرالىرىغا قارىتىلغانلىقتىن، ھىرات ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن،بۇ قېتىم بەلخكە ئىرانلىقلار تەرىپىدىن پەقەت ۋاستىلىق ھالدا ئاز بىر قىسىم كۈچ ئاجرىتىلغانىدى.

تۇغۇلۇش ئېتىبارى بىلەن شەيبانىيلارغا مەنسۇپ بولغان ھەم شاھ ئەبباسنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، ئىرانلىقلارنىڭ ياردىمى سايىسىدە بەلخنى ئىشغال قىلغان مۇھەممەد ئىبراھىم ئۆزىنىڭ بەتئەخلاقى بىلەن دەسلەپتە ئىرانلىقلارغا مايىل بولغان. بەلخلىقلارنى ئۇ شۇ دەرىجىدە بىر غەلىيانغا كەلتۈرگەنىدىكى، ئۇلار ئۆزبېك ھاكىمىيىتىگە نەپرەتلىنىشۋاتقان ھالەتتىمۇ ۋەلىيمۇھەممەدكە قول سوزۇپ، «شەھەرلەر ئانىسى» دەپ ئاتالغان بەلخنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى.

قەلئە ۋەلىيمۇھەممەد تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبراھىم يوقىتىلدى. پەقەت ئۇنىڭ بۈيۈك مەرتىۋىگە ئىگە قوماندانلىرى ئىسپاھانغا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ مەرھەمىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئەبدۇلمۇئمىن تەرىپىدىن ئىمام مۇسا رىزا زىيارەتگاھىدىن ئېلىنغان ئالماسنى ئۇنىڭغا تەقدىم

www.uyghurweb.net

قىلدى. بۇ قىممەت باھا ئالماس تەنتەنىلىك رەۋىشتە قايتىدىن خۇراسان ۋالىيسىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇلدى. ئۆزبېكلەر قەزۋىنگە يەرلەشتۈرۈلدى. لېكىن بۇنىدىن كېيىن يەنە ماجىرا يۈز بېرىشتە بەلخ خەلقى ھېچبىر سەۋەبكار بولمىدى. پەقەت ھىجرىيە 1011 (مىلادىيە 1602) ــ يىلىدا ئىرانلىقلار بىلەن خېلى مۇھىم بىر ماجىرا بولدى. بۇنىڭغىمۇ باقىي مۇھەممەدخان سەۋەبچى بولدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قېچىپ بارغان ۋاقتىدا قارايى قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئاشۇ قەبىلە ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇلار قۇندۇزدا ياشايتتى. قارايى ياكى قارا تۈركمەنلەر  ھازىرقى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر رايونىدا ياشاۋاتىدۇ. شۇنىسى ناھايىتى دىققەتكە سازاۋەردۇركى، ئۇلار ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئۆزبېكلەر بىلەن دائىم ئاداۋەتتە ئۆتۈۋاتىدۇ.

گەرچە دىنمۇھەممەدنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، كەسكىن رەۋىشتە ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، ئۇلار شىئە مەزھىپىدىكى ئىرانلىقلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقلىرى شۈبھىسىز ئىدى. باقىي مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۇلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ۋە قوللىرىغا چۈشكەن ھەربىرسىنىڭ رەھىمسىز سۈرئەتتە يوقىتىلىشلىرىغا شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك سەۋەب ئىدى. قارايىلارنىڭ قورال كۆتۈرۈشكە ئىقتىدارى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇندۇز ئىستىھكامىغا كىرىپ دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك رەۋىشتە تاقابىل تۇردى. پەقەت ئىستىھكام تاملىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى مۇھاسىرە ئاستىدىكى يۈزلەرچە كىشىلەر بىلەن بىللە ھاۋاغا ئۇچۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن قەلئەنى ئىشغال قىلىش مۇمكىن بولدى ۋە ئەسىرلەردىن ھېچكىم سالامەت قۇتۇلمىدى. تۈركمەنلەرنىڭ قارايى قەبىلىسى بۇ جەڭدە شۇ دەرىجىدە زەئىپلىككە دۇچار بولدىكى، تاكى شۇ ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ تۈزۈلۈشكە مۇۋەپپەق بولمىدى.

بۇخارا ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ ئىنتىقام ھەرىكىتى شاھ ئەبباسنى ھەممە كىشىدىن زىيادە غەلىيانغا كەلتۈرىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىپ، ئالدى بىلەن بەلختىكى ئاشتەرخانىيلارنى جازالاش، ئاندىن ئامۇ دەريا ئارقىلىق بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرى بىلەن مەرۋىدىن ئاقچىغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى ۋە جەڭگە ھەپسىلىسى بولغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى ئۇزاق كۈتۈشكە مەجبۇر قىلمىدى. ئىران ئەسكەرلىرى بەلخكە يېقىن جايدىكى بابا ئابدال زىيارەتگاھىغا يەتكەن ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېغىر ھالدىكى بىر كېسەل بىلەن ئاغرىدى. شۇنداق بىر ھالەتتە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئەجەللىك رەۋىشتە مەغلۇپ بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن كۆچ بالا  ئارقىلىق قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ باقىيمۇھەممەدنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ

مۇھىم بىر جەڭ ئىدى. باقىيمۇھەممەدنىڭ قىرىندىشىنىڭ ئوغلى بەدىئۇززامان ھىجرىيە 1101 (مىلادىيە 1602) ـ يىلى تاغلىق تىكىنگە كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۇ بىر ئاز پىتنە ـ پاسات چىقىرىشقا تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، مۇستەھكەم مەسجە قورغىنى ئىلىنغاندىن كېيىن بۇ پىتنە ـ پاساتقا خاتىمە بېرىلدى. دادىسى بەدىئۇززاماننى يوقىتىشقا بۇيرۇق بەرگەن بەدەخشان نائىپى مۇھەممەد زامان پىتنىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا تېزلىكتە باستۇرۇلدى. ئومۇمەن ئالغاندا باقىيمۇھەممەدخان دەۋرىنى تىنچلىق بىلەن ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ. باقىيمۇھەممەدخان تەختنى يالغۇز يەتتە يىل ئىلكىدە تۇتتى. چۈنكى، ئۇ ھىجرىيە 1014 ـ يىلىدا ئاغرىدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا مەملىكەتكە قازاقلار تاجاۋۇز قىلىپ، دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقلار دەۋرىدە ھەممە ئادەمنىڭ ئۈمىد نەزىرى ئەۋلىيالاردىن شەيخى ئالەم ئەزىزانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كارامىتى سايىسىدە ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. شەيخ ئۇنىڭغا ئامۇ دەرياسىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى يەپ كېلىشكە تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن باقىيمۇھەممەدخاننى كۆتۈرۈپ، سۇغەت بىلەن قېيىققا سالدى. ئۇ قانچە كۈنلەرگىچە شۇ يەردە يۈردى. لېكىن كېسەلنىڭ مىجەزىنى شەيخنىڭ ياخشى كەشىپ ئېتەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. چۈنكى ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەستىن ھىجرىيىنىڭ 1014 (مىلادىيە 1650) ـ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ ئاخىرىدا باقىيمۇھەممەد ۋاپات بولدى.

بۇ ۋاقىتلاردا كېسەل قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بەلختىن كەلگەن ۋەلىيمۇھەممەدخان مەملىكەت ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ ئۆزىگە قارشى تەربىيىلىگەن ئىككى ئوغلىنى تېرمىز يېنىدىكى جەڭدە مەغلۇپ قىلدى.

ۋەلىيمۇھەممەد ئۆزىنىڭ تەبىئىتى جەھەتتىن ياخشى كۆڭۈللۈك بىر زات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيش ـ ئىشرەتكە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇم ۋە بېپەرۋالىقلىرى تۈپەيلىدىن، باشتىلا ھەممە ئادەمنى نەپرەتلەندۈردى. ئۇنىڭ بەلختە ۋالىي قىلىپ قالدۇرغان ۋەزىرى شەھبال كۆكەلتاش ھەققىدە مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ : ئۇ ئادەملەرنىڭ بويىندىن ھۆكۈزلەرگە چىگىپ، بېشىنى گەۋدىسىدىن ئۈزدۈرىدىكەن، ياكى كىشىلەرنى قاينىغان ماي (ياغ) ئىچىگە سېلىپ پىشۇرغۇزۇدىكەن ياكى ئادەملەرنىڭ تېرىلىرىنى يۈڭ تارغىقى بىلەن باشتىن ئاياغلىرىغىچە سويدۇرىدىكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان يىرگىنىشلىك ئەھۋاللار ھەمدە كېيىنكى ھۆكۈمدارنىڭ ئۈچ ۋەزىرىنى  ناھەق ھالدا يوقىتىش مەسىلىسى ۋەلىيمۇھەممەدكە قارشى كۈچلۈك بىر گۇرۇھنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ گۇرۇھنىڭ بېشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شاھزادە تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ گۇرۇھ تەرىپىدىن ئىمامقۇلىخان ھۆكۈمدار قىلىپ سايلاندى ۋە قارشى تەرەپتە ئوۋغا چىقىپ كەتكەن ۋەلىيمۇھەممەدخاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. ۋەلىيمۇھەممەدخان ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا ھېچ ئەسكەرسىز ھەم باشقا ياردەمچىسىز ھالەتتە بۇخاراغا

قايتىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇ يەردە ئۆز رەقىبىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقى ھەم ئۆز ۋەزىرىنىڭ ئادەتتە ئۆزى تەرىپىدىن باشقىلار ئۈستىدە ئىجرا قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە دەھشەتلىك ئازابلار ئىچىدە يوقىتىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئالدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىرانغا قېچىپ ئۆز ئەجدادىنىڭ كونا دۈشمىنى بولغان شاھ ئەبباسنىڭ ھىمايىسىگە ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا چارە قالمىدى. بۇيۇك سەپەۋىينىڭ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى بۇ نىزادىن پايدىلىنىشقا نەقەدەر تىرىشقانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت بولمىسا كېرەك. قېچىپ كەتكەن بۇ ئاشتەرخانىيگە شاھ ئابباس پەۋقۇلئاددە بىر سۆرەتتە چىرايلىق مۇئامىلە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئىسپىھاندىن دۆلەت ئاباتقا قەدەر ئۈچ سائەتلىك يولغىچە قارشى ئېلىپ باردى. ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ بۇيۇك ئىلتىپات كۆرسەتتى. يىگىرمە مىڭغا يېقىن ئىران مىلتىقچىلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ ـ سەپ بولۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. بازاردا بۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىدىكى ئۆي ۋە دۇكانلار قىممەتلىك گىلەم ۋە پاياندازلار بىلەن زىننەتلەندۈرۈلدى. شائىرلار ئۇنىڭ كېلىشى ھەققىدە قەسىدىلەر ئېيتىپ ن شادلىق ئىزھار قىلىشتى. شۇڭلىغا قاراپ ئېھتىمال ئۆزبېك شاھزادىسى بۇ تەنتەنىلەر ئىچىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قايتىپ كېلىش خىيالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

شاھ ئەبباسنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى ئىستىلا قىلىش ئارقىلىق، ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇشنى تىلەيدىغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراقراق. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن چىرايلىق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىراننىڭ شىمالىي چېگراسىنى ھەر دائىم دىگۈدەك بولۇپ تۇرغان تاجاۋۇزچىلىقلاردىن ساقلاش پىكرىدە ئىدى. ئاز بىر مۇدەتتىن كېيىن شاھ ئەبباس سەكسەن مىڭ ئىرانلىق بىلەن ۋەلىيمۇھەممەدخاننى كىر ۋە ئامۇ بويىغا ئەۋەتتى. بۇ قېتىمدا بۇخارانىڭ بۇيۇك روھانىيلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئېغىر كېسەللىكلەر ۋاقتىدا ئۇلاردىن تېببىي ياردەم سورىشاتتى. بۇ قېتىمدا بولسا ئۇلار ئەسكىرىي ياردەم كۆرسىتىشكە تەۋسىيە ئېتىلدى.

ئىمامقۇلىخان دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە خەۋپسىرەش ئىچىدە قالدى ۋە بۇ خۇسۇسىدا مەسلىھەت سوراپ مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسلىدىن بولغان خاجە مۇھەممەد ئەمىنگە مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن ئىمامقۇلىخان تەۋەلىكىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئازلىقى ئۈچۈن بۇ ديانەتپەرۋەر زات ئەسلا قايغۇرمىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى جەڭگە ئارىلىششىنى قارار قىلىپ، مۇقەددەس لىباسىغا ئوق ۋە ئوقلۇق (ئوق ساۋۇتى) تاقىدى. بىرىنچى ئوقنى ئۆزى ئاتتى ھەم دۈشمەن ئۈستىگە بىر ئوۋۇچ تۇپراق تاشلاپ، ئۇلار ئۈستىدە قاراڭغۇلۇق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي ھۇجۇم ئۈچۈن ئىشارەت بەردى. ئىككى ئارىدا ۋەھشىيانە ئۇرۇش باشلاندى. مەن پايدىلانغان «تارىخى مۇقىم خانىي» ناملىق كىتابتا چوڭ ئەھمىيەت بىلەن بايان قىلىنىشقا قارىغاندا، قاراڭغۇلۇق جەڭچى ئۆزبېكلەرنى خۇددى بىر

تامدەك قورشاپ ئالغان ھەم دۈشمەن ئوردىسى ماھىيان كۆلى يېنىدا ھەر تۈرلۈك مۇداپىئە ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان.

ئەمدى بۇ جەڭنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى ھەقىقىتىگە قارايدىغان بولساق : ئىمامقۇلىخان باشتا قورقىنىدىن پايتەختنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ چىقتى. لېكىن، ھىجرىيە 1020 (مىلادىيە 1611) ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بېشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئورۇندىكى جەڭدە غالىبىيەت ئۇنىڭ تەرىپىدە بولدى. ۋەلىمۇھەممەد ساق ـ سالامەت ھالدا ئۇنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەيخنىڭ ئەمرى بىلەن بېشى كېسىلدى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە ئالتە يىل بولغان ئىدى. بۇندىن كېيىن ئىران بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت سۈلھى ۋە تىنچلىق دەۋرى داۋام قىلدى. تۈركلەر ئۈستىدىن قازانغان زور غەلىبىسى تۈپەيلىدىن شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى، شۇ جۈملىدىن ئۆزبېكلەر نەزىرىدە كاتتا بىر ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىرانغا قارىتىلغان ئاددىي كىچىك تاجاۋۇزلار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ ۋاقىتلاردا ئاندىخۇي يېنىدا سەھرا تەرىپىدىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرق ساھىلىغا قەدەر بىر زەنجىر ھاسىل قىلغان تۈركمەنلەر شاھتىن ياكى ئۇنىڭ ئىنتىپاقداشلىرىدىن مائاش ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئىمامقۇلىخان تۈركىستانىنىڭ شىمالىدىكى قازاق ۋە قالماق باسمىچىلىرىغا قارشى يالغۇز بىر كىچىك ئۇرۇش قوزغىدى. بىز بۇنى مۇسۇلمان رىياكارلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەن بىر ھالەت تۈپەيلىدىن بۇ ئورۇندا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ ۋەقە مۇنداق : يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كۆچمەن قەبىلىلەردىن ئىبارەت كۆپ بىر خەلق ھىجرىيە 1021 (مىلادىيە 1612) ـ يىلى ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىردى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامقۇلىخان تەرىپىدىن تېگىشلىك بولغان جازاغا دۇچار قىلىندى. يەنە مۇشۇنداق پالاكەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىمامقۇلىخان چېگرادىكى تاشكەنت شەھرىنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەرگە بەردى. ئېھتىمال تاشكەنت شەھرى ئۆزىمۇ مەزكۇر بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئىشتىراك قىلغان بولسا كېرەك. ئىسكەندەر بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدى. قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، شۇ مەزگىلدە ئاسىيلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ ھەقتە خەۋەر ئالغان ئىمامقۇلىخان دەرھال تاشكەنت ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاسىيلارنىڭ قېنى ئىگەرنىڭ ئۈزەڭگىسىگىچە يەتكەنگە قەدەر ئىنتىقامنى داۋام قىلدۇرۇشقا قەسەم ئىچتى.

تاشكەنت مۇستەھكەم بىر قەلئە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئاخىر قەلئە ئېلىنىدى ۋە خەلق دەھشەتلىك سۈرئەتتە قەتلى قىلىنىپ، يالغۇز قېرىلار بىلەن باللارلا سالامەت قالدى. لېكىن ئىمامقۇلىخان ئۆزىنىڭ قەسىمىنى يادىغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قېنى ئىگەرنىڭ ئۈزەڭگىسىگىچە ئەمەس، بەلكى يالغۇز ئېتىنىڭ تۇياق سۆڭەكلىرىگە قەدەر يەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن،

www.uyghurweb.net

قەسىمدىن يانغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قالغان كىشىلەرنىمۇ قەتلى قىلىشقا پەرمان بەرمەكچى بولدى. بەرىكەت تاپقۇر ئۆلىمالار بۇنىڭغا قارشى چارە تاپتى. بۇ چارە مۇنداق : بىر چوڭقۇر ئورەك قېزىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن تولدۇرۇلدى. ئىمام قۇلى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا، شۇ ئۆرەككە كىردى. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ قېنى ئۇنىڭ ئۆزەنگىسىگىچە يەتتى. شۇ ئۇسۇلدا «دىيانەتپەرۋەر» ھۆكۈمدار ھانىسلىقتىن (قەسەمنى بۇزغانلىق گۇناھىدىن)، قېرىلار ۋە بالىلار بولسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. چۈنكى ئىمامقۇلى شۇندىن كېيىن ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشقا پەرمان قىلدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئەخلاق ۋە دىننى شۇ قەدەر خاتا چۈشەنگەنلىكىگە قارىماي، بۇ ئىمامقۇلىخان ھېچبىر ئىشغالىيەت ۋە جەڭگى ـ جېدەلسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆلكىسىنى بەختىيار، گۈزەل ۋە ئاۋات قىلغان بىردىنبىر ماۋەرائۇننەھر خاندۇر. ئۇ ئىلاھىي ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇز سەككىز يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يوللار پەۋقۇلئاددە بىر سۈرئەتتە تىنچ ـ ئامان بولغان. ئۇ ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە شائىرلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆپ لەززەت تاپاتتى ۋە كۆپ ۋاقىتلاردا ھۆكۈمدارلىق لىباسىنى تاشلاپ دەرۋىشلەرچە كىيىنەتتى. ھەممە ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى بىلىش ئۈچۈن ۋەزىرى نەزەر دىۋان بېگى ۋە يېقىن كۆرگەن كىشىسى ئەبدۇلۋەسى بىلەن شەھەردە كېزىپ يۈرەتتى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەڭ كاتتىسى بولغان موللا يۈسۈپ قاراباغىي بىلەن ئارىلىشاتتى. شائىرلار ئارىسىدىن موللا تۇرابى بىلەن موللا نەخلىنى ئايرىم تەقدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى. بىر چاغدا بۇ كېيىنكى شائىرنىڭ بىر قەسىدىسىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ ئالتۇن بەردى. ئىمامقۇلىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ غايەت گۈزەل شېئىرلىرى بار ئىدى.

ئۇنىڭ پۇقراچە كىيىنىپ يۈرگەنلىكىگە ئائىت كۆپ ۋەقەلەردىن تۆۋەندىكىسىنى ئايرىم بايان قىلىش لازىم كۆرۈندى : مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدىكى بىر داموللا بىر گۈزەلگە ئاشىق بولغان، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سەمىمىي بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گۈزەل ئۇنىڭدىن بىر ئىسپات كۆرسىتىشنى تىلەپ، ئالدىدىكى بايرام ئۈچۈن ئۆزىگە يېڭى بىر قۇر كىيىم ھەدىيە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. داموللا بولسا پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى بېجىرىش قولىدىن كەلمىگەن. مەيۈسلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن پەۋقۇلئاددە ئىزتىراپقا چۈشكەن داموللا «مۆمىنلەر ئۈچۈن كاپىرنىڭ مېلى ھالالدۇر» دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئېلىپ، جاۋاھىر ساتقۇچى بىر ھىندى مەجۇسىنىڭ دۇكىنىغا چۈشۈشكە ۋە ئۆزىگە يېتەرلىك ئەشيانى ئوغرىلاشقا ھازىرلانغان. ئاخىر بىر كېچىسى موللا ئۆزىگە سادىق ئىككى كىشى بىلەن دۇكانغا چۈشكەن ۋە ئىچىدە جاۋاھىراتلار بولغان بىر ساندۇقنى ئېلىپ كوچىغا چىقىدىغان ۋاقتىدا، دۇكان ئىگىسى ھىندى ئويغىنىپ قېلىپ ۋارقىرىغان ۋە دەرۋازىنىڭ يېنىدا موللىنى تۇتقان. دەل شۇ پەيتتە قولىدا چىرىغىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە كېچە ساقچىسى (مىرشەب) كېلىپ قالغان. موللا دەرھال ئۇنىڭ قولىدىكى

چىراغنى بىر ئۇرۇپ چۈشۈرگەن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ : «ئاھ نەزەر دىۋان بېگى، سەن بىر پانادا ئويۇن ئوينىدىڭ» دەپ ۋارقىرىغان. بۇنىڭغا قارشى : «ئەي شەۋكەتلىك ئىنسان، مەن نەزەر دىۋان بېگى ئەمەس، كۆرۈپ قالغۇچى ئابدۇلۋەسى» دەپ جاۋاب بېرىلگەن. ئىمامقۇلىنىڭ نەزەر دىۋان بېگى ۋە ئابدۇلۋەسى بىلەن قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈشى خەلق ئارىسىدا ھەممىگە مەلۇم بولغان بىر ئەھۋال بولغانلىقى ئۈچۈن، ساقچى ھۆكۈمدارنىڭ بىر لەتىپىسىنى بۇزدۇم دەپ تەنە قىلغان ۋە قورقۇنچىدىن دەرھال قېچىپ كەتكەن. جاۋاھىرنى ئوغرىلىغان موللىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھىيلىسى تۈپەيلىدىن سالامەت قېچىپ قۇتۇلغان. ھىندى سودىگەر : «ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمىدى» دەپ ساقچى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاچقا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىپ، موللا ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ھۆكۈم چىقىرىلغان. كېيىن موللا خاننىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلغان، خان ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ ھەدىيە بىلەن خۇشال قىلغان.

سىياسىي ئەھۋالنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن ئاشتەرخانىيلارنىڭ تارىخچىلىرى ئىمامقۇلىخاننىڭ زامانىسىدىكى ئاشتەرخانىيلار ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىننەتلەيدۇ. بىزمۇ بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتۈشنى مۇناسىپ كۆرىمىز. چۈنكى بۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالىنىڭ قانداق روھتا بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇلار جۈملىسىدىن ھىندىستاندىكى موغۇل دۆلىتى بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان كۆپ ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئىمامقۇلى ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى رەسمىي رەۋىشتە ئېلان قىلىش ئۈچۈن، تاشكەنتتىن قايتقاندىن كېيىن، ھىندى ھۆكۈمدارى جاھانگىر ھۇزۇرىغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى يوللىدى. بۇ ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ يېرىمىدا، يەنى ئۆز ئاتىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۆز تەختىگە ئولتۇرغان جاھانگىرخان ئۆزىنىڭ تاجدار ئۆزبېك قېرىنداشلىرىنىڭ ئەلچىلەر ھەيئىتىنى پەۋقۇلئاددە ياخشى بىر مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى. ھەتتا بەزى چاقچاقلارنىمۇ قىلىشتى.

ئىسمى «جاھاننى ئىشغال قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە بولغان جاھانگىر شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يېقىملىق ۋە گۈزەل خوتۇنى نۇرى جاھاننىڭ مۇھەببىتىگە ئەسىر بولغان ۋە يالغۇز شۇنىڭ ئىشقى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئەلچىلەردىن ئىمامقۇلىنىڭ مەھبۇبىلىرى ھەققىدە سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. ئىسلامىيەت ئەدەبلىرىگە خىلاپ بولغان بۇ ئىش ئەلچىلەرنىڭ ھاقارەت ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. شۇڭا ئۇلار : «مېنىڭ ھۆكۈمدارىم دۇنياۋى لەززەتلەردىن ئازادتۇر، ئۇ ھېچقاچان دۇنيا نەرسىلىرى ھەققىدە ئويلىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا قارشى جاھانگىر تەبەسسۇم قىلىپ : «سېنىڭ ھۆكۈمدارىڭ قاچانلاردا ئۆزىدە ئۇنىڭغا

www.uyghurweb.net

قارشى نەپرەت ھاسىل قىلغۇدەك بىرەر دۇنيانى كۆردى؟»دېدى. ئەلچى قايتقاندىن كېيىن بۇ سۆھبەتنى ئىمامقۇلىغا بايان قىلغان. ئۇمۇ بۇ تۈپەيلىدىن ئۆزىدە بىر ھاقارەت ھېس قىلغان. بىر ئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن جاھانگىر ئىمامقۇلىنىڭ نازاكەت كۆرگۈزگەنلىكىگە قارشى جاۋابەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بۇخاراغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە ھىيلىگەر بىر تېۋىپنى يوللىغان. بۇنىڭ ئىمامقۇلىغا ئېلىپ كەلگەن كۆپ قىممەتلىك ھەدىيىلىرى ئارىسىدا ئالماس ۋە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئوچۇق قىزىل رەڭدە بىر چېدىر بولغان. بۇنىڭ باھاسى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ بىر يىللىق باج خىراجىتىنىڭ قىممىتىدە ئىكەن. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئىمامقۇلى جاھانگىر تەرىپىدىن سادىر بولغان ئۆزى ھەققىدىكى ھاقارەتنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆز ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلماي ئالتە ئاي كۈتكۈزگەن. دىۋان بېگى ۋاسىتە بولۇپ ئەلچىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئىمامقۇلى : «ئەگەر مەن ئۇنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلسام، مىننەتدار بولۇش لازىم بولىدۇ، ئەگەر مىننەتدارلىق كۆرسەتمىسەم، ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغان بولىمەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ھۇزۇرۇمدا ئەسلا قوبۇل قىلمىغىنىم تۈزۈك» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغان.

ئاخىر دىۋان بېگىنىڭ يېڭىدىن تۈزگەن پىلانى بىلەن ئىمامقۇلى ئەلچى بىلەن يالغۇز ھالەتتە تاسادىپىي رەۋىشتە مەسلەن : ئوۋدا كۆرۈشۈشكە رازىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭغا بىنائەن ھىيلىگەر تېۋىپ ئۆزىنىڭ چېدىرىنى ئىمامقۇلىنىڭ ئەۋ دائىرىسىدە قۇرۇپ، ئېلىپ كەلگەن ھەدىيىلىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە قويغان. لېكىن ئىمامقۇلى ئۆز ۋاقتىدا چېدىرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا قارىماي يۈزىنى ئەتەي ئىككىنچى تەرەپكە بۇراپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ ماڭغان. تېۋىپ : «ئەي قىبلەئى ئالەميان (ئالەملەرنىڭ قىبلىگاھى)، ھېچبولمىسا بۇ تەرەپكە نەزەر سالسىڭىز» دېگىنىدە ئىمامقۇلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر كۆز سىلىپلا يېنىدىكى رەھىم پەرۋانچىگە :«ئال، ھەممىسىنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم» دېگەن. ئەلچى تېڭىرقاپ قالغان. لېكىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئالىي بىر قىلىچنى چېدىرغا قويماي قالدۇرغانىكەن، شۇنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئىمامقۇلىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىغان. كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپ : «ئەكبەر شاھتىن ئىنتايىن نادىر ئىككى قىلىچ قالغانىدى. ھۆكۈمدارىم شۇلارنىڭ بىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالدى. ئىككىنچىسىنى دوستلۇق بەلگىسى سۈپىتىدە سىزگە ئەۋەتتى» دېگەن. ئۆزبېك خانى بۇ ھەدىيەنى رەت قىلالمىدى. لېكىن قىلىچنى قىنىدىن تارتىپ ئالىدىغان چاغدا قىلىچ باشتا قىنىدىن چىقماي بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئىمامقۇلى جاھانگىرنىڭ بەدەخشاننى ئىشغال قىلىشتا تەلەپكە مۇۋاپىق بولالمىغانلىقى بىلدۈرۈش قەستى بىلەن : «بەللى، سىزنىڭ قىلىچلىرىڭىز قىنلىرىدىن تەستە چىقىدۇ» دېدى. زېرەك تېۋىپ مەقسەتنى ھېس قىلىپ : «يالغۇز مۇشۇ

قىلىچلا تەس چىقىدۇ، چۈنكى بۇ سۇلھى قىلىچىدۇر، ئەگەر ئۇ جەڭ قىلىچى بولسا تېز چىققان بولار ئىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئىمامقۇلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ئېھتىراملار بىلەن ئۇزاتقانلىقى بۇ تېۋىپتا تېخىمۇ كۆپ ئەستىلىكلەرنى قالدۇرغان. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى : بىر كۈنى بۇخارا ھۆكۈمدارىنىڭ سارىيىدا شائىرلاردىن نەخلى بىلەن تۇرابى شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئەقىللىق تېۋىپتىن :«سىزنىڭچە بۇلاردىن قايسىسى ئۈستۈندۇر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ :«ئەي ھۆكۈمدار، ھەممىگە مەلۇمكى، خورما يەردىن ئۆسىدۇ» دېگەن. شۇ ئېتىبار بىلەن تۇرابى ئايرىم بىر ئېھتىرام دەرىجىسىگە ئىگە بولغان.

جاھانگىرنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستانغا ھىجرىيە 1036 (مىلادىيە 1626) ـ يىلىدا قايتتى. شۇندىن بىر يىل كېيىن جاھانگىر ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى شاھى جاھان تەختكە ئولتۇردى. بۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلا ھىرىسمەنلىكىنى بەلخنى ئېلىش بىلەن تەسكىن تاپقۇزۇش يولىغا كىرگەنىدى. لېكىن ئىمامقۇلى ناھايىتى ئەپچىل سۆزئەتتە بۇنىڭغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شاھى جاھان ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن پۇشايمان قىلىپ، مەسىلىنى سۇلھى يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن دادخا ھاجى مەنسۇرغا  ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئىستىلاچىلىق ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر ئوۋ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىمامقۇلى سۇلھىنى قوغداشقا چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ سايىسىدا بۇ سۇلھى ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىران بىلەنمۇ سۇلھىدە ياشىدى. گەرچە بۈيۈك ئەبباسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بەلخ نائىپىنىڭ قېرىندىشى نەدىر مۇھەممەد سەۋەبىدىن ئىران بىلەن ئىككى ئارىدا قىسقا بىر مۇددەت   سۇلھى بۇزۇلغان بولسىمۇ ئۇ ئۇزاق داۋام ئەتمىدى. نەدىر مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئىمام رىزانىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ۋاقىتلار ئىران ھەم شاھ ئەبباس ھەققىدە دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. لېكىن ئىمامقۇلى دوستانە مۇناسىۋەتنى يېڭىلاپ، شاھقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى ھەم ھىجرىيە 1031 (مىلادىيە 1621) ـ يىلىدا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى پايەندە مىرزىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭغا كۆپ ھەدىيىلەرنى، شۇلار جۈملىسىدىن ئەللىك تۈركىستان ئېتىنى يوللىدى.

نەدىر مۇھەممەدنىڭ ئىمام رىزاغا بولغان نەسەب باغلىنىشى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ : ئەبدۇلمۇئمىن مەشھەدنى ئالغان ۋاقىتتا ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇميۈزلۈك قىرغىن قىلىشقا پەرمان بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئىمام رىزا ئەۋلادلىرىنىڭ رەئىسى بولغان ئەبۇ تالىب كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن دىنمۇھەممەدكە مۇراجىئەت قىلىپ، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم ـ شەپقەت كۆرسىتىشنى ئۆتۈنگەن ۋە ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇ ۋاقىتتا دىنمۇھەممەد ئۇنىڭ خانىسىدا مېھمان بولغان ھەم شەيخنىڭ قىزى زۆھرابانۇ بېگىمنى نىكاھىغا ئالغان. بۇ نىكاھتىن كېيىن نەدىرمۇھەممەد دۇنياغا كەلگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ

www.uyghurweb.net

نەسەبى جەھەتتىن سەيىد، ھەتتا ئۇلۇۋۋى (ئالىي) نەسەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىر ئالىي نەسىلگە ئۇلىنىش دىيانەتپەرۋەر ئاسىيالىقلارنىڭ نەزەرىدە بۈيۈك بىر پەزىلەت سانىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نەدىرمۇھەممەدتە بۇنداق بۈيۈك بىر سالاھىيەتنىڭ بولۇشى ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى سەممىيەتكە ئەسلا توسالغۇ بولمىدى. بۇ سەممىيەتنىڭ قايسى دەرىجىلەرگە يەتكەنلىكى ئىمامقۇلىنىڭ نەدىرمۇھەممەد تەرىپىدىن بەلختە قارشى ئېلىنىش ۋەقەسىدە كۆرۈلدى.

شاھىجاھاننىڭ بەلخ ئۈستىگە قىلغان تاجاۋۇزىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىمامقۇلى ئەسكەرلىرى بىلەن بەلخكە كەلگەن ۋاقتىدا نەدىرمۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بىلەن شەھەردىن يېرىم مىل مۇساپىغىچە پىيادە يۈرۈپ، ئۇنى قارشى ئېلىشقا باردى. ئىمامقۇلى :«سەن سەيىدسەن، پىيادە يۈرۈش سېنىڭ شەنىڭگە مۇناسىپ ئەمەستۇر» دېگەن بولسىمۇ، نەدىر مۇھەممەدنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارىغا قۇللۇق بىلدۈرۈشى ۋە ئىتائەتچانلىقى چەكسىز ئىدى. ھەتتا بەلختە ماۋەرائۇننەھرنىڭ بارلىق بۈيۈك مەمۇرلىرى يىغىلغان بىر زاماندا نەدىرمۇھەممەد ئىمامقۇلىغا ئادەت بويىچە توققۇز ھەدىيەنى تەقدىم قىلىشقا پەرمان قىلدى ۋە توققۇزىنچى قىلىپ سەككىز قۇلغا ئۆزىنىمۇ قوشۇپ ھەدىيە قىلدى.

ئىمامقۇلى بۇخاراغا قايتقاندىن كېيىن، يەنە كۆپ يىللارغىچە سۈلھى ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشىدى. ئۇنىڭ سەلتەنەت زامانىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھېراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىپ تەرىپلىشىدۇ. دېمەك، ھىجرىيىنىڭ 1050 (مىلادىيە 1640) ـ يىلىدا ئۇ كېسەلگە دۇچار بولدى ۋە دىيانەتپەرۋەر مۇسۇلمان سۈپىتى بىلەن ئۆمرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى پاك زىيارەتگاھ بولغان ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىدە تامام قىلىشنى ئىستىگەنلىكى ئۈچۈن، بەلختىن قېرىندىشىنى چاقىرتتى. تاج ۋە تەختىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ھەجگە كېتىشنى قارار قىلدى.

ئۇ كەتمەكچى بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ھەپتە بۇخارادا تۇرۇپ قالدى ۋە بىر جۈمە كۈنى مەسچىتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرىنچى قېتىم نەدىرمۇھەممەدنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلغان ۋاقتىدا پۈتۈن جامائەت تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ تېزدىن ئۆزىنىڭ پايتەختىنى، ئۆزىنىڭ مەملىكىتىنى ھەم سۆيگەن ۋە ھەقىقەتەن بەختىيار قىلغان خەلقىنى تاشلاپ ئىران ئارقىلىق مەككىگە سەپەر قىلدى. سەپەر ۋاقتىدا ئىران ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن شاھانە بىر ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىندى. مەدىنىدىمۇ ئۇنىڭ تەسىس قىلغان خەيرلىك ئىمارەتلىرىدىن ئومۇمىي باغچا ۋە ھامماملار ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئاتمىش ئىككى يېشىدا ۋاپات بولدى. ئىمامقۇلى تېخى سالامەت تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ مۇبارەك شەھىرىدە خەيرلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتلاردىلا ئۇنىڭ سەلتەنەت زامانىدا ھاسىل بولغان تىنچلىق بۇزۇلۇپ، سۈلھى ئورنىغا ئىختىلاپ، جەڭگى ـ جېدەل ھەم قېرىنداشلار ئارىسىدا بولغان قانلىق

ماجىرالار ئورۇن ئالدى. نەدىرمۇھەممەد ھىجرىيە 1052 (مىلادىيە 1642) ـ يىلىدا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ۋارىسى بولغانلىقىنى، لېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەرىجىسىدە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى سېزىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مەردانىلىك بىلەن خەلقىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ غايەت ئۇلۇغ بىر ئىقتىسادىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، شەيبانىيلار، ئاشتەرخانىيلار ئارىسىدا ئەڭ باي بىر شاھزادە ھېسابلىناتتى. ئۆزىنىڭ خەزىنىلىرىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئالتە يۈز قاتار تۆگىنى ئىشقا سالغانىدى. نەدىرمۇھەممەدنىڭ نۇرغۇن ئات فېرمىلىرى بولغان. بۇلاردىن باشقا يالغۇز ئۆزىنىڭ ئاتخانىسىدا سەككىز مىڭ ئات بولغان. ئۇنىڭ يەنە سەكسەن مىڭ قويى بولۇپ، كۆك قوزىلارنى يېتىشتۈرەتتى. تۆت يۈز ساندۇققا لىق تولغان قىممەتلىك ئەشيالىرى ۋە فرانسوز لىباسلىرى بار ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ تەسىرى ئاز كۆرۈلگەن.

خىۋە ھۆكۈمدارى ئىسپەندىيارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ مەملىكەتنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئامۇ ئۆلكىسىدىكى تىنچلىقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا تېز ئارىدا مەملىكەتنىڭ شىمال تەرىپىدە باقىيۇز ناملىق بىر كىشى تەرىپىدىن دۈشمەنلىك بايرىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ دۈشمەنلىكنى باستۇرۇش ئۈچۈن نەدىرمۇھەممەد شۇ ۋىلايەتكە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبدۇلئەزىزنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەردىكى دۈشمەنلەر تەرىپىگە قوشۇلۇپ، ئاتىسى ئورنىغا ئۆزىنى ھۆكۈمدار سايلاشقا ئۇلاردىن ياردەم تىلىدى.

ئاسىي ئوغلىنىڭ بۇ نەپرەتلىك ھەرىكىتىنى، شۇنداقلا ئەسكەرلىرى بىلەن بۇخاراغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئىشىتكەن ۋاقتىتا نەدىرمۇھەممەد قارشى دېگەن جايدا ئىدى. ئوغلىنىڭ جاسارىتىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھېچبولمىسا مەملىكەتنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ تەرەپتىكى قىسمىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەملىكەتنى پەقەت بەش يىل ئىدارە قىلغاندىن كېيىن بەلخكە چېكىنىپ ئاھالە تەرىپىدىن ياخشى كۈتۈۋېلىندى ۋە مەملىكەتنى ئۆزىگە سادىق بولغان ئوغۇللىرى ئارىسىدا مۇنداق تەقسىم قىلدى : خۇسرەۋ سۇلتانغا غور ۋىلايىتى، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم سۇلتانغا مەيمەنە بىلەن ئەنداخۇي بېرىلدى. بەھرام سۇلتان كۇلەبكە تەيىنلەندى. سۇبھانقۇلى سالچاھارىيەك (ھازىرقى كۈندە ئامۇ ئارقىلىق چىقىدىغان خاجە سالى)كە، قۇتلۇق سۇلتان قۇندۇزغا تەيىنلەندى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەبدۇلئەزىزخان تەختكە ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ جىنايەتكارانە ھەرىكىتى بىلەن قانائەت قىلماستىن، قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئىستىبداتلىرى بولغان بىرىنى جىنايىتىگە شېرىك قىلىش سۈيىتى بىلەن ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىش يولىغا كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىسىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنى گويا پۇشايمان قىلغاندەك ھالەتتە كۆرسەتتى ۋە جىنايەتكارانە

ھەربكتى ئۇچۇن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈندى ، بۇ توغرىدا تېخمۇ ياخشى ئىزاھات بېرىپ ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇخاراغا قېرىندىشى قۇتلۇق سۇلتاننى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى.

نەدىرمۇھەممەد ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى. لېكىن، قۇتلۇق سۇلتان بۇخاراغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئەبدۇلئەزىز ئۇنىمۇ غەلىيانغا شېرىك قىلىپ چىقاردى.ئەمدى نەدىرمۇھەممەد قۇتلۇق سۇلتان يېنىغا سۇبھانقۇلىنى ئەۋەتتى ۋە ئەگەر قېرىندىشىنى ئىسيان قىلىش يىكرىدىن ۋاز كېچىشكە كۆندۈرەلىسە قەلئە خانلىقى (كىرووپوس قوماندانلىقى) دەرىجىسى بىلەن مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە قىلدى. قۇتلۇق سۇلتاننىڭ جەڭ تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇندۇز قەلئەسى ئىچىگە كىرىپ بېكىندى. سۇبھانقۇلى ئۇنى مۇھاسىرە قىلىپ ئىشغال قىلدى ۋە ئىسيانىنى تۈلتۆكۈس باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھەربكتى ئاتىسىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. نەدىرمۇھەممەد سۇبھانقۇلىغا :«مەن سېنى قېرىندىشىڭنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئەدەپلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدىم» دەپ كايىدى، شۇنداقلا ۋەدە قىلىنغان مۇكاپات بېرىش كېچىكتۈرۈلگەنلىكتىن، ئاخىر ئۈچىنچى ئوغلى سۇبھانقۇلىمۇ ئاتىسىغا قارشى ئىساين كۆتۈردى.

ئىتائەتسىز ئوغۇللىرى بىلەن ئىككى ئارىدا ھەر دائىم داۋام قىلىۋاتقان جەڭگى — جېدەللەردىن ئاجىزلاشقان، ئۆزبېكلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكى سەۋەبىدىن مەيۈسلۈككە چۆككەن بەختسىز نەدىرمۇھەممەدخان ياردەم سوراپ ھىندى ھۆكۈمدارى شاھجاھانغا مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن، جاھانگىرنىڭ بۇ مەنسەپپەرەس ئوغلى ئۆزىنىڭ ھېرىسمەنلىك كۆزلىرىنى كۆپتىن بېرى بەلخكە تىكىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلىقتىن، بۇ ئىشنىڭ نىجاتلىق ئورنىغا پۈتۈنلەي ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن نەدىرمۇھەممەد خەۋەرسىز ئىدى. يۇز بەرگەن ۋەقەلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسەتتى. شاھجاھاننىڭ ئەۋرەڭزىب ھەم مۇرادبەخش ئاتلىق ئىككى ئوغلى كىلىتلىق ئەسكەرلەر بىلەن كەلدى. ئۇلارغا قارشى تۇرغان خۇسرەۋ سۇلتان ئەسىرگە چۈشتى ۋە ھىندىستانغا ئەۋەتىلدى. نەدىرمۇھەممەد بولسا ئۆزلىرى ياردەم سورىغان ئادەملىرىنىڭ يامان مەقسەتلىرىنى ئۇلار بەلخ يېنىغا كېلىپ يەتكەندىن كېيىنلا بىلگەنلىكتىن، ھاياتى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ — خەتەرنىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، شۇنداقلا ئۆزبېكلەرنىڭ يامان مۇئامىلىلىرىدىن رەنجىپ، شىبۇرغان ۋە مەرۋى ئارقىلىق ئىرانغا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ يەردە ئۇ بۈيۈك شاھ ئەبباسنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولغان ئىككىنچى ئەبباسنىڭ ھوزۇرىدا ياخشى قوبۇل قىلىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ۋەقەلەرگە قارىغاندا، نەدىرمۇھەممەد بۇ ئۈمىدىدە ئالدانمىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئىسپاھانغا يېقىنلاشقانلىقى مەلۇم بولۇش بىلەنلا ئىككىنچى ئەبباس ئۇنىڭ يول سەرپىياتى ئۈچۈن مىڭ ئالتۇن ئەۋەتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ پايتەختىگە تەكلىپ قىلدى. يولدا ھەر جايغا

كەلسە ئۇنىڭغا شاھانە ئېھتىراملار كۆرسىتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئىسپاھان دەرۋازىسىدىن ئۈچ مىل مۇساپىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئەسكەر ۋە ساقچىلار قويۇلدى. بۇ مۆھتەرەم مۇساپىرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شاھ ئەبباس شەخسەن ئۆزى پۈتۈن كاتتا مەمۇرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەردىن ئىككى سائەتلىك يولغىچە ئىستىقبالغا باردى. ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ يول زەخمەتلىرى بىلەن چارچىغان ئېتىنىڭ ئورنىغا غايەت ئەلا بىر ئاتنى تەقدىم قىلدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرىپىگە ياسالغان بايراملار، شەھەردىكى زىبۇ ـ زىننەت ۋە داغدۇغىلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى.

نەدىرمۇھەممەد ئىككى يېرىم يىلغا قەدەر ئىراندا تۇرغاندىن كېيىن شاھ ئەبباس ئۇنى كېلەچەكتە بەختىيار قىلىش نىيىتى بىلەن ياردەمگە ئەسكەر بېرىپ، ئۆز مەملىكىتىگە يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بەلخنى ئېلىشىغا ياردەم قىلدى. لېكىن، بۇ تەرەپلەر ھىندىستانلىقلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى ھەم ئەبدۇلئەزىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان جەڭگى ـ جېدەللىرى تۈپەيلىدىن شۇ دەرىجىدە ۋەيران ۋە پاراكەندە بىر ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدىكى، نەدىرمۇھەممەد ئۇ يەردە بىر چۆللۈكتىن باشقا نەرسە كۆرەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا بەلختە شۇ قەدەر ئاچارچىلىق بولدىكى، بىر ئېشەك يۈكى ئۇننىڭ باھاسى مىڭ روپىيەگە چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىجرىيە 1060 (مىلادىيە 1650) ـ يىلىنىڭ قىش مەۋسۇمىدە شۇ قەدەر قاتتىق سوغۇق بولدىكى، شۇ ۋاقىتلارغا قەدەر بۇنداق سوغۇق كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۆزبېك ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قوغلىنىپ قايتقان ھىندىستانلىقلار بۇ ئاچلىق بىلەن سوقۇقتىن پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراپ، مىڭلارچە ئادەم تاغ ئارىلىرىدا قېتىپ قالدى. شۇندىن بىر يىل كېيىن ھىندىستانغا ۋەقەنىگار (ۋەقەلەرگە قاراپ ماڭغۇچى مەخپىي ئەمەلدار) سۈپىتى بىلەن بارغان «تارىخى مۇقىمخانىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى يول بويىدا ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ ياتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھەر تەرەپتىن ھۆكۈم سۈرگەن بالا ـ قازا ۋە پالاكەتلەردىن باشقا نەدىرمۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپرەك نەپرەت ۋە ئوچۇق دۈشمەنلىكنى كۆردى. بەلخ ئاھالىسى كۆپ زامانلارغىچە ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇردى. لېكىن، بەك ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان جېدەل ۋە ئىختىلاپلاردىن ئۇلارمۇ چارچىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قېرىندىشى سۇبھانقۇلىنى زور بىر توپ ئەسكەر بىلەن ئاتىسىغا قارشى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇخارا ھۆكۈمدارى ئەبدۇلئەزىز تەرىپىگە قوشۇلدى. ئاخىر نەدىرمۇھەممەد مەيدانىنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرۇپ، كېيىنكى كۈنلىرىنى تىنچلىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن سۈلھى قىلىپ ھەم ئۇلارغا ياخشى دۇئا بېرىپ كېتىشنى تىلىگەنىدى، لېكىن سۇبھانقۇلى ئۇنىڭ بۇ ئاتىلىق ھېسسىياتىنى

رەت قىلدى. شۇڭا نەدىرمۇھەممەد ئۆزىنىڭ چۈشكۈن روھى ۋە سۇنۇق قەلبى بىلەن دىنىي ساياھەتكە قاراپ يۈزلەندى. لېكىن، تەلەي ئۇنىڭغا قېرىندىشى ئىمامقۇلى دەرىجىسىدە كۈلۈپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇ يولدا سىمناندا ۋاپات بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ جەسىتىلا ئەرەبىستان تۇپرىقىغا ئېرىشەلىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ماۋەرائۇننەھرگە يەتكەندە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى گوياكى ئۆزلىرىنىڭ دائىمىي بىر نەپرەتلىك رەقىبلىرىنى ئەمەس، بەلكى غايەت سەممىمىي رەۋىشتە سۆيگەن ئاتىلىرىنى يوقاتقان كىشىلەرگە ئوخشاش ئومۇمىي ماتەم ئېلان قىلىشتى. ئۇنىڭ روھىغا سەدىقە ۋە خەيراتلار تارقىتىشتى. شۇنداقلا قارىيلارغا كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان ئوقۇشقا پەرمان بېرىشتى. نەدىرمۇھەممەدنىڭ ۋاپاتى بىلەن ماۋەرائۇننەھردە تېزدىن تىنچلىق ھاسىل بولمىدى. ئەبدۇلئەزىز سۇبھانقۇلىنىڭ ئۆزىگە بولغان رىقابىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن بەلخنى ئېلىشنى لايىق تاپتى. شۇنداقلا قانۇن بويىچە تەيىنلەنگەن ماتەم مۇددىتى توشماستىنلا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشى قاسىممۇھەممەد سۇلتاننى ئەسكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئەۋەتتى. لېكىن، سۇبھانقۇلى بىلەن ھېسابلاشماق ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەس ئىدى. خۇسۇسەن بۇ ئىش شائىرانە تەبىئەتكە ئىگە بولغان قاسىممۇھەممەد سۇلتاندەك بىر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن مۇددەتلەر داۋام قىلغان نەتىجىسىز مۇھاسىرىدىن كېيىن قاسىممۇھەممەد سۇلتان ھىسارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سۇبھانقۇلى تەختكە شەرىئەت بويىچە بىر ۋارىسنى ئېلان قىلىش شەرتى بىلەن ئىككى ئارىدا سۈلھى تۈزۈلدى. قاسىم بىلەن سۇبھانقۇلى ئارىسىدا دوستانە بېرىپ ـ كېلىش ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بىر ۋاقىتتا سۇبھانقۇلى تەرىپىدىن قاسىم تەرەپكە كەلگەن ئەلچىلەردىن بىرى مەخپىي بىر سۆزنى سۆزلەش باھانىسى بىلەن قاسىمنى چەتتىكى ئۆيلەردىن بىرسىگە باشلاپ كىرىپ ئۆلتۈردى. ئاشتەرخانىيلارنىڭ تارىخچىسىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، قاسىمنىڭ بۇنداق ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر شاھزادە يوقالغاندى. ئۇنىڭ تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا يازغان مىڭ مىسرادىن ئارتۇق دىۋانى قالدى. ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىكىگە ئوخشاشلا نەسىردىمۇ ماھىر ئىدى. سۇبھانقۇلى خېلى كۈچلۈك بولغان بۇ رەقىبىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئەبدۇلئەزىز بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتىنى داۋام قىلدى. ھەتتا ئەبدۇلەزىز خارەزم بىلەن جەڭ قىلغاندا، شۇنداقلا ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۆزبېكلەر بۇخارانىڭ غەربىگە جىددىي تەھدىد سېلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا سۇبھانقۇلىخان ئەبدۇلئەزىزگە ياردەم قىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا خارەزمدە ئەبۇلغازى باھادىرخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ زاتنىڭ كۆپ ئىشلىرى كىشىگە زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىرنى ئەسلىتىدۇ. خىۋە خانلىقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، جاھان بولسا ئۇنىڭ «شەجەرەئى تۈرك»ناملىق تارىخ ئەسىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتداردۇر.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزبىنىڭ بوۋىلىرىغا ۋەھشىيانە مۇئامىلە قىلغان ئەبدۇللاخانغا پۈتۈن روھى بىلەن دۈشمەن بولۇپ، خارەزمدىكى ئەجنەبىي ھۆكۈمدارلارنى يوقىتىشنى ھەمدە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى بۇخارالىقلارنى ئۇ يەردىن قوغلاشنى ناھايىتى كىچىك يېشىدىلا ئۆزىگە بىر ئالىي مەقسەت ھەم يالغۇز ئۆزىگىلا ئائىت بىر ئىش قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى.

ئۇنىڭ تارىخىدا بايان قىلىنغىنى بويىچە ھىجرىيە 1054 (مىلادىيە 1646) ـ يىلىدا قاسىمۇھەممەد سۇلتان خىۋەنىڭ نائىبلىق مەنسىپىدىن ئېلىنىش بىلەنلا ئۇ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى بەزىدە خىۋەنىڭ ئىچىدىكى تۈركمەنلەرگە، بەزىدە بولسا قالماقلارنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇخاراغا قارشى تاجاۋۇزى ئۆزبىنىڭ قېرىندىشى ئەبدۇلئەزىزخان بىلەن جەڭ باشلىغان سۇبھانقۇلىخاننىڭ ياردەم سوراپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغىنىدىن كېيىن باشلاندى.

گەرچە ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا تېزدىن سۈلهى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، بۇخارا مەملىكىتىگە ئائىت بولغان كۆك يۇرتلۇق قا بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلغان ئەبۇلغازى ئۆزبىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئىنتىقامىدىن ۋاز كېچەلمىدى. تاكى قارا كۆلگە قەدەر تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى يىلىدا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، كەرمىنەگە قەدەر كەلدى. ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا يىگىرمە مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى.

لېكىن، ئەبۇلغازى ئۆزبىنىڭ ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ، مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئۆزبىنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى ئەنۇشخاننىڭ قەھرىمانلىقى سايىسىدە قۇتۇلۇپ قالمىغان بولسا، ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. بۇخارالىقلار بۈيۈك مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. ئەبدۇلئەزىز يارىلىنىپ، ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئۈزۈپ ئۆتۈپ قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەبۇلغازى خىۋەگە ئەسىرلەر ۋە قىممەتلىك ئەشيالار بىلەن قايتتى. لېكىن، ئىنتىقام ھېسسىياتى بۇنىڭ بىلەنلا تەسكىن تاپمىدى. ئۆزبىنىڭ ھۇجۇملىرىنى تەكرار داۋاملاشتۇرۇپ، بىرىنچى قېتىمداۋاردانزىگە، ئىككىنچى قېتىمدا تاكى بۇخارانىڭ دەرۋازىلىرىغا قەدەر كەلدى. دىن ۋە قان ـ قېرىنداشلار ئارىسىدا داۋام قىلغان بۇ قانلىق غوۋغالار يالغۇز ئاتمىش ياشقا يەتكەن ۋاقتىدىلا ئەبۇلغازىدا ئادىللىق ۋە مەرھەمەت ھېسسىياتىنى ئويغىتالىدى. ئاخىر ئۇ ئەبدۇلئەزىز بىلەن سۈلهى تۈزدى ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ھىجرىيە 1074 (مىلادىيە 1663) ـ يىلى ۋاپات بولدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچە قېتىملاپ كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغىنىدەك، تاتار جەڭگىۋارلىرىنىڭ ئىنسانىي ھېسلىرى ئادەتتە بۈيۈك بىر قېرىنلىق ھېسلىرى ئادەتتە بۈيۈك بىر قېرىنلىق ۋاقتىغا يەتكەندىن كېيىنلا ئويغىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇرۇش خۇمار ئوغلى ھەم ۋارىسى ئەنۇشخان ئاتىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سۈلهى ئەھدىنامىسىگە كۆپ ئەھمىيەت

بەرمىدى. بۇخاراغا يىڭىدىن ھۇجۇم باشلاپ، خاجەجۇيبار دېگەن جايغا قەدەر كەلدى ۋە بۇ مۇقەددەس يەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبدۇلئەزىز كەرمىنەدە ئىدى. دەرھال بۇخاراغا قايتتى. شەھەر دەرۋازىلىرى خىۋەلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانىدى. ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ قىرىق نەپەر پىداكار تەۋەلىرى بىلەن تۈن نىسپىدە ئۇ يەرگە كېلىپ ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن توختاۋسىز ھالدا ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا قەلئەگە بېرىپ يەتتى ۋە ئاندىن بۇ كېچە خارەزملىكلەرنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئاھالىنى دەۋەت قىلدى. ئۆزبېكلەر، تاجىكلار ۋە ئەجنەبىي سودىگەرلەر ئارىسىدا قورال تۇتۇش ئىقتىدارى بولغانلىكى ئادەم ھەممىسى تۈن نىسپىدە بىردىن بىرى ئالدىرىشىپ قالغان دۈشمەن ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش شۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك بولدىكى، ئەنۇشى ئەسكىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا خالاس بولۇپ خىۋەگە كېتەلىدى. بۇ پالاكەت ئۇزاق مۇددەتلەرگە قەدەر خىۋەلىكلەرنىڭ سۇلھىنى بۇزۇش ھەۋەسلىرىنى يوقاتتى.

ئاخىر قۇمشۇلار (كۇرشىلار) بىلەن بولغان دائىملىق جەڭلەر ۋە قېرىنداشلىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان نىزالار تۈپەيلىدىن، ئەبدۇلئەزىزخاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ گۈزەل بىر ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەختنى سۇبھانقۇلغا تاپشۇرۇشنى ۋە ئۆزى دەرۋىش ھاسىسىغا تايىنىپ مەككە سەپىرىگە يۈزلىنىشنى قارار قىلدى. سۇبھانقۇلى ئالىي ھاكىمىيەتنى (ھۆكۈمدارلىقنى) قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا چاقىرتىلغاندا، ئۇ ئاتالىق ئىمامقۇلى ھەم پەرۋانچى تەڭرىبەردى ۋاستىسى بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ مۇددىئاسىغا مەمنۇنىيەت بىلەن ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن پايتەختكە پەقەت ئەبدۇلئەزىز ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا بېرىشنى تىلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەر ئەبدۇلئەزىزگە ياخشى تەسىر بەرمىدى ھەم بۇخارالىقلارمۇ ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ پىكرىدىن قايتىشىنى تىلەيتتى. شۇڭا، ئەگەر بۇ پىكىردىن قايتىپ قالسا ئۆز ھۆكۈمدارى ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن تەڭرىبەردى پەرۋانچى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاب قىلدى : «ئەي ھۆكۈمدار، ئەگەر لايىق تاپسىڭىز، تاسادىپىي ھالدا ئېسىمگە كەلگەن بىر ۋەقەنى نەقىل كەلتۈرسەم : بەلخلىق سۇلتان ئىبراھىم ئۆزىنىڭ مەككىگە بېرىش سەپىرىدە نىشاپۇردىن ئۆتكەن چېغىدا زامانىسىنىڭ بىرىنچى ھەكىمى بولغان پەرىدىددىن ئەتتارنى زىيارەت قىلدى ھەم ئۇ يەردە قونۇپ قالدى. لېكىن، بۇ مۆھتەرەم زات ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىنتايىن نامرات ئىدى. كەچ بولدى. ئۇ خۇداغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مۆجىزىگە قاراڭ، بىردىنلا داستىخاندا بىر تاۋاق تولۇق شېرىن تائام زاھىر بولدى ھەم ئۆزىگە، ھەم مۇساپىرغا تويغۇچە يېيىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئىككىنچى كۈنى سۇلتان ئىبراھىم بۇ مۆھتەرەم زاتنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ياردەم سوراپ ئۇمۇ خۇداغا يالۋۇردى. بۇ قېتىم بىرنەچچە تاۋاقلاردا لىق

تولغان تاتلىق تائاملار زاھىر بولدى ز ئىككى زاتقا نېسىپ بولغان تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئارىسىدىكى بۇ پەرقنى كۆرگەن پەرىدىدىن ئەتتار ھەيران قالدى ۋە : ‹ئەي تەڭرىم، نېمىشقا ماڭا يالغۇز بىر تاۋاق، ئەمما سۇلتان ئىبراھىمغا كۆپ تاۋاقلاردا نېمەت بېرىلدى؟› دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن غايىبتىن : ‹گەرچە ھەر ئىككىڭلا مېنىڭ ئەزىز بەندىلىرىم بولساڭلارمۇ، ئىبراھىم مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاج ۋە تەختىنى پىدا قىلدى. سەن بولساڭ پەقەت دوراپۇرۇشلۇق دۇكىنىڭنى پىدا قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئەمەلى چوڭراق. شۇڭا مۇكاپاتىمۇ چوڭراق بولۇشقا تېگىشلىك ›دېگەن بىر سادا كەلدى. ئەي ھۆكۈمدار سىنىڭ ئەھۋالىڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سىنىڭ ھەج سەپىرىڭمۇ كۆپ زىيان ـ زەخمەتلىك بىر ئىش. چۈنكى، بۇ باشقىلارغا قارىغاندا مىڭ مەرتىۋە بۈيۈك بىر پىداكارلىقتۇر».

ھىيلىگەر پەرۋانىچى تەڭرىبەردىنىڭ بۇ ئىشارەتلىك سۆزلىرىدىن پەۋقۇلئاددە تەسىرلەنگەن ئەبدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەجگە كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ كارۋىنىغا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ھاجىلار قوشۇلغاندىن كېيىن ئەرەبىستاننىڭ مۇقەددەس شەھىرىگە ئىران ئارقىلىق كېتىش ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 1091 (مىلادىيە 1680) ـ يىلىدا بۇخارادىن قوزغالدى. بۇندىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارلارغا ئوخشاشلا بۇنىڭغىمۇ ئىراندا بۈيۈك مېھمانپەرۋەرلىك كۆرسىتىلدى. ئىككىنچى ئەبباسنىڭ ئوغلى شاھ سۇلايمان ئۇنى شاھانە بىر ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلدى. ئىسپاھاندا ئۇ «چېھىل سۇتۇن» ناملىق غايەت گۈزەل بىر سارايدا مېھمان بولۇپ تۇردى.

بۇ ۋاقىتلاردا نورۇز بايرىمى بولۇپ، ئادەت بويىچە ئىراندا مەخسۇس تەنتەنىلىك مۇراسىملار ئىجرا قىلىناتتى. شۇنىڭغا بىنائەن ئۆزبېك خانىغا ئىسپاھاننىڭ باھار زىننەتلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن باغچىلىرى ۋە ئىران سارايلىرىنىڭ پۈتكۈل يۈزىنى قاپلىغان زىبۇ ـ زىننەتلىرى ئارىسىدا تەبىئەتنىڭ لاتاپىتى ۋە بۇ دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادەتلىرى بىلەن ۋىدالىششقا توغرا كەلدى. ئۇ بۇ يەردىن ھەمەدان ۋە باغداد يانلىرىدىن ئۆتۈپ، چۆل ئارقىلىق سەپەر قىلغانىدى. يولدا ئۆزلىرىگە چوڭ بىر توپ قاراقچى بەدىۋىيلەر ھۇجۇم قىلىپ، قىرىق مىڭ ئالتۇن ئاقچا تەلەپ قىلدى ۋە بېرىلمىگەن تەقدىردە قورال ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دىنىي بىر سەپەر ۋاقتىدا قولىنى قان بىلەن بۇلغاشنى خالىمىغان ئەبدۇلئەزىز ئۇلار تەلەپ قىلغاننىڭ يېرىم مىقدارىنى بېرىشكە قوشۇلدى. لېكىن، بەدىۋىيلەر بۇنىڭغا رازى بولمىغانلىقتىن، ئەبدۇلئەزىز بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ : «مەن قىرىق يىل سەلتەنەت سۈردۈم ! ئەمدى يول توسار قاراقچىلار ماڭا بۇيرۇق بېرىشكە جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ ! قورالنى ئىشقا سېلىڭلار ! ئەگەر مەن بۇ يولدا ئۆلسەم، خۇدا يولىدا شېھىت بولغان بولىمەن» دەپ ۋارقىرىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇرۇش بۇ ھاجى ھۆكۈمدارنىڭ غەلىبىسى بىلەن نەتىجىلەندى. كېيىن ئۇ ساق ـ سالامەت ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشىپ،

www.uyghurweb.net

ئۇزۇن ئۆتمەستىن يەتمىش تۆت يېشىدا ۋاپات بولدى. مەدىنىدە ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە ھامىمىسىنىڭ ئوغلى يېنىدا دەپنە قىلىندى.

ئەبدۇلئەزىزنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدىغان بولساق، ئۇ پەۋقۇلئاددە سېمىز بولۇپ، ھەتتاكى ئۇنى زامانىسىنىڭ ئەڭ يوغان كىشىسى دېيىشكە بولاتتى. تارىخچىلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ ئىچىدە تۆت ياشلىق كىچىك بالىنى بىمالال ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن ئىدى. بىر شائىر ئۇنىڭ بۇ سېمىزلىكى ھەققىدە بىر ئاز ھەزىل قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىكەن. ئۇنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئەبدۇلئەزىز ئۇ شائىرنى ھوزۇرىغا چاقىرتقان. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن خەۋپسىرەپ تىترىگەن ھالدا ئەبدۇلئەزىزنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن. ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا : «ھە موللام، مەن توغرىسىدا ھاقارەت ئارىلاش شېئىر يازغانلىقىڭىزنى ئىشىتتىم. باشقىلار ھەققىدە بۇنداق قىلماڭ، بولمىسا ئۆزىڭىز ئۈچۈن سەت بولىدۇ» دېگەن. ئاندىن ئەبدۇلئەزىز ئۇنىڭغا ئون مىڭ دىنار ئاقچا ھەم بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك بېرىشكە پەرمان قىلغان. شائىر بۇنىڭغا جاۋابەن : «ئەي ھۆكۈمدار، ئالىي جانابلىقىڭ بىلەن مېنى بۇ قەدەر ھاقارەت قىلغۇچە، گەۋدەمنى ئون مىڭ پارچىغا ئايرىپ پارچىلاپ تاشلاشقا ئەمر قىلغان بولساڭ، ياخشىراق بولغان بولاتتى» دېگەن ھەم دەرھال بۇخارادىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەن.

ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا نىسبەتەن شۇ دەرىجىدە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغان ئەبدۇلئەزىز باشقا كۆپ تەرەپلەردە ئالىيجانابلىقلار كۆرسەتكەن. ئۇ خېلى دەرىجىدە مەلۇمات ئىگىسى بولۇپ، چىرايلىققىنا شېئىرلارنى يازاتتى. ھەتتا ھەج سەپىرى ۋاقتىدىمۇ غايەت گۈزەل بىرنەچچە ئىلاھىينامىلەرنى ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ مەشھۇر بۇخارىينىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۆلىمالار ھەرۋاقىت ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئۆزلۈمەي كىرىپ تۇراتتى. ئۇ خەتتاتلارنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. مەسىلەن، مەشھۇر خەتتات موللا ھاجى شائىر ھافىز شىرازىنىڭ پەقەت بىر نۇسخا دىۋانىنى كۆچۈرۈپ يېزىش بىلەن يەتتە يىل شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى پەقەتلا ئىككى مىسرا شېئىر يازاتتى.

ئەبدۇلئەزىز ئىران ئارقىلىق سەپەر قىلغاندا ھافىز دىۋانىنىڭ بۇ نۇسخىسىنى ھەدىيە سۈپىتىدە شاھ سۇلايمانغا بەرگەنىدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ بۇ سابىق ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن قىممەتلىك ماتالىرى ۋە باشقا ئەزىز نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئارتۇقراق بۇ ھەدىيە شاھ سۇلايماننىڭ مەمنۇنىيىتىگە سەۋەب بولدى. جەڭ پەيتىدە جاسارەتلىك، ھالاكەت ۋاقتىدا چىدام ـ غەيرەتلىك بولغان ئەبدۇلئەزىز كۆپىنچە ھالدا كۈن بويى تاشقى دۇنيانىڭ تەسىراتىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. كۆپ كىشىلەر بۇنى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە تەپەككۇرغا تولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇخارا خانلىرى شەخسەن ئۆزلىرى قانلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقىدىن ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سائەت ـ سائەتلەپ ئۆلىما ۋە ئەزىزلەر سۆھبىتىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، تەڭرى قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى، دۇنياۋى ئارزۇ ۋە مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ۋە مەنىسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشنى لازىم كۆرەتتى.

## سۇبھانقۇلىخان ۋە ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرلىششى

ھىجرىيە 1091 ـ 1150 (مىلادىيە 1680 ـ 1737) ـ يىللار

ئامۇ دەريا بويىدىكى كىچىككىنە بىر مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، ئىنتايىن خۇنۇك بىر مەنزىرە بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىغا ھەممىدە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر ئورنىغا ئۆزئارا نىزالار، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قانلىق جەڭلەرگە ئوخشاش ئىچكى بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ كۆرۈلگەنلىكىگە ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. چۈنكى، تېمۇرىيلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگىنىدىن بېرى، بىز ئەمدى ئىككى ئەسىرنى ئارقىغا قالدۇرۇپ كەتتۇق.

قېرىندىشى ھىجاز (مەككە)غا سەپەر قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1091 (مىلادىيە 1680) ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇخارا تەختىنى ئىشغال قىلغان سۇبھانقۇلىخان ئۆزى قېرىندىشىغا قارشى قانداق پاراكەندىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا يەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا، يەنى بەزىدە غەربتىكى تىنچسىز قەۋملەرگە قارشى، بەزىدە شەخسەن ئۆز قول ئاستىدىكى نائىپلىرىغا قارشى ۋە بەزىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىشنىڭ باشلىنىشى ئادەتتىكى بويىچە بەلختىن چىقتى. سۇبھانقۇلى ئۇ يەرگە ئۆز ئوغلى ئىسكەندەرخاننى نائىپ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇ مەنسەپتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرالمىدى. چۈنكى، قېرىندىشى ئەبۇلمەنسۇر ئۆز ئەتراپىغا كۈچلۈك بىر گۇرۇھنى توپلاپ، ئىسكەندەرخاننى زەھەر ۋاستىسى بىلەن يوقاتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىشغال قىلدى. سۇبھانقۇلى بۇ قەھرىلىك ۋە قاتىل ئوغلىنىڭ ھەرىكىتىدىن نارازى بولدى. شۇڭا كىچىك ئوغلى ئەبدۇللانى بەلخ نائىپى قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلاردا كۈچلۈك قورالغا تايانمىغاندا ھۆكۈمدارنىڭ سۆزىگە كىم ئەھمىيەت بېرەتتى ؟ بەلخلىقلار قان بەدىلىگە بولسىمۇ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. ئەبۇلمەنسۇر بەلخ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز قولىغا ئالدى. لېكىن، ھاكىمىيەت بېشىدا پەقەت تۆت ئايلا تۇرالىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز قېرىندىشى

ئەبدۇللانىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى قەتلى قىلدۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى بولسا ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى سۇيىقەست ھازىرلىشىغا سەۋەب بولدى. ئاخىر بىر كۈنى ھاممىسىنىڭ يېنىغا كەتكەن ۋاقتىتا ئۆزىنى ئۆلتۈردى.

ئۇنىڭ ئورنىدا سۇبھانقۇلىنىڭ سىددىقمۇھەممەدخان ئاتلىق ئوغلى نائىب بولدى. بۇمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نائىپقا يېتىدىغان دەرىجىدە بىر بۇزغۇنچى ئىدى. بىر تەرەپتىن قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاتىللىرىنىڭ تېرىلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويدۇردى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسىنى كەستۈردى. ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆز ئاتىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ھەتتا خىۋەدىن ئانۇشاخان ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدىمۇ ئاتىسىغا ياردەم قىلمىدى. سۇبھانقۇلىخان ھالاكەتلىك تەھدىتنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئوغلى سىددىقمۇھەممەدخاننى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلىقى ئۈچۈن، جاۋابكارلىققا تارتماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى يامانلىق قەستى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، بۇ پىكرىدىن ياندى ۋە ئۇنى قورال كۈچى بىلەن ئەدەبلەشكە تېگىشلىك دەپ قاراپ، ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سىددىقمۇھەممەدخان ئاتىسىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىپ بەلخكە بېكىندى. سۇبھانقۇلى كېيىن يەنە ئاتىلىق شەپقىتىنى كۆرسىتىپ، بىردىنبىر جەبىر ـ زۇلۇم تەدبىرلىرىگە كىرىشمىدى. ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ تۈزكورلۇقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىپلىدى ۋە ئەگەر ئىتائەت بايانقىلىپ ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدىغان بولسا، ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ھەرىكەت ياخشى بىر نەتىجە بەردى. سىددىقمۇھەممەد خاتالىقلىرىغا پۈتۈنلەي پۇشايمان قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە تىزلا، يەنى ھىجرىيە 1096 (مىلادىيە 1684) ـ يىلى ۋاپات بولدى.

سۇبھانقۇلى ئەھمىيەتلىك مەنسەپلەرنىڭ ئۆز باللىرىغا بېرىلىشى نەقەدەر خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ھېس قىلغاندىن كېيىن، بەلخنىڭ نائىپلىقىنى ئۆز مۆتىۋەرلىرىدىن خادىمبەي ئاتالىق قا ۋە ھىجرىيە 1099 (مىلادىيە 1687) ـ يىلىدا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قوڭرات قەبىلىسىدىن مەھمۇدبەي ئاتالىققا تاپشۇردى. بۇ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ساداقەتمەن ۋە لاياقەتلىك بولۇپ، مەقسەتكە تېخىمۇ مۇۋاپىقراق ئىدى. چۈنكى بۇنىڭ تەيىنلىنىش سەۋەبى بىلەن، ئۆزبېكلەرمۇ ئەتراپتىكى تۈركمەنلەرمۇ ئۇزۇن مۇددەت تىنچلاندى. ئاشلاشلارغا قارىغاندا بۇ ۋاقىتلاردا بەلختە مەمۇرچىلىق ھاسىل بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ زاماندىكى پاراۋانلىق ۋە بايلىقنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىر ئېشەك يۈكى غەلىنىڭ (ئاشلىقنىڭ) قىرىق تەڭگە (بىر ئېنگلىز ئالتۇنى) بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. كۆكتات ۋە باشقا ئوزۇقلارنى

www.uyghurweb.net

پۈتۈنلەي بىكارغا بەرگەن ئىكەن. مەھمۇدبەيگە ئوخشاش ساداقەتلىك مەمۇرلار بولسىمۇ، ئۆزبېك قەبىلىلىرىنىڭ تويلاڭچى سەركەردىلىرى ئۇلارغا نىسبەتەن قىياس قوبۇل ئەتمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، تاشقى دۈشمەننىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ھەۋەسلىرىنى مەملىكەتنىڭ ئىچىدە تەسكىن تاپقۇزۇپ، بەزىدە ئۆز ئارا جەڭ قىلاتتى. بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا قارشى تويلاڭ چىقىراتتى. خۇسۇسەن، بۇلار ئارىسىدا بايات قارا ئىسىملىك بىرى داڭ چىقاردى. بايات ئىسىملىك ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ خانى بولغان بۇ كىشى تاغلىق ھىسار ئۆلكىسىدە تۇردى ۋە تويلاڭنى يەتتە يىل داۋام ئەتتۈردى. مەھمۇدبەي بۇنىڭغا قارشى سەھرادا بىرنەچچە نۆۋەت ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، تۇرۇۋاتقان ئورنى مۇستەھكەم بولغان نايمان قەلئەسىدىن ئۇنى يوق قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلىپ ئەھدىنامىلەر تۈزۈشكە توغرا كەلدى. پۈتۈنلەي ئاجىز قالغان ۋاقىتلاردا بايات قارا كېيىنكە ئورۇنۇپ بويىنىغا ئوق بىلەن قىلىچ ئېسىپ، يەنى توۋا قىلغان قىياپەتتە كېلىپ ۋەدىلەر قىلاتتى. لېكىن ھېچ ۋاقىت بۇ ۋەدىسىنى ئىجرا قىلماي، ئەكسىچە شۇ بېرىلگەن مۇددەتنى يېڭىدىن كۈچ يىغىپ، تويلاڭ چىقىرىشقا سەرپ قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزى ھالاك بولۇپ، كېسىلگەن بېشى بۇخاراغا ئەۋەتىلگەنگە قەدەر ئۇنى سەككىز قېتىم قىستاشقا توغرا كەلدى. ئوڭ تەرەپ ئەندىخۇيدا ياشىغۇچى «مىڭ» ناملىق ئۆزبېك قەبىلىلىرى بىلەن بەلخ ئەتراپىدا ياشىغۇچى قىپچاقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارمۇ خېلى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلدى. خۇسۇسەن بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئايرىم بىر پالاكەتلىك تەرىپى بار. چۈنكى بۇ ئىچكى پىتنە ــ پاساتلاردىن پايدىلىنىپ بۇخارانىڭ غەرب قوشنىسى بولغان خىۋە ئۆزىنىڭ بۇلان ــ تالان قىلىش خاراكتېردىكى تاجاۋۇزلىرىنى تەكرار داۋام قىلىشقا كۆپ مۇمكىنلىك بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەبۇلغازىنىڭ جەڭگىۋار ئوغلى ئانۇشاخان تاكى ئەبدۇل ئەزىز زامانىدىمۇ ئۆزىنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇخاراغا قەدەر كېڭەيتكەن. لېكىن چوڭ بىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغانىدى. سۇبھانقۇلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزلىرىنى يەنە تەكرارلاشقا باشلىدى ھەم ھىجرىيە 1095 (مىلادىيە 1683) ــ يىلىدا ھەتتا بىردىنبىر شەھەر بولغان سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا سۇبھانقۇلى زور مۈشكۈلات ئىچىدە قالدى. چۈنكى ئۆرگەنچ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى مەغرۇر خانلىرى ئۇنىڭغا ياردەم كۆرسەتمەس ئىدى. يالغۇز بىرلا مەھمۇدبەي خاس ساداقەت بىلەن، ئۆز ھۆكۈمدارىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا ئاتلاندى ۋە غىجدىۋان يېنىدىكى بىر ئۇرۇشتا ئانۇشاخاننى پۈتۈنلەي مەغلۇب ۋە پاراكەندە قىلىپ، ھەتتا خارەزمگە قەدەر قوغلىدى. لېكىن بۇ ھال يەنە بىر يىلى سۇبھانقۇلىنىڭ بەلختە بولغان مەزگىلىدە تىنچسىز ئانۇشاخاننىڭ يېڭىدىن بۇخاراغا

ھۇجۇم قىلىشقا تۇسالغۇ بولالمىدى. ئۇ بۇ قېتىمدىمۇ زىيان تارتىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغىنىدىن كېيىن، قايتقان ۋاقتىدا يولدا شەخسەن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. ئۆرگەنچلىكلەر ئاق كىگىز ئۈستىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرناق نى كۆتۈردى.

سۇبھانقۇلى باشتا ئاگا سىلىق مۇئامىلە قىلدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە ئالدى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماستىن ئەرناق تېزدىن ئاتىسىنىڭ يولىغا چۈشۈپ بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلدى. ھەتتا بىر قېتىم، يەنى ھىجرىيە 1098 (مىلادىيە 1686) – يىلىدا پايتەختىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قەدەر كەلدى. بۇنىڭغا قاراپ بۇ پالاكەتنى يوقۇتۇشنى توگىتىش لازىم كۆرۈلگەنلىكتىن، مەھمۇدبەي خېلى كۆپ ئەسكەر توپلاپ ئۆزى خارەزم ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. ئەرناقنىڭ ئەسكىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن مۆتىۋەرلەر ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. ئەرناقخان ئۆزى زەھەر ۋاستىسى بىلەن بۇ دۇنيادىن يوق ئېتىلدى ۋە خىۋە يېڭىدىن بۇخارانىڭ ئالىي ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىندى. لېكىن، بۇ ئەھۋال ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلالمىدى. شۇ قەدەر سىياسىي پالاكەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھالاكىتىنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھالەتتىمۇ، بۇخارا شۇ ۋاقىتىدىكى سۈننىي مەزھىپىدىكى ئىسلام خانلىرىنىڭ ئېتىبار ۋە ئېھتىراملىرىنى ئۆزىگە شۇ دەرىجىدە جەلپ ئېتەر ئىدى ۋە بۇخارانىڭ ئۆتكەنكى داغدۇغىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى شۇ دەرىجىدە قاماشتۇرار ئىدىكى، ئۇلار ئۇنىڭ ھازىرقى ئاجىز ۋە زەئىپلىكىنى كۆرۈشنى ئەسلا ئىستىمەيتتى. مەسىلەن : سۇبھانقۇلىنىڭ ھۇزۇرىغا يىراق يەرلەردىكى خوتەندىن، قەشقەردىن، قىرىمدىن، ھەتتاكى ھىندىستاندىن مەخسۇس ھەيئەتلەر كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھىندىستاندىن ئۇنىڭغا مەغرۇر ئەۋرەڭزىب ھىجرىيە 1096 (مىلادىيە 1684) –يىلىدا بىر نەچچە پىللار ۋە باشقا ھەدىيەلەر بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن زەبەردەست خاننى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقستى : ئىران شىئەلىرىگە قارشى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مەغرۇر ھىندى ئىمپىراتۇرى ئۇ ۋاقتتا سۇلايمان تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئاۋغان قەبىلىلىرىنىڭ دائىمىي سۈرەتتە ئىسيان قىلىپ تۇرۇۋشلىرىنى ئىراننىڭ قول تىقىشى بىلەن بولغان دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن ئۇ ۋاقىتتىكى ئىران ھۆكۈمرانى ئەبباس نىڭ ئوغلى شاھ سۇلايمان بىلەن ئوچۇقتىن ئوچۇق تۇتۇشۇشنى ئىستىمەيتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى خۇراسان ئۈستىگە ئۆزبېكلەرنى ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېڭى پىكرىگە چۈشتى. ئۆزبېكلەرنىڭ خۇراسان ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشى بولسا قەدىمدىن بېرى ئىران ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئاپەت ھېسابىدا ئىدى. بۇخارادىن سۇبھانقۇلى تەرىپىدىن (ئوسمانلى تارىخچىلىرى يازغىنىدەك مۇھەممەد بەھادىر تەرىپىدىن ئەمەس) تۈركىيىگە ئەۋەتىلگەن تەبرىككە جاۋابەن ئوسمانلى

ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد تەرىپىدىن مۇستاپا چاۋۇش ناملىق بىرەيلەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىستانبۇلدىن سۇبھانقۇلغا ئىككىنچى بىر ھەيئەتنىڭ ئەۋەتىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ھىجرىيە 1102 (مىلادىيە 1690) ـ يىلىدا ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن بۇ ئەلچىلەر ھەيئىتى ئۆزى بىلەن بىللە بىر سىياسىي مەكتۇپنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەكتۇپ بابىئالى مەمۇرلىرىنىڭ نەقەدەر ماختانچاقلارچە ۋە رىياكارلارچە سۆزلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان ئەھمەد ئۇ ۋاقىتلاردا ماجارىستاندا، لوھىستاندا، دالماتسىيىدە، سۇرىيىدە، ئاق دېڭىزدا، دېمەك ھەممە يەردە خېلى بىر مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچار بولغان ئىدى. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئامۇ دەريا بويىدىكى تاجدار قېرىندىشىغا ئۆزىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، قارا كۇپپار ئۈستىدىن قازانغان شانلىق غەلىبىلىرى ئۈستىدە خەۋەر بېرىپ، ئۇنى ياردەمگە دەۋەت قىلىدۇ. بۇلارنى ئوقۇغاندا ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ ئەقلىگە : بابىئالىنىڭ باش كاتىپى پەرىدۇن بەگنىڭ «مۇنشىئاتۇس ــ سەلاتىن» دېگەن مەجمۇئەسىدىن سۇلتان پاتىھ مۇھەممەد ياكى سۇلتان سەلىم دەۋرىگە ئائىت مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆچۈرۈپ سۇبھانقۇلغا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن گۇمان كېلىدۇ.

«تارىخى مۇقىم خانىي»دا ئەسلى ئوسمانلىيچە بېرىلگەن دىققەتكە سازاۋەر بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

«بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم. سەلتەنەت ۋە سائادەت تەختىنىڭ ۋارىسى، تىنچلىق ۋە ئەمىنىيەتنىڭ ھامىيسى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىپتىخارى سەيىدسۇبھانقۇلخانغا، سىزنى ئەبەدىي دوستلۇق ئىتتىپاقلىقىقا تولغان چەكسىز سالاملار بىلەن تەبرىكلەيمىز ھەم سۆلھى ۋە مۇھەببەت بىلەن تولۇپ ـ تاشقان قەلبىمىزدىن ساڭا ھەددى ـ ھېسابسىز بەخت سائادەت تىلەيمىز. سىزنىڭ سەممىي دوستلۇق ھېسسىياتى بىلەن سورالغان ۋە قىممەتلىك ئىپارنىڭ خۇش ـ پۇرىقى تارقىلىپ تۇرغان مەكتۇبىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقىتتا ۋە ئەڭ خەيرلىك سائەتتە بىزگە يەتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئاستىدىن چىقىپ، بىزنىڭ مۇبارەك نەزىرىمىزگە يەتكەندىن بېرى، ئۇنىڭ خۇش مەزمۇنىدىن بىزنىڭ ئەقلىمىزگە سىزنىڭ ئاجايىپ ۋاپادارلىق ۋە ساداقەت بىلەن تولغان ئېھتىرامىڭ ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەم ۋەقەلەر مەلۇم ۋە روشەن بولدى.

ئەمدى ئوچۇق پەمىڭگە ۋە مۇبارەك ئەقلىڭگە مەلۇم بولسۇنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىلىرى مەڭگۈلۈك ئەلا ۋە ئەبەدىي باقىي بولغان بۈيۈك ئەجدادلىرىمىز ۋە شادلىق بېغىشلىغۇچى روھلىرى ئالىي جەننەتلەردە ئارام ئېلىۋاتقان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز زامانىدىن باشلاپ تاكى ھازىرقى بەختىيار ۋە سائادەتلىك سائەتلەرگە قەدەر پايدىلىق بولغان

www.uyghurweb.net

مۇقەددەس جاھات يولىدا تىرىشچانلىقنى داۋام ئەتمەكتىمىز. خۇسۇسەن، كۇپپا پەرەڭلەرنىڭ ۋە بەدبەخ مۇئتەزىلە قىزىل باشلارنىڭ يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تۆگىتىلىشى تەڭرى ھوزۇرىدا ئەجرى ئەڭ زىيادە ۋە مەقبۇل بىر ئىش دەپ تونۇيمىز. ھەر نەرسە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ۋاقتى بار دېگەن ماقالىغا بىنائەن بۇ ئىش بەزىبىر توسالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىن كېيىنگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز ئالدى بىلەن كۇپپا پەرەڭلەرنى يوقىتىشنى مەقسەتكە مۇۋاپىقراق دەپ قارىدۇق. ئاندىن كېيىن پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئاراملىق بىلەن بەدبەخ قىزىل باشلار ئۈستىگە بىراقلا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئەمدى يۇقىرىدىكى زىكرى قىلىنغان كۇپپا پەرەڭلەر بىلەن بولغان جەڭلىرىمىزگە كەلسەك، بۇخار، زەبۇن گۇرۇھنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئىمكانىيەتىنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى شىددەتلىك جەڭلەر بولۇپ، تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىز بۇ جەڭلەردە غەلىبە قازاندۇق. كۇپپار ھۆكۈمدارلىرىدىن ۋە رەئىسلىرىدىن بىر گۇرۇھلىرى ئەسىر ئېلىندى ۋە باشقىلىرى ئەتراپلارغا تارقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەرەڭ رەئىسى تېزدىن سۈيقەست پىلانلاپ نۇرغۇن ئەسكەر توپلىدى. ئۇرخان ۋىلايىتىدىن تاجاۋۇز بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ مۇداپىئە قىلىۋاتقان مال ـ مۈلكىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار كۆپ جەبىر ـ جاپا كۆرسەتكەنلىكى ئۇچۇن بىزمۇ ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ ئۇلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدۇق. بىزنىڭ ھېسابسىز كۆپ ئەسكىرىمىزگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز قالغان پەرەڭلەر دەھشەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ يەردىن بىزگە ئۆزلىرىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىنى يوللاپ، بۇندىن كېيىن دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا ۋەدە بەردى. قۇلىقىغا قۇللۇق ھالقىلىرىنى سېلىپ، بۇندىن كېيىن ئىتائەت دائىرىسى ئىچىدىن چىقماي پەرمانغا بويسۇنۇپ تۇرۇشنى بىلدۈردى ۋە شۇندىن بېرى ساداقەت ۋە ئىتائەت بىلەن ياشىماقتا.

بۇندىن باشقا يەنە ئەسكىرىنىڭ كۆپلىكىگە مەغرۇر بولۇپ ھايۋان تەبىئەتلىك ئىككىنچى بىر پەرەڭ تەبىقسىنىڭ قوشۇنلىرى مەملىكىتىمىزگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى، بۇلارغىمۇ قارشى دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىلدى. لېكىن، ئۇلار بېرىپ بولغۇچە چېگرادىكى ئاھالىلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى جەڭ باشلاپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئۇلارنىڭ بىر توپ مۆتىۋەرلىرىنى ئەسىر ئېلىپتۇ. بايراقلىرىنى، ھەربىي مۇزىكا ئەسلىھەلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. پەقەت بىرنەچچە مۆتىۋەرلىرىلا تەرتىپسىز ھالەتتە قېچىپ قۇتۇلۇشقا ۋە ئۆز مەملىكەتلىرىگە بېرىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر چېگرادىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، كۇپپارلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنلىرىگە قەدەر كىرىپ قوغلىدى. كۆپىنچىسى تالاپەت يەپ يوقىتىلدى. پەقەت ئاز قىسمىلىرىلا پۈتۈن مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالىدى. ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكىسى

www.uyghurweb.net

بىلەن پۈتۈن جاھانغا مەلۇم بولغان كۆپلىگەن قەلئەلەر ۋە نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈكلەر تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسانلا قولىمىزغا چۈشتى.

بۇ تەرەپتىكى كۇپپارلاردىن كۆڭلىمىز تىنچلانغاندىن كېيىن، بەخت ـ تەلەي يۇلتۇزىمىزنىڭ پارلاقلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بۇنىڭ شۈكرانىسىنى پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان تەڭرىگە بايان قىلىش، ئاندىن پۈتۈن كۈچ ۋە قۇۋۋىتىمىز بىلەن دىنسىز قىزىل باشلارنى يوقىتىشقا كىرىشكەيمىز. شۇڭا تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە ۋە ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ شاپائىتىگە يۆلىنىپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ غالىپ ئەسكەرلىرىمىزنى شۇلارنىڭ قەلئەلىرىگە ۋە سارايلىرىغا قارشى بۈيۈك جەڭگە ئەۋەتىش نىيىتىدىمىز. چېگرادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا بۇ ھەقتە سىزنى مەكتۇپ بىلەن خەۋەردار قىلىمىز. سەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھىسەن. سىنىڭ مەزكۇر ھۆكۈمىتىڭ قەدىمدىن بېرى شۇ قەدەر كۆپ بۈيۈك ئۆلىما، دىيانەتپەرۋەرلەر ۋە شەيخلەر ماكانى بولۇش بىلەن مەشھۇردۇر. شۇڭا تەڭرى ھۆكمىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشى ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ياردەم بېرىش سىنىڭ بۇرچۇڭ بولسا كېرەك. مەنمۇ غالىپ ئەسكەرلىرىم بىلەن بىرلىشىپ، ئاشۇ بەدقىلىق دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ۋە گۈزەل ئىراق ۋادىلىرىنى ئۇلارنىڭ نىجاسەت ۋە شانائەتلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆزبېكلىرىڭگە پەرمان بېرىشكە تېگىشلىكسەن. باشقا ئىشلار توغرىلىق يېزىپ ساڭا مالاللىق يەتكۈزۈشنى ئىستىمەيمىز. چۈنكى، بۇ مەكتۇپ پەقەتلا ساڭا دىنىي جەھەتتە ئۆزۈڭنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپەڭنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىر پۇرسەت كۆرسىتىپ بېرىش مەقستى بىلەنلا يېزىلدى».

ھەر ھالدا بىر دىيانەتپەرۋەر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇبھانقۇلىنىڭ خەلىپىگە چەكسىز ئېھتىرامى بولسىمۇ، قەيسەرى رۇمنىڭ (يىراق ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تۈركىيە سۇلتانلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان دەبدەبىلىك مەكتۇبىغا جاۋابەن ئۇ ئۆزىنىڭ بىھساپ ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئەۋەتەلمىدى. خۇسۇسەن سۇبھانقۇلى غەۋغا ۋە جاڭجاللاردىن لەززەت ئالغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى. سۇبھانقۇلىنىڭ نائىپلىرى (ۋاسساللىرى) ھېچ توختاۋسىز پىتنە ـ پاسات چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى ئۇنىڭ مەھمۇدبەي ھەققىدىكى گەرچە ھەقلىق بولسىمۇ، چەكسىز ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىكى ئىدى. بۇ ئىسيان ۋە پىتنە ـ پاساتلار ۋاقتىدا ئادەتتە سۇبھانقۇلى ئەڭ ئاخىرقى مەجبۇرىيەت ۋە زۆرۈرىيەت كۆرۈلگەندىلا، كۈچ ۋە قۇرال ئىشلىتىشكە يۈزلىنەتتى.

بەلختىكى ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇقىمخاننى نائىپ قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىلدى. بۇنىڭغا ئۇ : «ئوغلۇمنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقتىن، مەشغۇلىيەت جەھەتتىن تېخى مەملىكەتنى ئىدارە

قىلىشقا شەرت ـ شارائىتى تولۇق ئەمەس» دەپ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ياردەمچى تەيىنلەش شەرتى بىلەن رازىلىق بەردى.

سۇبھانقۇلى ئۆزى ئىلىم سۆيەر كىشى ئىدى. ھەتتا ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن دەرس ئېلىشتىن تارتىنمىدى. «نىشانىي» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ناھايىتى يېقىملىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرلارنى يازاتتى. دۇنياۋى بىلىملەر ئىچىدە ئۇ تېبابەت ئىلمىگە بەكرەك قىزىققاندى. ئۇنىڭ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىر تېبابەت كىتابى بۇنىڭغا ئۇچۇق دەلىلدۇر. مەن بۇ كىتابنىڭ گۈزەل بىر قولىيازما نۇسخىسىنى ھىراتتا ئۆزۈمگە ئاتاپ سېتىۋېلىش بىلەن بەختىيار بولدۇم. بۇ كىتابنىڭ قىسقا بىر مۇقەددىمىسىدە ئىلىم ـ مەرىپەت سۆيگۈچى بۇ خان مۇنداق دەيدۇ :

«شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەردۇركى، ئىلگىرىكى تېبابەت ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئەسەرلەر قالدۇرغان. ئەمما تۈركىي تىلدا يېزىلغان تېبابەت كىتابى بولسا ھازىرغا قەدەر ماڭا ئۇچرىمىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەن خارۇزار بەندە سەيد مۇھەممەد سۇبھانقۇلىخان ئىبنى سەيد نەدىر مۇھەممەدخان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ كىتابنى يازدىم. ھە رتۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈچۈن بۇ كىتابتا داۋالار كۆرسىتىلدى. كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلانسا ئەجەب ئەمەس . ئۆز تەۋەلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشقان بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن بۇ ھەققەتەن گۈزەل بىر نەمۇنە. سۇبھانقۇلى قېرىغان مەزگىللىرىگىچە، يەنى 80 يېشىغىچە سالامەت تۇردى. ئاخىر قىسقا بىر مۇددەت كېسەل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغاچقا مۆتىۋەر كىشىلىرىنى يېنىغا توپلىدى ۋە شىكايەت قىلماستىن خۇدانىڭ تەقدىرىگە بوي سۇنۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆزىنىڭ كۆپتىن بېرى ۋەلى ئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەن سۆيۈملۈك ئوغلى مۇقىمخان بىلەن ۋىدالىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئورنىغا نائىپ قىلىپ چوڭ قېرىندىشى ئۇبەيدۇللانى تەيىنلىگەندىن كېيىن، ھىجرىيە 1114 (مىلادىيە 1702) ـ يىلى رەبىيۇلئاخىرنىڭ باشلىرىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھەممە ھۆكۈمرانلىقى 55 يىل داۋام قىلغان بولۇپ، 31 يىل بەلختە، 24 يىل بۇخارادا ئۆتتى. بەزىدە كۈچلۈك نائىپ سۈپىتى بىلەن، بەزىدە مۇستەقىل ھۆكۈمدار بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلدى.

تەختكە ئىز باسار تەيىنلەش مەسىلىسىدە سۇبھانقۇلىنىڭ كېيىنكى پەرمانى يۇقىرىدىكىدەك رەۋىشتە بولغانلىقىنى بىز «تارىخى مۇقىم خانىي»دىن ئېلىپ يازدۇق. بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ ياكى ئاپتورلار ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ يازدىمۇ، بۇ تەرىپى بىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي قاراڭغۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، ئاتىلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا دەرھال ئۇرۇش باشلاندى ۋە بىر نەچچە يىللار داۋام

www.uyghurweb.net

قىلدى. ۋاپات خەۋىرى بەلخكە يېتىش بىلەنلا مۇقىمخان ئۆزىنىڭ قىرىندىشىغا ئالدى بىلەن تەزىيەنامە ئەۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇش بىلەن تەبرىكلىدى.

قېرىندىشىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى سەممىي ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۇبەيدۇللاخان ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ھەيئىتىنى سوغۇق قوبۇل قىلدى. شۇندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئىككى قىسمى، يەنى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى بىلەن بېرىقى تەرىپى ئارىسىدا دەرھال ئۇرۇش باشلاندى. مۇقىمخان تەرىپىدىن يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەھمۇدبەي ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇبەيدۇللا ئۆز ئارزۇسىنىڭ مۇداپىئەسىنى مانغىت قەبىلىسىنىڭ رەئىسى رەھىمبەي ئاتالىققا تاپشۇردى. ئەسلىدە بۇ جەڭ تەخت ئۈچۈن ئىككى قېرىندىشىنىڭ غەۋغاسىدىن بەكرەك بىر – بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى ئۆزبېك قەبىلىسىنىڭ ماجىراسىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى ھۆكۈمەت خاندانىنىڭ ئېتىبارى كۆپتىن بېرى يوقالغان ۋە خۇسۇسەن سۇبھانقۇلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شاھزادىلەر مەنسەپكە ھېرىسمەن بەگلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپلا قالغانىدى.

بەش يىلغا قەدەر داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىر ئۇبەيدۇللا غەلىبە قازاندى. ئىنتايىن نوپۇزلۇق بولغان رەھىمبەي ئاتالىق تەلەپ قىلغان مۇددەتكىچە ، يەنى تەخمىنەن ھىجرىيە 1130 (مىلادىيە 1718) – يىلغا قەدەر مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى. چۈنكى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر بولغان سىياسەت ئاستىدىن بىر يوشۇرۇن گۇرۇھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەنلىكى سېزىلىپ قالغان ھامان، ئۇبەيدۇللا ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبۇلفەيزخان ئولتۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن «مۇلايىم، ئېھتىراملىق ۋە دەرۋىش تەبىئەتلىك» دەپ سۈپەتلەنگەن بۇ خان باشقىلارغا ئەگەشكەك دائىرىدە يول قويۇش سايىسىدە ھۆكۈمدارلىق نامى بىلەن قىرىق يىلغا قەدەر ساقلىنىپ تۇردى. چۈنكى ھەقىقىي ھاكىمىيەت رەھىمبەي ھەم ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى.

ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى ئاھالىلەر بولسا، يەنى بەدەخشان ھەم بەلخ بۇ خاندانىنىڭ ئىككىنچى بىر تارمىقىنىڭ قولىغا، يەنى نەدىرمۇھەممەدخانىنىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆتتى. ئۇلار بۇ يەرلەرنى پۈتۈنلەي بىلەتتى. سۇبھانقۇلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا بۇ ئائىلىنىڭ رەئىسى سالىھ خوجا بەلخنى ئېلىش ئۈچۈن مۇقىمخان ھەم مەھمۇدبەي قاتارلىقلار بىلەن قانلىق جەڭلەرنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇلار جەڭ مەيدانىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ناھايىتى ئاسان ئېرىشتى. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئەتراپىغا توپلانغان دىنىي ئەھۋاللارنىڭ ياردىمىدە بەلخلىكلەر كۆپتىن بېرى ئۇنىڭ تەرەپدارى ئىدى. پەقەت ئەندىخۇي، مەيمەنە، لەبئاب ياكى ئەرسارى تۈركمەنلىرى ئامۇ دەريانىڭ بېرىقى تەرىپىدە بۇخارا ھاكىمىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن

داۋام قىلدۇۋاتقان پارچىلىنىش ۋە پىتنە ــ پاساتلارنى توختىتىشقا بۇنىڭ ياردىمى ناھايىتى ئاز ئىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى بولغان ھاكىمىيەتلىرىنى يىقىتىش ئۈچۈن تاشقىرىدىن كەلگەن ئەڭ يەڭگىل بىر كۈچمۇ يېتەرلىك ئىدى. ھالبۇكى، ئەينى زاماندا ئىراندىن شىددەتلىك بىر دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بولسىمۇ نادىر شاھ ئىدى .

ئاسىيانىڭ كېيىنكى جاھانگىرى بولغان بۇ زات تەختكە تولۇق ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قورالىنى بۇ تەرەپكە قاراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ۋاقىتلاردا ئىراننىڭ شەرقىدىكى ھىندىستاننىڭ ھەم شۇنداقلا ماۋەرائۇننەھرنىڭ زەئىپ ۋە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى بولسا كېرەك. نادىر ئالدى بىلەن غەربتىكى كۈچلۈك دۈشمىنى بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭدە غەلىبە قازىنىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئوسمانلىيلارنىڭ قوشۇنى گۈرجىستان ۋە ئەرەبىستاندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا،ئۇ ئۆز مەملىكىتىنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. ئۆزى قەندىھارنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتىدىلا ئوغلى رىزاقۇلى كۈچلۈك بىر توپ قوشۇن بىلەن بادغىس (بادگىس) ۋە مارچا (سابىق مەرۋىچاك) ئارقىلىق ھىجرىيە 1139 (مىلادىيە 1736) ــ يىلى ئەندىخۇي ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى گوياكى ئەندىخۇي ھاكىمى ئەلمەردانخاننى ئەدەبسىزلىكى ئۈچۈن جازالاشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ تەرەپتىكى قارا ۋە جالايىر ناملىق تۈركىي قەبىلىلەر كۆپ مائاشلارنىڭ ۋەدە قىلىنىشى نەتىجىسىدە تېزدىن ئىران قوشۇنى تەرىپىگە جەلىپ قىلىنغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەلمەردانخان مەغلۇپ بولدى ۋە ئەسىر ئېلىنىپ، نادىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلدى. ئاقچى بىلەن شىبۇرغانمۇ دۈشمەنگە ناھايىتى ئاسانلا تەسلىم قىلىندى. پەقەت يۇقىرىدا مەزكۇر بولغان خوجا سالىھنىڭ ئوغلى ئەبۇلھەسەن تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان بەلخلا بۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە جىددىي بىر قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلدى. «شەھەرلەر ئانىسى» بولغان بۇ قەدىمىي شەھەرگە كېلىدىغان يوللارغا خەندەكلەر قېزىلىپ، مۇداپىئە قىلىنغان ئىدى. لېكىن، دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىشىغا بۇلار توسقۇن بولالمىدى. رىزاقۇلى بىلەن كەلگەن كۈچلۈك توپچىلار پىرقىسى توپيا تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان قەلئەنى تېزدىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. بەلخنىڭ ئېلىنىشى ئۈچۈن نادىر پەۋقۇلئاددە مەمنۇن بولدى ھەم مۇكاپات قىلىپ ئوغلىغا 12 مىڭ ئالتۇن (دوقات)، 300 قۇر قىممەت باھا كىيىم، قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن ئىگەرلىك نەجىپ ئاتلارنى ئەۋەتتى.

بۇ مۇكاپاتلار رىزا قۇلىدا يېغىلدىن جەڭ ھەۋەسلىرىنى ئويغاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەن ھالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ تېزدىن ئۆزىمۇ ھەممە ئەسكىرى بىلەن شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئەبۇلفەيزخان بىلەن جەڭ باشلاشنى قارار قىلدى. لېكىن ئۇ بۇ نۆۋەت ئۆزىنىڭ پىكرىدە خاتالاشقان ئىدى. يۇمشاقۋاش ئاشتەرخانىي ئەبۇلفەيز بۇ قېتىم جەڭگىۋار ۋە غەيرەتلىك خىۋە خانى يولبارسخاندىن ياردەم سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باھادىر ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ قارشى شەھىرىگە كېلىدىغان يوللىرىنى كەستى. ئىرانلىقلار گەرچە قارشى شەھىرىگە يېقىن يەردىكى سالجۇق قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، شۇنىسى مەلۇمدۇركى، رىزاقۇلى بىرلەشكەن تاتار قوشۇنى تەرىپىدىن بۇ يەردە شىددەتلىك بىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىندى. شۇڭا تېخىمۇ چوڭراق پالاكەتلەرگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن نادىر ئۆزىنىڭ ئوغلى رىزاقۇلىنى چاقىرتىپ، بىر ـ بىرلەپ چېكىندۈرۈۋالدى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرىغا ۋە ئۆزبېك مۆتىۋەرلىرىگە قىلىنغان بۇ تاجاۋۇز ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ تىنچلىق ئىچىدە ياشاشنى تىلەيدىغانلىقىنى، چىڭگىز خان نەسلىنىڭ ۋە بۈيۈك تۈركمەن خانلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان مەملىكەتلىرىنى تىنچسىزلاندۇرۇش خىيالىدا بولمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مالكولم ئۆزىنىڭ «ئىران تارىخى» ناملىق كىتابىدا نادىرنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئوغلىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتقان شۆھرىتىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئاقىلانە بىر تەدبىردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇخارا ھۆكۈمدارلىرى ھەرقانچە كۈچسىز بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشلىرى جەنۇبتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان نادىرغا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق ئېھتىماللىقلارنىڭ يولىنى توسۇشنى ئىزدىدى ھەم ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى (ساختا) دوستلۇقى سايىسىدە بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇ يەردە بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يولبارس خۇراساننى بۇلاپ ـ تالىغان ھەم ئۇنىڭ ھاكىمى رىزاقۇلىغا كۆپ زىيان ـ زەخمەتلەرنى سالغان بىر زاماندا، بۇخارانىڭ رەھبەيي ئاتالىق باشلىق ئۆزبېك مەمۇرىيلىرى ئىراننىڭ ئالتۇنلىرى ھەم ۋەدىلىرى ۋاستىسى بىلەن ئاستىرتىن نادىر تەرىپىگە جەلپ قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ باشقا بىر سەۋەبىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ خىۋە بىلەن ئىتتىپاق بولۇش ئەشتەرخانىيلارنىڭ

مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ۋە شۆھرەتپەرەس مانغىت قەبىلىسىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن زىيانلىق بولغانلىقى ئىدى.

بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، ھىجرىيە 1153 (مىلادىيە 1740) ـ يىلى نادىر ئۆزىنىڭ ھىندىستان سەپىرىدىن غەلىبىلىك قايتقان چېغىدا، رەھىمبەي تەرىپىدىن ئەھۋال ئۇنىڭ پايىدىسىغا شۇ قەدەر ياخشى ھازىرلانغان ئىدىكى، ھېچ بىر قورال ئىشلەتمەستىن، ھەتتا ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىنىپ، ئامۇ دەرياغا يېقىنلاشماق ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ھېسار ۋە قارشى قاتارلىق جايلارنىڭ نائىپلىرى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەركىغىچە باردى. ئۇ بۇخارانىڭ ماھىر سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئىنتايىن نازۇك قىلىپ ئىشلەنگەن ۋە ئەتىۋارلىق تۆشەكلەر بىلەن جابدۇلغان قېيىقتا ئىران بىلەن تۇران ئارىسىدىكى قەدىمىي چېگرادا ھەرىكەت قىلدى. ساسانىيلاردىن پىروزنىڭ ماۋەرائۇننەھر سەپىرى شائىرانە بىر سۈرەتتە تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكى گۇمانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن رۇداكىي نىڭ تەبىرى بويىچە ئامۇنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قەدىقەگە ئوخشىغان يېشىل ساھىلغا بىر ھۆكۈمدار سۈپىتى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئاياغ باسقان كىشى نادىر بولدى.

بۇخارادىن تۆت مىل يىراقلىقتىكى يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ بارگاھىنى قۇردى ۋە ئەلا سۈرەتتە زىننەتلەنگەن چېدىردا ئەبۇلفەيزخاننىڭ بەيئەت قىلىشىنى كۈتتى. ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان بۇ زاتنى بەيئەت قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ھىيلىگەر رەھىمبەي ئاتالىق بۇرۇنلا بۇخاراغا ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك مۇرەككەپ بولمىدى. چۈنكى ئۇ ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئۆز تەبىرلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ساپ چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئەبۇلفەيزخاننى بۇ جاھاننىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپەككۇرغا چۆمۈپ ئولتۇرغان زاھىدلارنىڭ مەجلىسىدە ئۇچراتتى.

ھىجرىيە 1153 ـ يىل جەمادىيەلئاخىرنىڭ 19 (مىلادىيە 1740 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12) ـ كۈنىدە ئەبۇلفەيزخان بىر توپ موللىلار بىلەن بىرلىكتە بۇخارادىن چىقىپ ئىران بارگاھىغا باردى ۋە بۇرۇنلا ئۆزىگە ئاتاپ تەييارلانغان چېدىردا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى نادىرغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ بەيئەت قىلدى ۋە نادىر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بەلباغ، ئالتۇن ئېگەرلىك ئەرەب ئېتى ۋە باشقا ھەدىيىلەر بېرىلدى. نادىر ئۇنىڭغا تاجدار بىر قېرىنداشقا تۇتقان مۇئامىلىسىنى كۆرسەتتى. لېكىن، ئەبۇلفەيز ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى تەۋەلىكىنى چاھارجۇي شەھىرى بىلەن بىللە ئىرانغا تاشلاپ بېرىشكە ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكلەر ۋە تۈركمەنلەردىن ئىران ھۆكۈمىتىگە بىر ئاز ئەسكەر بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشى ۋە داۋام قىلىشى

ئۇچۇن نادىرنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى «ئالىيجاناب» بۇخارا ھۆكۈمرانىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلاندۇرۇلدى.

شۇندىن كېيىن ئىران ھۆكۈمدارى يالغۇز قالغان يولبارس بىلەن ھېسابلىشىش ئۈچۈن خارەزمگە كەتتى ۋە مەقسىتىگە يەتتى. ئاندىن قايتىش ۋاقتىدا چاھارجۇيدا بۇخارا خانى ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن تەۋەلىك ۋە ساداقەت ئىزھار قىلدى. نادىر تولۇق غەلىبە بىلەن مەشھەتكە قايتقاندىن كېيىن، بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ شۇكرانىسى سۈپىتىدە «ئىران ھامىيسى» ئىمام رىزانىڭ زىيارەتگاھىدا قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەپ بىر گۈمبەز ياساتتى. بۇ بۈيۈك گۈمبەزنىڭ يۇقىرى ئىستراھەتگاھ ئەتراپىنى ئىھاتە قىلغان ساپ كۈمۈش پار مىخلىق رىشاتكىلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئالدىنقى قاتاردىكى زىننەت بولۇپ تۇردى. تۇران ياردەمچى ئەسكەرلىرىدىن بولسا ئاخىرى ئافغانلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىران شىئىلىرىگە دەھشەتلىك زەربە بەرگەن پىرقىلەر تەشكىل قىلىندى.

نادىرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قاراتقان ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن ئىراننىڭ قازانغان مەنپەئەتلىرى شانلىق قەھرىمانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ناھايىتى تېزلا يوقالدى. ئۇ سالامەت ۋاقتىدا قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ــ توزانلار قانداق تېزلىك بىلەن يوق بولغان بولسا، ئۇنىڭ قازانغان پايدا ــ مەنپەئەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن يوق بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەبۇلفەيزخان ئۈستىگە يۈكلەنگەن خارلىق ماۋەرائۇننەھردىكى ئالىي ھاكىمىيەتكە كەسكىن بىر زەربە بەردى. چۈنكى ئۇ نادىرغا بەيئەت قىلىش ۋەقەسىدىن ئېتىبارەن كۆندىن ــ كۈنگە ئىناۋەت ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ، مەنسەپپەرەس ۋەزىرلىرىنىڭ قولىدىكى بىر قونچاقتا ئايلىنىپ قالدى. ئاخىر ئەنە شۇ ۋەزىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. رەھىمبەينىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئوغلى ۋە ۋەلى ئەھدىگىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىندى. گەرچە بۇندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىدىن ھوقۇقلۇق بىر خان قىلىپ ئاشتەرخانىيلار خانلىق دەۋاسىدىكى ئۈچىنچى بىر كىشى ئولتۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ سۇلالىگە مەنسۇپ ئاشتەرخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلار سۇلالىسى ئەبۇلفەيزخان بىلەن ئۈزۈلدى. ئامۇ دەرياسى بويىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆلكىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن بولغان ئەھمىيىتى بىلەن ئىسلام ئاسىياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاخىرقى بىر نۇرمۇ يۈز ئەللىك يىلغا قەدەر داۋام قىلغان مۇشۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا تامامەن ئۆچتى.

يۇقىرىدا سۆزلىنىپ كەلگەن مەزمۇنلاردىن كېيىن، بۇ دەۋردىكى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىمۇ سۆز ئېچىشقا ئېھتىياج بار. بۇ ۋاقىتلاردا ئوسمانلىي، ئىران، ھىندى مەملىكەتلىرى غەربىي ياۋرۇپادىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە باشقا كۈچلۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئىستانبۇل،

www.uyghurweb.net

ئىسپاھان، لاھور ھۆكۈمەت دائىرلىرى ياۋروپالىق سىياسىئونلار، مىسيونىرلار ياكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خالسۇن ــ خالمىسۇن غەربىي ياۋروپادىكى يېڭى ھايات بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان ئىدى. ھالبۇكى، كۆچمەن قەبىلىلەر ھەم مېھمانپەرۋەر بولمىغان قۇم ــ چۆللىرى بىلەن قورشىلىپ ياشىغان ماۋەرائۇننەھر بولسا ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ روھىغا تولىمۇ سادىق ۋە ئېتىقادمەن بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا دىنىي پەزىلەت خۇسۇسىدا پارلاق نەمۇنىلەرنى كۆرسىتىپ، يېڭى مەدەنىيەت بىلەن رىقابەتلىشىشكە تىرىشاتتى.

يۇقىرىدىمۇ بايان ئېتىلگىنىدەك، زەرەپشان بويىدا پەن نامىدا «قۇرئان»نى، دىنىي ئىلىملەر ۋە ئېتىقادنى تونۇيتتى. ئىنسان كامالىتىنىڭ غايىۋى ئىستەكلىرى سۆپىتىدە تەسەۋۋۇپنى تونۇيتتى. ئىنسان ئارزۇلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنياۋى مەقسەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوفىزمدا مۇجەسسەملەشكەن دەپ قارايتتى.

ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا قاراتۆپىدە، دەمەشىقتە ۋە باغدادتا بولغىنىدەك، بۇ يەردىمۇ قۇرئان ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە مائارىپقا، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل قويۇپ، بۇ ئىشلارغا ئازراق ھەۋەسنى قوشۇمچە قىلغان بولسا ئىدى، ئېھتىمال قەدىمدىن بېرى سوزۇلۇپ كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرى يەنىمۇ بىر ئاز ۋاقىتلارغىچە داۋام ئەتكەن بولار ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن تۈركىيلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق تەبىئەتلىرى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى بولغان مائارىپقا قىزىقماسلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئامۇ دەرياسى بويىدىكى تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ ئايرىم بىر مەۋقەدە بولغانلىقى توسقۇن بولدى. شۇڭا، زەرەپشان بويىدىكى خانلار ھارۇن رەشىدنىڭ ياكى ئەندولوسىيىدىكى ئەبدۇرەھمان نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پەقەتلا دىننى ھىمايە قىلىش نىيىتىنىلا ئالدى. تەۋەللىكلىرى نامازنى تەك ئەتمىسە ۋەزىپىلىرى ئادا ئېتىلگەنگە ھېساب ئىدى. ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆزلىرىنى گويا سائادەت دەۋرىدىكىدەك تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

ئاشتەرخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمدارلىرى ۋاقتىدا شەيبانىيلار دەۋرىدىن قالغان بىر نەچچە شائىرلارمۇ، نەزمىي شەكىل بىلەن تارىخ بايان ئەتكۈچىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ سۇلالىلەرنىڭ خانلىرىدىن بەزىلىرى، مەسىلەن : ئىمامقۇلى، شاھزادە قاسىممۇھەممەد سۇلتان ۋە بولۇپمۇ سۇبھانقۇلى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا ناھايىتى ياخشى ماھارىتىنى ۋە مائارىپقا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بۇلار بىرىنچىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ھەققىدىكى غەيرىتى نەتىجىسىدە چېپىلىپ، يېرىم ۋەيرانە ھالەتتە بۇگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئۆز ئىسمىدىكى قانالاردىن، ئىككىنچىسىنىڭ شائىرانە تەبىئىتى نەتىجىسىدە ئۆزىدىن كېيىن قالغان دىۋانىدىن مەلۇمدۇر. ئۈچىنچىسىنىڭ پەنگە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىدا ئۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تېبابەت كىتابى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە مەلۇم بولغان ئىدى.

لېكىن، يالغۇز بۇلارلا ئۇ دەۋرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ھېچ ۋاقىتتا بىرەر يەردە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ھۆكۈمدارنىڭ پارلاق تەختلىرىنى تاشلاپ، ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، قوللىرىغا دەرۋىش ھاسىلىرىنى ئېلىپ، ھەجگە كېتىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. ھېچ بىر ئىسلام مەملىكىتى تارىخىدا بۇنداق مىسال كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. بۇنى ئويلىغىنىمىزدا شۇ ۋاقىت شۇ زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن روھنىڭ جاھالەت، مۇتەئەسسىپلىك، رىياكارلىق ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدە دىنىي ئىلىملەرنىڭ تارقىتىلىشى، مەسچىتلەر، مەدرىسلەرگە ئوخشىغان دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ ۋاقتىدىكىگە نىسبەتەن ئازراق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ سۇلالە ۋاقتىدا ماددىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەرنىڭ تولىمۇ چېكىنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. سەيىد راقىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا، سەمەرقەند ۋە بۇخارادا ھىجرىيە 1030 (مىلادىيە 1611) ـ يىللىرىدىلا كىيىنكى ئەسرلەردىكىدەك ھەشەمەتلىك بىنالار بولغان. لېكىن، ئاسرالمغانلىقى، تەئمىر (رېمونت) قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەيرانە ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئەمما ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدىن يېڭى زامانغا قالغان بىنالار پەقەتلا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئۇلۇغبەك مەدرىسىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ھىجرىيە 1020 (مىلادىيە 1611) ـ يىلى قۇرۇلغان يالاڭتۆش مەدرىسىسى ؛ ھىجرىيە 1029 (مىلادىيە 1619) ـ يىلىدا نەدىر دىۋان  بېگى ناملىق بىر باي تەرىپىدىن بۇخارادا قۇرۇلغان بىر مەدرىسە ھەم مەسچىت ۋە پەقەت ئىككى كۆرۈنۈشخانە. بۇلارنى ھىجرىيە 1014 (مىلادىيە 1605) ـ يىلى بۇخارادا ۋە سەمەرقەندتە باقىيمۇھەممەدخان قۇردۇرغان ئىدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ تېشىدا نائىپلار تەرىپىدىن تۈرلۈك ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئەلى زىيارەتگاھى دەپ گۇمان قىلىنغان ئورۇنلاردا ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ بىرىنچىسى بەلختە بولۇپ، شۇ زاماننىڭ تارىخلىرى بۇلارنى ئالەمگە تونۇتقان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا سۈننىي مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارنىڭ مەركىزى ھېرات ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بەلخ قالدى. مەشھەدنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى موللىلىرى بىر ـ بىرىگە قاتتىق دۈشمەن بولۇپ، مەرھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى بۇ يەرگە ئەۋەتىشەتتى. ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بۇ قېتىممۇ تەشەببۇسكارلىق ئىران تەرەپتىن بولدى. گەرچە مۇقىمخان زامانىدا بەلخ ئالىمى مەۋلانا ئەمرۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سۈننىلەرنىڭ جاۋابى ياخشى ۋە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە دەپ قارالغان بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار بۇ ئىككى مەزھەپ ئارىسىدىكى قەدىمدىن بېرى سوزۇلۇپ كەلگەن ئايرىملىقنى تۈگىتەلمىدى. سۈلھىگە مۇھتاج بولغان ئىران مەسىلىسىنى قەلەم ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما غەنىمەت ۋە ئەسىر ئېلىشنى

ئىستەيدىغان سۈننى مەزھىپىدىكى ئۆزبېكلەر قورال كۈچى بىلەن جاۋاب بېرىشنى ئەلاراق كۆرەتتى. ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئالىي ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر ئۈچۈن قۇربان قىلىنغانلىقىغا بۇ پەقەتلا بىرىنچى مىسالمىدۇ ؟ !...

## مانغىت خانىدانلىقى ۋە ئەمىر مەئسۇم

هىجرىيە 1199 ـ 1242 (مىلادىيە 1784 ـ 1826) ـ يىللار

ئاسىيادىكى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى ئەھۋالى ھەققىدە كۆپرەك ۋە دۇرۇسراق مەلۇمات ئېلىنغان ھالدا ماۋەرائۇننەھر ھەققىدە بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال كۆرۈلمەكتە. ئۇ يەردىكى مەۋھۇم ئەھۋاللارنى ئوراپ تۇرغان تۇمان ھازىرقى زامانغا يېقىنلاشقانسېرى قويۇقلىشىپ بارىدۇ. ماۋەرائۇننەھر ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە ئاساسلانغۇدەك بىرەر مەلۇمات قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش، ياۋرۇپا سەيياھلىرىمۇ بۇ ۋەھشىيلەشكەن ئۆلكىگە كىرىشكە جاسارەت كۆرسىتەلمىدى . شۇڭا، بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ ھەقتە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ نۇتۇقلىرىدىن تارالغان يورۇقلۇقلار بىلەنلا قانائەتلىنىشكە مەجبۇرمىز . بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى قاپلىغان بۇ قاراڭغۇلۇق ھەممىدىن بەكرەك ئاشتەرخانىيلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ، مانغىت قەبىلىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى تەپسىلاتىنى قاپلىماقتا .بۇنىڭ دەسلەپكى سەۋەبى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر تەپسىلاتقا مۇھتاج.

ماۋەرائۇننەھردە ياشىغان بىرقانچە ئۆزبېك قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەقەت مانغىتلارنىڭ ئاشتەرخانىيلاردىن ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى تەسادىپىي بىر ۋەقە ئەمەس. بەلكى، بۇ قەبىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغاندىن بېرى قازانغان ئەھمىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مانغىتلارنىڭ بىرىنچى ۋەتەنلىرى موغۇلىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ئورمانلىق ئۆلكىدە ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنى شۇ يەردىن ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى يەنە بىر ئورمانلىق ئۆلكىگە كەلتۈردى. ھازىر ئۇ يەردە خىۋەلىك قارا قالپاقلار ياشايدۇ. مانغىتلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ۋاقتىدىلا خېلى كۆپەيدى ھەم خىۋە خانلىرىغا مۇھىم خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. قوڭراتلار بىلەن بىر دەرىجىدە ئۇلار ئەڭ مۇھىم بىر قەبىلە ۋە تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ جەسۇر بىر خەلق ئىدى. شۇڭا، شەيبانىي مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈلۈش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋەزىپە بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئالدى. كېيىن بۇلار بۇخارا خانلىقىدا، قارشى ئەتراپىدىكى سەھرادا ئورۇنلىشىپ قالدى ھەم بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھلىرى، ئىككىنچى تەرەپتىن بۇخارا خانىدانلىقىغا بولغان ئالاقىلىرى بىلەن بۇخارا ھۆكۈمىتىدە خېلى نوپۇزغا ئىگە بولدى.

كېيىنكى خانىدانلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ھەقىقىي بىر كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان ۋاقىتلاردا مانغىت قەبىلىسىنىڭ بېگى (بايى بېي) ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ ئەڭ سادىق بەندىسى ئىدى. لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەبۇلفەيز زامانىدىلا رەھىم بېي بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ۋەزىرلىك ئۇنۋانى ئاستىدا ھەقىقىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، يالغۇز ئەبۇل فەيزنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قىزىنى ئالغان ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ئۆلتۈرگۈزدى. رەھىم بېيدىن كېيىن ۋەزىرلىك مەنسىپى يەنىلا مانغىت قەبىلىسىنىڭ رەئىسى دانىيال بېيگە قالدى. بۇ زات ئانىسى تەرەپتىن ئاشتەرخانىيلارغا مەنسۇپ ئىدى. ئېھتىمال شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئەبۇلفەيزىنىڭ ئىنز باسارى شاھزادە ئەبۇلغازىنى كۆرۈنۈشتىكى بىر خان قىلىپ قويىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياسىز بۇلاڭچىلىق ۋە ئىستىبداتلىقىغا كەڭ يول ئاچتى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى بولغان ئەبۇلغازىخان گەرچە ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىدا تېخى چىڭگىز قېنىنىڭ ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ھەم ئەمىرلەر ئەمىرىنىڭ ئالدىدا شۇ قەدەر دەھشەت ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشىدىكى، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز خانىسىدىن چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پۈتۈن سىپاھلىرىلا ئەمەس، ئىنئام ۋە ئېھسان ھىمايىچىسى بولغان روھانىيلارمۇ دانىيال بېي تەرەپتە بولغانلىقتىن، مۇستەقىل خان بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن ئاسان ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ئوغلى مەئسۇمگە تاشلاپ بەردى. بۇ بولسا ئىشنى شۇ دەرىجىدە ھىيلە ۋە ماھارەت بىلەن يۈرگۈزدىكى، ھۆكۈمەتسىزلىكتىن تويغان بۇخارالىقلار زورلاپ ئۇنىڭ بېشىغا تاج كىيگۈزدى.

كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى تەرىپىدىن بېگجان چوڭ بولغاندىن كېيىن، شاھ مۇرات دەپ ئاتالغان ئەمىر مەئسۇم ئۆز دەۋرىنىڭ رىياكار سۇفىيلىق ۋە ساختا دىيانەتكارلىق روھىنىڭ مۇجەسسەم نەمۇنىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ خىل روھ تېخىمۇ زىيادە تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقتىدىلا دىنىي جامائەتكە مايىللىقىنى كۆرسەتتى. ھەتتا كۆرۈنۈشتىكى قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، دەرۋىشلەرچە خىرقىلەرنى كىيدى. بەزىدە پۈتۈن كۈنلەر ۋاقتىنى خانىقالار ۋە مەسجىدلەردە ئۆتكۈزۈپ، زىكرى ۋە دىنىي تەپەككۇرلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ھېچكىم ئۇنى بىمەززىلىك قىلىۋاتىدۇ، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بۇ دۇنيادىكى ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن ۋەھشىيانە دۈشمەنلىكتە ياشىماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇ ئۆز ھەسسىسىگە تەگكەن ئاتىسىنىڭ مىراسىنىمۇ ئېلىشتىن باش تارتىپ : «بۇنى ئومۇمنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلارغا تاپشۇرۇڭ، مىراس مېلى بىلەن قولۇمنى كىر قىلىشنى

خالسمايمەن، بۇ ماللار كىملەردىن يىغىلغان بولسا، شۇلارغا قايتۇرۇلۇپ، مۇمكىن بولغان دەرىجىدە مۇكاپات بېرىلسۇن» دېدى.

ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسى زامانىدا قىلىنغان ئادالەتسىزلىكلەرگە تۆۋە ـ ئىستىغپار يۈزىسىدىن ئۇستىۋېشىغا تۆۋە قىلغۇچىلار لىباسىنى كىيىپ، بوينىغا قىلىچ ئاستى ۋە شۇ ھالەتتە ئاھ ـ ۋاھ بىلەن كوچىلاردا يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدىكى پالاكەتلەر ئۈچۈن پۈتۈن ئاھالىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مەيلى ئاھالىنىڭ ياكى روھانىيلارنىڭ بولسۇن چوڭ ھۆرمىتى ۋە مايىللىقىنى جەلپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئەمىر مەئسۇم ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قازانغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئىزدىسە تەخت ئۈچۈن، بىر ـ بىرى بىلەن غوۋغا قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى ۋە باش ـ باشتاق نائىپلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى مۇستەھكەم بىر ئاساسقا قويۇش مەقسىتى بىلەن تاغلاردا بىر مەزگىل سەۋر ـ تاقەت قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا مەسجىد ھويلىسىغا بېكىنىپ، بىر يىل مۇددەتكىچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى ھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى بولغان «ئەينۇل ـ ھىكمە» (ھېكمەت بۇلىقى)نى شۇ يەردە يازدى . ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى توپ ـ توپ بولۇپ ئۆيگە كېلەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچىلاردا كېزەتتى. ئۇ بولسا ئىخلاسمەنلىرىگە دۇئايى پاتىھە بېرەتتى ۋە مۇبارەك نەپسىنى ھۇرەتتى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا مەملىكەتنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە باش كۆتۈرگەن ئىسيانلار بارغانچە كۆچىيىپ ھەتتا پايتەختنىڭ ئۆزىدىمۇ گۇرۇھلار ئارىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىدە مىڭغا يېقىن كىشى ۋە قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرى تالاپەتكە ئۇچرىدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پالاكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجىز كەلگەن ئەبدۇلئەزىزخان ئەمىر مەئسۇمنى ئىزدەپ مەسجىدكە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنەچچە مۆتىۋەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەبدۇلئەزىز بۇندىن كۆپ يىللاردىن بېرى، بۇيۈك مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئەمىر دانىيال تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋەزىرلىك مەنسىپىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى سايىسىدە سۇلھىنى ئارىغا سېلىپ، تەختنىڭ سۇنغان نۇرلىرىنى يېڭىدىن يورۇتۇشقا سەۋەب بولۇشنى ئىلتىجا قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خاراب بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان بۇ مۆھتىرەم زات بۇ دۇنيالىق ھېچقانداق نەرسىگە قول ئۇزىتىشقا پەقەت بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئالدى بىلەن ئىش ئارقىلىق ئەمەس، مەسلىھەتلەر بىلەن ياردەم كۆرسىتىشكە ۋەدە قىلدى. پەقەت شەھىرىسەبزىنىڭ ئاسى رەئىسى نىيازئەلى بەگنىڭ تاجاۋۇزلىرى سەۋەبىدىن مەملىكەتنىڭ خەتەرلىك ھالدا قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئەمىر مەئسۇم ئۆزىنىڭ

بۇنداق چەتتە تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، لەشكەر بېشىغا كەلدى ۋە ئاسىيلارنى چېگرا سىرتىغا قوغلىدى. ھەتتا نىياز ئەلى بەگنىڭ دەسلەپتە زورلۇق بىلەن ئىستېلا قىلغان ھىسار ۋە قارشى قاتارلىق جايلارنى يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇۋالدى. شۇ يوسۇندا مەملىكەتتە بىرقەدەر تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئورناتتى.

ناھايىتى تەبىئىيكى، ئەمىر مەئسۇمنىڭ سىياسىي نوپۇزى ئاشقانسېرى ئىچكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە شۆبىلىرىدە بارلىق ئىشلار كوندىن قالغان ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق يۇرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇخارا ھەر دائىم بۇنىڭغا مايىللىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى خانلارنىڭ كۈچسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئىدى. بۇ تەقۋادار زاھىد ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىغا بولغان ئېھتىرامىنى تەكىتلەش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتلاردا، ئەبدۇلئەزىزگە ئەسلىدە ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان خانلىق ئۇلۇغلۇقى بىلەن لەززەتلىنىپ تۇرۇشقا ئىختىيار بەردى. بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ زاھىد ۋە تەقۋادارلىقىنى مىسال كۆرسىتىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن، كەسكىن تەدبىرلەر بىلەن مەقسەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن نۆۋەت ئەبدۇلئەزىزگە كەلدى. ئەمىر مەئسۇم ئۇنىڭ ھاياتىدىن نېمىلا بولسا شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تاپتى. شۇنىڭغا ئاساسەن پەخرى ئىستىراھەتكە چىقىرىپ، ئازراق تەمىنات تەيىنلىدى. ئۆزى بولسا قىيامەت دەرۋىشلىكى  بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى ئىشلەش ئۈچۈن ھىجرىيە 1199 (مىلادىيە 1784) ـ يىلىنىڭ شەئبان ئېيىدا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇردى.

ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئىش مەيدانى تەبىئىي ھالدا ئىران، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئىراننىڭ شەرقىي شىمال ۋىلايەتلىرىدە بولدى. بىتئەتچىلەر ئۆلكىسى دەپ تونۇلغان بۇ يەرگە ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن بېرى بىرقانچە مۇتەئەسسىپ يول باشچىلار ئۆزىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ھەۋەسلىرىنى قاراتقان ئىدى. ئەمىر مەئسۇممۇ بىرىنچى قېتىملىق غازىلىق  مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇشۇ يەردە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن، تۇران تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ مىڭ يىللىق قەدىمىي پاراكەندىچىلىك يوللىرى ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك مۇداپىئەسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مەرۋى سەرەخسكە ئوخشاش بەزى مۇستەھكەم ئورۇنلار جەسۇر شىئەلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە بۇ دىيانەتكار ئۆزبېك تاجاۋۇزچىلىرىنى توختىتالايتتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈننىلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادىلىشىگە، يەنى خۇراساننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن بۇخارانىڭ ئەسىرلەر بازىرىغا ئۇ يەردىن «مال» كەلتۈرۈشلىرىگە جىددىي قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر مەئسۇمنىڭ ياكى ئىران مۇئەللىپلىرىنىڭ تەبىرىچە بېگىجاننىڭ ئۆزىنىڭ مىڭ ئاتلىقتىن ئەسكىرى بىلەن (بۇ ئەسكەر ھازىرقى تۈركمەن ئالامانىنىڭ زور بىر مىقدارىدىكى نەمۇنىسى ئىدى ) بۇ مۇخالىپەتنى يوقىتىشى، يەنى يول ئېچىشى

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمىر مەئسۇم تەختكە ئولتۇرغان شۇ يىللا مەرۋگە ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. مەرۋى سەپەۋىيلەر دەۋرىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا قاجار خانىدانلىقىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ بىر شۆبىسى بولغان ئىززىدىنلىق رەئىسلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. قاجار خانىدانلىقىنىڭ بۇ تارمىقى ئاشتەرخانىيلار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ مەزھەپ جەھەتتىكى ئىختىلاپ بۇلارنىڭ ئارىسىغا دەھشەتلىك دۈشمەنلىكلەرنى سالدى. ئەمىر مەئسۇم مەرۋىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى تالان ـ تاراج قىلغۇچى ئوردىلىرىنى بىرنەچچە يىللاردىن بېرى دەھشەتلىك قورقۇنچ ئاستىدا تۇتقان كىشى بايرامئەلىخان ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىرقى دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئەدىن ئاجىز قالدى. شۆھرەتپەرەس بولغانلىقى ئۈچۈن ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان مىللەتدىشى ئاغامۇھەممەدخان بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي ئىراندا گىلان تەختى ئۈچۈن جەسۇر لۇتفئەلىخان بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. خۇراسان بولسا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن دائىمىي ماجىرادا بولۇۋاتقان خانلار تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. تۇران تاجاۋۇزلىرىغا قارشى مۇستەھكەم بىر سېپىل ھېسابلانغان ھىرات نادىر شاھنىڭ ئىز باسارى شاھرۇخنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن ئەبۇلفەيزىخان ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە سادىق ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆز خانىدانلىقىنىڭ ئەبەدىي دۈشمىنى بولغان قاجارلار ئۇستىگە پالاكەت كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى مەمنۇن ئىدى.

بايرامئەلىخان ھەرقانچە قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق تاكى ھازىرغا قەدەر تىللاردا داستان بولۇپ سۆزلەنسىمۇ ۋە ھەتتاكى قەلئە سىرتىغا چىقىپ ھۇجۇم قىلغۇچى ئەسكەرلەرگە بەزى قوراللىق خوتۇن ـ قىزلارمۇ ياردەملەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر مەرۋى سېپىللىرىنىڭ يېنىدا تالاپەتكە ئۇچرىدى . ئۆزبېكلەر بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ئەتراپىنى ۋەيران قىلدى. پۈتۈن ئاھالىسىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. ھەتتا كېلەچەكتە بۇ مەملىكەتتە زىرائەت تېرىشقا ئىمكانىيەت قالماسلىقى ئۈچۈن، يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋە كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان مەرۋى سۇ ئامبىرىنى ۋەيران قىلدى . بۇندىن كېيىن ئۆزبېكلەرنىڭ دىيانەتپەرۋەر ۋە تەقۋادار رەھبەرلىرى بۇخاراغا قايتتى. بۇ بىرىنچى تاجاۋۇز ئەمىر مەئسۇمنىڭ كۆپ يىللار داۋام قىلغان ھۆكۈمتى ۋاقتىدا ئىران ئۇستىگە يۈرگۈزگەن تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇملىرىنىڭ پەقەت باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى . بايرامئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەرۋىدە بىر ئاز ۋاقىت ئۇنىڭ جەسۇر ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەين ھۆكۈم سۈردى. ئافغانلىق تېمۇر شاھ ئاڭا ياردەم كۆرسەتتى. ئاخىر بۇ شەھەرلەرمۇ ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى . ئاھالىسىدىن تۈرك خەلقى

زورلۇق بىلەن بۇخاراغا كۆچۈرۈلدى ۋە ئۇلار ئۇ يەردە ھازىرغا قەدەر مەرۋىلىك نامى بىلەن يۈرۈتۈلمەكتە . شۇ ۋاقىتتىن بىرى قەدىمدىكى مەرغىيان ئورنىدا گوياكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان ــ شەۋكىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، قاقاس سەھرادا بىرنەچچە تۇپراق ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرىلا ساقلىنىپ قالدى .ھىجرىيە 1205 (مىلادىيە 1790) ــ يىلىدا سارقىيلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن دەسلەپتە بىرئاز غەرب تەرەپتىكى ئاخالدا ياشىغۇچى تىكە تۈركمەنلىرى ھىجرىيە 1250 (مىلادىيە 1834) ــ يىلىدا بۇخارابىلارنى ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتىن بىرى بىر زامانلار ئىران مەدەنىيىتى ۋە ئىران سانائىتى تەرەققىي قىلغان بۇ يەرلەردىكى تۈركمەن چېدىرلىرى ئاستىدا مەيۈس ۋە ئىزتىرابلىق كۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ۋەتەنلىرىگە تىككەن بىچارە ئىران ئەسىرلىرىنىڭ زەنجىرلىرىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلغان ئاھ ــ ۋاھلىرىنىڭ ئۈنىلا ئاڭلىناتتى.

بۇنىڭ ئىككىنچى يىلىدا نۆۋەت مەشھەدكە كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلئەلىرى بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ھەيۋەتلىك گەۋدىسىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دىيانەتپەرۋەر لەشكەربي رەئىس ئۆزىنىڭ چۈشىگە ئىمام رىزا كىرىپ، مەشھەدكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا ئەمىر قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە : «بىلىمەن، ئىمام رىزا ھاياتتۇر. ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغىنىم ئۈچۈن ماڭا غەزەپلەنمىسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنى بۇلاپ ــ تالاپ قايتىپ كەتتى.

ئىراننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى شەيبانىي ھەم ئەبدۇلمۇئمىن كىرگەن ۋاقىتتىن بىرى ھېچبىر زاماندا بۇ قەدەر سۇپەت خاننىڭ دەۋرىدىكىدەك تۇران ئوردىلىرىنىڭ كۆپ ۋە قاتتىق تاجاۋۇزلىرىغا دۇچار بولمىغان ئىدى. مىرزا سادىقنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ بۇلاڭ ــ تالاڭ خاراكتېردىكى تاجاۋۇزغا قاتناشقۇچى ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرنىڭ سانى ھېچ ۋاقىت يىگىرمە مىڭدىن كەم بولمىغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇخارانىڭ ئەسىر بازىرى شۇ قەدەر تولۇپ كەتكەن ئىدىكى ، ياخشىغىنە بىر شىئي ئەسىرنى بىرنەچچە تەڭگىگە (تەڭگە فرانكتىن بىرئاز كەم) سېتىشقىمۇ مۈمكىن بولمىغان. دەرۋىشلىك ھاياسى بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغان، دۇنيانىڭ داغدۇغا ۋە زىننەتلىرىگە ھاقارەت كۆزلىرى بىلەن باققانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ناچار ئاتقا مىنىپ يۈرگەن، ئەرزان لىباسلارنى كىيىپ، ئەسكى چېدىرلاردا كىرلىق گىلەم (پالاس) ئۈستىدە ياتقان ۋە بەزىدە سائەت ــ سائەتلەپ دىنىي تەپەككۇرغا تولغان بۇ كىشى تۆپەيلىدىن نەقەدەر كۆپ ئائىلىلەرنىڭ خاراب بولغانلىقىنى، قانچىلىغان ئائىلىلەرنىڭ بەخت ــ سائادەتلىرى يىمىرىلىپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى كىم بىلسۇن. ھالبۇكى، بۇ بەدخاھ ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ شۇنداق يامان مۇئامىلىسىنى ئىرانغا نىسبەتەن ئون ئىككى يىل داۋام قىلدى.

ئاخىر ھىجرىيە 1212 (مىلادىيە 1797) ـ يىلىدا ھازىرقى ئىران سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئاغامۇھەممەدخان پارس ۋە ئازەربەيجاندا بىرئاز تىنچلىق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ دەھشەتلىك پالاكەتلەرگە خاتىمە بېرىش مەقسىتى بىلەن خۇراسانغا كەلدى. ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئارزۇ قىلغاندەك دەرىجىدە مۇستەھكەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا لەشكىرىي ھەرىكەت قىلىشنى لايىق كۆرمىدى ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقىمۇ ئىشىنەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزبېكلەرنى سىياسىي يول بىلەن چېكىندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كۆردى ۋە ئىرزىدىنلىق مۇھەممەد ھۈسەين ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللىدى. بۇ مەكتۇپ ناھايىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدا بىرىنچى قېتىم تۈرك خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىگە ئىشارەتلەر كۆرسەتتى . «رەۋزەتۇس ـ سەفا»دا بايان قىلىنغان بۇ مەكتۇبنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

... «سەپەۋىيلەرنىڭ ھەم مۇھەممەد شەيبانىي خان ئەسىرداشلىرىنىڭ نادىر شاھقا قەدەر بولغان تارىخلىرىنى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن ۋە ساڭىمۇ مەلۇمكى، بەلخ، مەرۋى، زەمىندار، سىيستان، قەندىھار ۋە كابۇل قاتارلىق جايلار ھەرقاچان ئىران مەملىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. ئەمدى قانداق بولۇپ بەلخ بىلەن مەرۋىنى ئىشغال قىلىپ ۋە بۇ كېيىنكى شەھەردە بىزنىڭ ئېسىل ۋە مۇنەۋۋەر خانىدانلىقىمىزغا مەنسۇپ بولغان بايرامئەلىخانىنى ئۆلتۈرگۈزۈش سىنىڭ ئەقلىڭگە سىغدى ؟! ياكى سەن ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي دۈشمەنلىكنى يېڭىدىن باشلىماقچىمۇ ؟! لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن تېخى ئۆلگۈرەلمەيسەن .ئارسلاننىڭ قۇيرۇقىنى ئويناش ياكى قۇلىقىنى غىدىقلاش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بىلەن ھاۋادىن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇران خانىدانلىقىغا مەنسۇپلۇقۇڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولساڭ، بىلگىنكى مەنمۇ شۇلارغا مەنسۇپمەن. قاجار نويانىنىڭ شەۋكەتلىك نەسىللىرى مانغىت ۋە قوڭرات ئائىلىسىگە قارىغاندا ئېسىل ۋە شەۋكەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەلتەنەت جەھەتتە مەشھۇر سۇلدۇز ۋە جەلاھىر خانىدانلىرىغىمۇ يېقىندۇر . ئىران، تۇران، رۇم، رۇس، قىتان ۋە ھىند مەملىكەتلىرىنى ئالىي تۈرك خانىدانلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىز مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرى تەئالاغا تەشەككۇر ئېيتىشقا تېگىشلىكمىز. ھەربىرى ئۆز مەملىكىتى بىلەن قانائەت قىلسۇن. ھېچبىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ سىرتىغا قول سوزمىسۇن. مەن ئىراننىڭ قەدىمىي چېگرىسى ئىچىدە تىنچ ياشاشنى تىلەيمەن ۋە بىزدىن ھېچكىم ئامۇ دەرياسىنى كەچمىسۇن...»

ئىككىنچى بىر ئىران تارىخى مەنبەسىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ مەكتۇب پۇتۇنلەي باشقىچە مەزمۇندا يېزىلغان. ئەگەر ئەمىر مەئسۇم ئىران ئەسىرلىرىنى دەرھال قويۇۋەتمىسە، ئۇنىڭغا تەھدىت كۆرسىتىلگەن. ئەمىر مەئسۇمنىڭ جاۋابىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق بېرىلگەن. ھەتتا ئۇ قاجارلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئاغاخاننى ئاختاخان، يەنى پىچىلغان خان دەپ ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلغان. «نۇزھەتۇت ـ تەۋارىخ»تا بايان قىلىنىشىچە، ئەسىرگە چۈشكەن ئىرانلىقلارنى ئەسلا قايتۇرۇپ بەرمىگەن. ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا رۇسىيە ئىمپېراتورى يېكاتېرىنا ئۆزى ھىمايە قىلىۋاتقان گرۇزىنلارنىڭ ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرگەن زۇلۇملىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاغامۇھەممەدخانغا قارشى تاجاۋۇز قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بۇمۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ھەم ئەسكىريي كۈچىنى ئارقىس دەرياسى بويىغا (كاپكازغا) قارىتىشقا مەجبۇر بولمىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىككى بۈيۈك ئاجايىپ ئادىمى، يەنى بىرى پىچىلغان، يەنە بىرى تىلەمچى قىياپەتلىك دەرۋىش ئىككى ھۆكۈمدارى ئارىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ، جاھان ئەھلى ئالدىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا بولغان بولاتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر كۈچ، يەنى رۇس قوشۇنى قىستىلىپ كىردى. گەرچە كېيىن ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا بىرى ئارقىسىدىن يەنە ئىككىنچىسى قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، نىيىتى يامان ئۆزبېك ھۆكۈمدارىغا ئۆز ھىمايىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئىرانغا يېڭىدىن تاجاۋۇز بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئەمىر مەئسۇم دىن تەرىپىدىن پەرمان قىلىنغان جەڭگىۋارلىق ھەۋىسىنى يالغۇز شىئەلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا قاندۇرالمىدى، سۈننىلەر بىلەنمۇ جەڭ قىلدى. لېكىن، ئۇ بۇ جەھەتتە غازىلىق ئۇنۋانىنى ئالالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىستېلاچىلىق پىكىرلىرىنى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا دەرۋىشلىك ھاياسى ئاستىدا يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان ئافغانلىقلار مەھمۇد غەزنەۋى ۋاقتىدا كىچىك بىر قەبىلە بولۇپ، سۇلايمان تاغ تىزملىرىدا ياشايتتى. كېيىن ئۇلارمۇ كۆپىيىپ تارالدى. ھازىر ئۇلار ئامۇ دەرياسى بىلەن ھىندىستان ۋە ئىران يايلاقلىرى بىلەن پامىر ۋە سىيستان ئارىسىدىكى ھەممە يەرنى دېگۈدەك ئىشغال ئەتتى. ئەمىر مەئسۇم زامانىدىمۇ ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخلىرىدا خېلى مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلار مىلادىيە ھېسابىدا تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر دېگۈدەك ھالدا بەزىدە ھىندىستان ئىمپېراتورلىرىغا، بەزىدە ئىران ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇلپان تۆلەپ تۇردى. لېكىن، ئىراندا سەپەۋىيلەر خانىدانلىقىنىڭ شەۋكىتى ئۆچكەندىن كېيىن ئافغانلارنىڭ گىلزاي قەبىلىسىدىن مەھمۇد ناملىق كىشىنىڭ باشلىقىدا ئىسپاھان تەختىنى پۈتۈنلەي غۇلاتتى. گەرچە نادىر ئۇلارنى ئىران چېگرىسى ئىچىدىن

پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقارغان بولسىمۇ، بۇ مەشھۇر جەڭچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ھىندىستاندا موغۇل مەملىكىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئىككىنچى تەرەپتىن ئامۇ دەرياسى بويىدا ئۆزبېك ھاكىمىيىتىنىڭ زەئىپلىشىشى ئافغانلارنىڭ نادىر مەملىكىتىنىڭ ھىندى بىلەن ئامۇ دەرياسى قىسمىدا ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشقا يول ئاچتى. دەۋرانىي تارمىقىدىن ئەھمەد شاھ نادىرنىڭ ئىز باسارى شاھرۇخ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە ھىجرىيە 1166 (مىلادىيە1757) ـ يىلىدا بۇخارا خانلىقىدىن ئامۇنىڭ پۈتۈن بىرىقى تەرىپىنى تارتىۋالدى. مەيمەنە، ئەندىخۇي، ئاقچى، شىبۇرغان، سەرىپۇل، خولۇم، بەدەخشان، بەلخ ۋە باميان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىستىلا ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەم ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سەدرى ئەئزەم (باش ۋەزىر)لىك ئۇنۋانى ئالغان گېنېرال بېكخانغا ئىتائەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. باشباشتاق نائىپلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ يوقىلىشى ئۇ ۋاقىتتىكى زەرەپشان ھۆكۈمدارىغا، تېخىمۇ توغرىراقى ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىرى دانىيال بەگكە كۆپ تەسىر قىلمىدى.

لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر مەئسۇمنىڭ روھىغا بىردىنلا خۇش ياقمىدى. ئافغانلار ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭىيىشى كۆپتىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە چوكا بولۇپ چوقۇلۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمەد شاھنىڭ ئىز باسارى تېمۇر شاھ ھىجرىيە 1203 (مىلادىيە 1788) ـ يىلى بەھالپورغا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا ئۆزبېك خانى كېلىپ، يېقىدىن ئامۇ دەرياسى كەچتى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋىلايەتلەرنى ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى. تېمۇر شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنىڭ مۇخالىپەتچىسىگە خەت ئەۋەتتى ۋە ئەمىر مەئسۇمنىڭ دىن پەردىسى ئاستىدا ھاكىمىيەت ۋە شۆھرەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، دەۋرانى خاندانلىقى بىلەن ئۆزبېك ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، دىنىي سەۋەبلەر ئۈچۈن ھېچبىر ھۆكۈمدارنىڭ ئىككىنچى بىر مەملىكەت خەلقى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھەققى يوقلۇقىنى، ھالبۇكى ئەمىر مەئسۇمنىڭ ھەق دىنغا كىرگۈزۈش باھانىسى بىلەن مەرۋنى بېسىۋېلىپ، ئاھالىسىنى ئەسىر قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەگەردە ئۇنىڭ باشقىلارنى ھەق دىنغا كىرگۈزۈش ئارزۇسى سەممىي بولسا، نېمە ئۈچۈن ئافغانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىغانلىقىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەردىكى شۇ قەدەر كۆپ كۇپپار مەجۇسى، خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنى يوقىتىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى، ئاخىر پۈتۈن خەلقى سۈننى مەزھىپىدە بولغان شەھرىسەبز، خۇجەند ئاھالىسىنىڭمۇ تۈركمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى قانداق مەنىدە چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىپ تېزدىن تۈركىستانغا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ھىجرىيە 1204 (مىلادىيە 1789) ـ يىلى تىمۇرشاھ ياخشى قوراللانغان كۆپ مىقداردىكى ئەسكەرنىڭ بېشىدا بولغان ھالدا ئامۇ دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئاقچىغا ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنىڭ ئۆزبېك رەئىسى رەھمەت بىي دۈشمەن كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپ، كىلىق يېنىدىكى ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ ئوردىگاھىغا قاچتى.

ئەمىر مەئسۇم بۇ ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى بىلەن خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتاتتى. ئافغانلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ يامان تەسىر قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن دەرھال سوقۇشۇش ـ سالا يولىغا كىرىشكە ھازىرلاندى. لېكىن، دۈشمەن ئالدىدا ئاجىزلىق كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، رەھمەت بىينى سۇلتان مۇراد بىي ھەم بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن قايتىدىن ئاقچىغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئافغانلار بىلەن ئىككى ئارىدا ئازراق جەڭ بولدى. لېكىن، ئەمىر مەئسۇم تىمۇر شاھنىڭ بۇ جەڭنى باشلىشى بىر ھەۋەس ئۈچۈنلا بولمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سۈلھىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بۇخارانىڭ ئەڭ مۆتىۋەر موللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ۋەكىللەر ھەيئىتىنى ئەۋەتتى. ئۇ لازىم كەلگەندە ۋە پايدىلىق ۋاقىتتا ھەر زامان ئىشلىتىدىغان ئۇسۇلى بويىچە ھازىرمۇ ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىدە سۈلھى ۋە تىنچلىق تەرەپدارى قىلىپ كۆرسەتتى. ئافغان ھۆكۈمدارى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەكتۇبتا ئۇنى ھىيلىگەرلىك ۋە رىياكارلىقتا ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ، سۈلھى تۈزدى ۋە بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلغان شەھەرلەرنىمۇ يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

تىمۇر شاھ سالامەت ۋاقتىدا ئەمىر مەئسۇم ئىككى ئارىدىكى ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىپ، ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئۇ ھىجرىيە 1208 (مىلادىيە 1793) ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى شاھزامان قالغىنىدا ئەمىر مەئسۇم دەرھال بەلخكە تاجاۋۇز قىلدى ۋە پىستۇرما ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ نائىپىنى ئەڭ ياخشى تۆت مىڭ ئەسكىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئالدى ۋە دەرھال بەلخنى قورشىدى. ئۇلارنىڭ رەئىسلىرىنى كۆرگەن باشقا ئەسكەرلىرىنىمۇ تەسلىم بولىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتكەن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ ھېساباتىدا يېڭىلىشتى. ئۇلار تەسلىم بولمىدى. بۇنىڭغا قارشى ئۇ ئەگەر ئافغانلار قارشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئەسكەرلەرنىڭ كۆز ئالدىدا رەئىسلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى ھەم شۇنداق قىلدى. لېكىن، ئافغانلار زادى تەسلىم بولماستىن، شاھزامانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خۇراسان سەپىرىدىن كابولغا قايتقانغا قەدەر بەرداشلىق بېرىشنى قارار قىلدى ۋە تېزدىن قۇتقۇلۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمىر مەئسۇممۇ بۇ خىل ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. لېكىن، بۇ ئىش بىر ئاز ئۇزىراپ كەتكەنلىكتىن ئەمىر مەئسۇم بىر تەدبىر بىلەن ئۆزىنى سالامەت قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى. بەلخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان

دەۋاسىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە بۇندىن كېيىن تېمۇر شاھ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، كابۇلغا شاھزامانىنىڭ ھوزۇرىغا بىر ۋەكىللەر ھەيئىتىنى ئەۋەتتى. ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى ئىستېلالىرى بىلەن بەكمۇ زىيادە چارچىغان شاھزامان بۇ سۈلھىگە خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەمىر مەئسۇم يەنە ئۆزىنىڭ ھىيلىگەرلەرچە سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە تېگىشلىك پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن، كۆز ئالدىدىكى ئافغان ھۆكۈمرانىغا قارشى دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىسى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالمىدى. شاھزامانىنىڭ قېرىندىشى ۋە دۈشمىنى بولغان شاھ مەھمۇد تەخت دەۋاسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ئاخىر ھىجرىيە 1214 (مىلادىيە 1799) ـ يىلى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغىنىدا، ئۇنىڭغا بۇخارادا پانالىق بەرگۈچى كىشى ئەمىر مەئسۇم بولدى. مېھمان دوستلۇق قانۇنىغا قارشى ھالدا شاھزامانىنىڭ بۇ ھەقتە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لېكىن، نۇرغۇن مەبلەغ، ئاقچىلارنى بېرىش بەدىلىگە ئۇنى مەخپىي ھالدا قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشتى. ئەگەر شۇ مەزگىللەردە ئافغان ھۆكۈمدارى قاجار ھۆكۈمرانى ئاغا مۇھەممەدخان بىلەن مەخپىي ئىتتىپاق تۈزمىگەن بولسا، بۇخارانىڭ قېرى تىلەمچى خانى شۈبھىسىزكى ھېچبىر ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولماستىن، ئاسىيالىقلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس قانۇنلىرىنىمۇ بۇزغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ نۆۋەت يۈمشىمىدى. قېچىپ كەتكەن بۇرادىرىنىڭ ھېچبولمىسا، قاتتىق نازارەت ئاستىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، شاھزامان تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەيئىتىگە ئەمىر مەئسۇم : «مەھمۇد بۇخارادىن كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشى بىلەن كاپالەت بېرىمەن» دېدى. ئەگەر كۆرۈنۈشتە بىر ئابرۇيلۇق ئۆزبېك ئۇنىڭغا خىۋەگە قېچىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، شاھ مەھمۇد بېشى گەۋدىسى ئۈستىدە بولغان، ساق ـ سالامەت ھالدا بۇخارادىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ خىۋەگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەدرەھىمخان تەرىپىدىن دوستانە قوبۇل قىلىندى.

ئەمىر مەئسۇم ئون سەككىز يىل مەملىكەتنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1217 (مىلادىيە 1802) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانىنى بۇخارالىقلار يېقىنقى دەۋردىكى سائادەت دەۋرى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانى ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ يادىدىن تېخى چىقىپ ئۈلگۈرمىگەن. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ۋە تاجىكلار ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە باشلىسا ھېچ سۆزلەپ تويمايدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولغان بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئادالىتى، دىيانەتپەرۋەرلىكى، ياخشى باشقۇرۇش چارىلىرى قاتارلىق تەرەپلىرىنى مەدھىيىلەپ تۈگىتەلمەيدۇ. تەبىئىي ھالدا ھەممىدىن بەكرەك ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ ئىنتايىن دىيانەتكارانە بولغانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. شەرىئەت رەئىسى دېگەن مەنسەپنى ئۇ يېڭىدىن

www.uyghurweb.net

تەسىس قىلغان ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان  بىر ۋاقىتتا يولغا قويغان. شەرىئەت رەئىسى تۆت تارماقلىق قامچا بىلەن قورالLانغان بىرنەچچە ياردەمچى كىشىلەر بىلەن ھەر كۈنى كوچىلاردا يۈرۈپ، دىن جەھەتتە نۇقسان سادىر قىلغان ئادەملەرگە ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدا جازا بېرەتتى. پەرىزلەرنى تەرك قىلغان، يەنى ئەرەبچە بىرنەچچە ئايەتلەرنى بىلمىگەن ۋە ئىجرا قىلمىغان ياكى ئاب دەستىخانىسىدا كېسەك بولمىغان كىشىلەرگە شۇ جايدىلا بىرنەچچە قامچا ئۇرۇلاتتى ۋە ياكى بىرنەچچە كۈنگىچە قاماپ قويۇلاتتى. جامائەت نامازلىرىدا مەسجىدكە بارمىغان ياكى پەرز قىلىنغان ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلەرگە بىرىنچى قېتىمدا قاتتىق تەن جازاسى بېرىلەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ھاراق ئىچكۈچىلەر، تاماكا چەككۈچىلەرمۇ  شۇ خىل جازاغا دۇچار قىلىناتتى  . يول توسار بۇلاڭچىلار، ئوغرىلار ۋە زىناخورلار تويتوغرا جاللاتقا تاپشۇرۇلاتتى.

شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مۇشۇنداق ئىجرا قىلىش ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە جارى ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن يالغۇز زاكات بىلەن ئۆشرىلا ئېلىناتتى. ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان ھىندى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن جىزيە ئېلىناتتى. ئەمىر مەئسۇم ئۆز سارىيىنىڭ خىراجەتلىرىنىمۇ بۇرۇنقى خەلىپىلەرگە ئوخشاش باشقىلارغا مىسال بولارلىق دەرىجىدە دىنغا مۇۋاپىق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. خەلىپە ئۆمەرنىڭ بەيتۇل مال (خەزىنە)نى ئىسراپ قىلىشتىن پەۋقۇلئاددە ئېھتىيات ئەتكەنلىكىنى مەدھىيىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئاددىي يېمەك ـ ئىچمەك بىلەنلا قانائەتلەنگەنلىكى ۋە يىلدا بىر قېتىملا يېڭى كىيىم كىيگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇخارا ھاكىمىمۇ شەخسىي سەرپىياتى ئۈچۈن خىزمەتچىسى ۋە ئاشپىزى بىلەن ئۆزىگە تۆۋەن مىقداردا كۈنىگە بىر تەڭگە تەيىنلىگەن. ھالبۇكى، بۇخارامەدرىسلىرىدە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوتتۇز مىڭغا يېقىن شاگىرتلارغىمۇ ھەربىرىنىڭ كۈنلۈك سەرپىياتى ئۈچۈن بىر تەڭگىدىن بېرىلەتتى.

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەت ۋە تەدبىرلىرى ئەسكەر ۋە قوماندانلىرى ئارىسىدىكى ئىسراپچىلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتپەرەسلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەسىر قىلالمىدى. ئەمىر مەئسۇم ئۆزى كونا ۋە ئادەتتىكى ۋەيرانە بىر ئۆيدە ياشاپ، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر چەكمەن چاپاننى كىيىپ، بىر قاچىدىن ئاددىي تاماقنى يېگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەر ۋە قوماندانلىرى يېپەك كىيىملەرنى كىيەتتى. زىبۇ ـ زىننەت ئەسلىھەلىرىنى تاقايتتى. ھەتتا ئوردىلىرىدا قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدەھلەرنى ئىشلىتەتتى. ئېھتىمال ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ پارلاق ۋە ھەشەمەتلىك ھاياتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ دىيانەتچىلەرگە خاس بولغان دەرۋىشلەرچە ھاياتى ئارىسىدىكى چوڭ پەرق ئەمىر مەئسۇمنىڭ قەلبىنى باشقىچە ھوزۇرلاندۇرغاندۇر. شۇنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئەزىز ۋە ئەۋلىيا ئۇنۋانىنى ئېلىپ مەملىكەتنى ئون سەككىز يىل باشقۇردى ۋە تىنچسىزلىقتا ياشاۋاتقان بىر

www.uyghurweb.net

توپ ئۆزبېك ۋە تۈركمەن قەبىلىلىرىنى شۇ ئۇنۋانىنىڭ سايىسىدە ئۆز مەقسىتىگە خىزمەت قىلدۇرغان قورال قىلالىدى.

گەرچە ئەمىر مەئسۇم ھەر يىلى دېگۇدەك لەشكىرىي يۈرۈشلەرنى جارى قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خىۋە ۋە خوقەند خانلىرى بىلەن ئۇچچۇقتىن ـ ئوچۇق دۈشمەن بولۇپ تۇرسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇخارا خانلىقى ئۇنىڭ زامانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ساغلاملىق ۋە بەختىيار بولۇپ ياشىدى. بۇخارا خەلقى ئۇنى يالغۇز دىنىي جەھەتتىنلا ئەمەس، باشقۇرۇشىنىڭ يۇمشاقلىقى، ھەققانىيىتى بىلەنمۇ ئەسكە ئېلىشىدۇ. بىزنىڭ ئۈچۈن ئەمىر مەئسۇم دەۋرىنىڭ ئەھمىيىتى ئىران بىلەن تۇران ئارىسىدىكى ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن كونا ئاداۋەتنىڭ كېسىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ قورallıق كۈچ بىلەن ئىرانغا ھۇجۇم قىلغۇچى بۇخارا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولدى.

ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىز باسارى سەئىد ھەيدەر تۆرە ئەمىرى سەئىد ئۇنۋانى بىلەن ھىجرىيە 1218 (مىلادىيە 1803) ـ يىلى ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇردى. دىنىي جەھەتتىكى كەسكىنلىك، بۇزۇق ئېتىقاد ۋە مۇتەئەسسىپلىك جەھەتلىرىدە ئۇ ئاتىسى دەرىجىسىدىلا توختاپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئاتىسىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە ھەربىي ئىشلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇنىڭغا مىراس بولۇپ كۆچمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىر مەنلا، يەنى كونا ئۆزبېك تەبىرىچە يېرىم كىشى بولۇپ ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇدا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغان تەختىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا قان بىلەن مۇقىملاشتۇرۇشقا توسالغۇ بولمىدى. قېرىندىشى ناسىرىددىن تۆرىگە ئاتىسى سالامەت ۋاقتىدىلا مەرۋى ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەمىرى سەئىد ئۇنىڭ دۈشمەنلىشىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مەخپىي ھالدا ئۇنى يوقىتىشنى قارار قىلدى ۋە شەخسەن ئۆزى كېلىپ بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. قېرىندىشىنىڭ سۈيقەست بىلەن چاقىرتقانلىقى ناسىرىددىنگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇخاراغا ئەمەس ئىرانغا كەتتى ۋە پەتىھەئەلى شاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى.

ئەگەر قاجارلار ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە بوش ۋە كۈچسىز بولۇشىنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي بىر كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان بولسا ئىدى، باسقۇنچى ھەم خۇراسانىي بۇلاپ ـ تالىغۇچى بۇ قارىمۇقارشى خانغا ناھايىتى ياخشى بىر ئىبرەتلىك دەرس بېرىشكە بەكمۇ ئوبدان بىر پۇرسەت كەلگەن ئىدى. لېكىن، ياردەم سورىغان شاھزادىنى كۈچسىز ۋەدىلەر بىلەن يۇپۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. مانغىت خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاجىزى بولغان ئەمىرى شەئىدمۇ

پەتىھەلى شاھنىڭ ھۆججۇمىدىن ئەسلا قورقمايتتى. چۈنكى، پەتىھەلى ئۆز ساقلىنىش ھەممە كىشىنىڭكىدىن ئۈزۈنلۈقى ھەم بەلۋېغىدىكى ئالماسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولۇشى بىلەن ئۆزىنى بەختىيار ھېسابلاپ تۇرغان بىر ھۆكۈمدار ئىدى. ئەمىرى سەئىد يىگىرمە ئۈچ يىل تىنچلىق بىلەن ھۆكۈم سۈردى. ھەر كۈنى بىرنەچچە سائەت ۋاقتىنى ئىبادەتخانىلاردا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ياكى مەشھۇر مۇددەرىسلەردىن دىنىي دەرس ئېلىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ كۈشەندىسى بولغان خىۋە ھۆكۈمدارى مۇھەممەدرەھىمخان ئاتىسى ئېلتازارخاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ چاھارجۇي، قاراكۆلگە، ھەتتاكى بۇخارانىڭ دەرۋازىلىرىغا قەدەر بىرىپ يەتكەن ۋاقىتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ خۇداگۇيلۇق پاراغىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا يەنىلا : «ئاخىر رىگىستان ئامانغۇ» (تېخى رىگىستانغا خەتەر يوققۇ) دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ باشقا مەدھىيلىگۈدەك جايلىرى بولمىغانلىقتىن، بۇخارالىقلار ئۇنى مۇشۇ دەرۋىشانە پىكرى بىلەن ماختىشىدۇ. زەرەپشان بويىدىكى پايتەختنىڭ ئاۋام پۇقرالىرى ئەمىرى سەئىدنىڭ تايىنىشىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى موللىلارغا ئوخشىتىش ئۈچۈن، ھاسىغا تايىنىپ ۋە بېشىنى ئېگىپ كوچىلاردا ئۆزىنى يۆرگەنلىكىنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىدىن شادلىق يېشى تۆكەتتى. بۇ تېخى ئاز. ھەتتا ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك كارامەتلەرنىمۇ مەنسۇپ قىلاتتى. گەرچە بۇ ھايات ئەۋلىيانىڭ ئاسىيالىقلار نەزىرىدە ئەڭ مۇقەددەس سانالغان مېھماندوستلۇق ئادىتىنى بۇزۇۋشى، مەسىلەن، قىچىپ ئۆز سارىيىغا ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن شاھىزامانىنىڭ گۈزەل قىزىنى مەجبۇرلاپ نىكاھىغا ئېلىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى شىكايەت قىلىشقا باشلىغىنىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋشكە قەستلىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۇنداق ئەھۋاللار ئاسىيالىقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا زىيان يەتكۈزمەيتتى. شۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ھاللىرىغا ۋايىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقىنى دىن ۋە ئەنە شۇنداق ئەخلاق بىلەن قورقۇتۇپ باشقۇراتتى.

توغرا، بۇخارامۇ خېلى بۇرۇنلا ئەخلاقىي جەھەتتە ناھايىتى تۆۋەن ۋە نەپرەتلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. لېكىن، مانغىت سۇلالىسىدىن بولغان بۇ توپاس (قەبىھ) ئۆزبېكلەرنىڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا تېخىمۇ نەپرەتلىك ۋە يامان ھالەتكە يەتتى. شايبانىيلار ۋە ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدە بەزىدە ئازراق بولسىمۇ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ يالقۇنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئەمما، مەنسەپپەرەس، مال ـ دۇنياغا تويمايدىغان مەنلالارنىڭ سادىق شاگىرتلىرى بولغان مانغىتلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىنى رىياكارلىق، پاسىق پىكىر ۋە مۇتەئەسسىپلىك بىلەنلا تەربىيىلىمەكچى بولدى. بۇنىڭ يامان نەتىجىلىرى كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، شاراب ئىچىش ۋە تاماكا چېكىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ئۇلاردىنمۇ زىيانلىقراق بولغان ئەپيۈن چېكىشكە سەۋەب بولدى. ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ كۆرۈشۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى دەھشەتلىك قانۇن تېخىمۇ شانائەتلىك قىلىقنىڭ مەيدانغا چىقىپ، ئومۇمىي

ئادەتكە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى، بەچچە تۇتۇش ياكى ئۇنى مۇلۇك ھېسابىدا ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن قازى مەھكىمىسى ھۇزۇرىدا ھەل قىلىش قاتارلىقلار مەيدانغا چىقتى. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ مەزكۇر بۇخارانىڭ ئۆزى ھەققىدە «قۇۋۋەتىي ئىسلام ۋە دىنەست» (ئىسلام ۋە دىنىنىڭ كۈچى) دەپ ۋارقىراپ ئېيتىشقا جۈرئىتى يېتەتتى.

## ئەمىر نەسرۇللا

ھىجرىيە 1242 ـ 1277 (مىلادىيە 1826 ـ 1860) ـ يىللار

«ھۆكۈمدارلار ئۆز زامانىنىڭ ئەينىكىدۇر» ① دېگەن مەنىدە بىر ماقال بار. بۇ ماقالغا ھېچبىر مەملىكەتتە ۋە ئىسلام ئاسىياسىنىڭ ھېچبىر مىللىتىدە ئەمىرى سەئىدنىڭ ئوغلى ۋە ئىز باسارى بولۇپ، ھىجرىيە 1242 (مىلادىيە 1826) ـ يىلىدا بۇخارا تەختىگە ئولتۇرغان ئەمىر نەسرۇللادەك مۇۋاپىق مىسال تېپىلماس. نەسرۇللاخاننىڭ ھاكىمىيىتى، بۇزۇق ئەخلاقى،چەكسىز ئىستىبداتلىقى، پەسكەش روھى، دىنىي جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىكى ھىيلە ـ مىكىر ۋە خۇنۇك ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلىش ئۇچۇن، مۇشۇ ناچارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چۆمۈلگەن شۇ ۋاقىتتىكى بۇخارانى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا كۇپايە. ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش ۋاقتىدىمۇ ئۆز قېرىنداشىنى بىھايالارچە قەتل قىلغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدە كىچىكى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ تەخت ـ ۋارىسى بولۇشقا ھەققى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاتىسىنىڭ سالامەت ۋاقتىدىلا قارشى ۋىلايىتىدە رەئىس بولۇپ تۇرغان چاغدا، نوپۇزلۇق ئەربابلارنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىش يولى بىلەن ھىيلە ـ مىكىر باشلىدى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولدى بۇ نوپۇزلۇق ئەربابلار ئارىسىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىكلىرى قوش بېگى ھېكىمباي ② ۋە ھىسار ۋالىسى مۇئمىنباي ئىدى. گەرچە بۇلار قانۇنلۇق ۋەلىئەھدىنىڭ خىزمىتىدە، كېيىن ھۆكۈمدار ئەمىرھۇسەيىننىڭ ئىدارىسىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشىگە ھەم ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغۇچىلارنىڭ بىرىنچىلىرى ئەنە شۇلاردۇر.

يالغۇز ئۈچ ئاي مەملىكەتنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن ئەمىرھۇسەيىننىڭ زەھەر ۋاستىسى بىلەن تەختتىن يوق قىلىنىشى نەسرۇللانىڭ تەسىرى بىلەن بولغان دېگەن پىكىر توغرا. لېكىن، بۇ قاتىللىق سايىسىدا مەيدانغا ئۇچىنچى بىر دەۋاچى ــ ئەمىرھۇسەيىننىڭ قېرىندىشى ئۇمەرخان چىقتى. نەسرۇللا شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇقتىن ئوچۇق جەڭگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

نەسرۇللا قارشى ۋىلايىتى قازىسىنىڭ پەتىۋاسىنى قولىدا تۇتقان هالدا كۆپ ئەمەس، ئەمما پىداكار تەرەپدارلىرى بىلەن سەمەرقەنتكە ئاتلاندى. سەمەرقەنت هېچبىر قورال ئىشلىتىلمەيلا ئۇنىڭغا دەرۋازىلىرىنى ئاچتى. نەسرۇللا كۆكتاشتا③ سەمەرقەنتىكلەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تويتوغرا بۇخارا ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئىككى پايتەخت ئارىسىغا جايلاشقان كاتتا قورغان كەرمىنە ۋە باشقا مۇستەهكەم قورغانلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. گەرچە بۇخارا قىرىق كۈنگىچە شىددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئاچارچىلىق، ئېرىق ۋە قاناللارنىڭ نەسرۇللا تەرىپىدىن تىزگىنلىشى سەۋەبىدىن هاسىل بولغان سۇسىزلىق بالاسى، بولۇپمۇ هېكىمباينىڭ ئاهانىتى بۇخارانى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. نەسرۇللا مىلادىيە 1826 ـ يىلى 22 ـ مارتتا رىگىستاندىكى سارايغا كىردى. ئۇمەرخان قوقانغا قېچىپ قۇتۇلدى. خان ئۇنى چىرايلىق قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق تېزدىن ۋاپات بولدى.

ئامۇ دەريا بويىدا رەهىمسىزلىك بىلەن ئارىدىكى ئۈچ كىچىك قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدىن ئاتلاپ هەم ئىلگىرىكى رەقىبلىرىنىڭ كۆپلىگەن تەرەپدارلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن نەسرۇللا هېچكىم تەرىپىدىن قارشىلىققا ئۇچرىمايدىغان دەرىجىدە مۇستەهكەم تەختىگە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇز تۆت يىل هۆكۈم سۈردى. ئۇ ئاسىيادا بىر ئىسلام هۆكۈمدارىنىڭ نەقەدەر چوڭ ناهەق ئىشلارنى قىلىشقا هوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاسارەتكە چۈشكەن بىر قوۋمنىڭ نەقەدەر قاتتىق ئىستىبداتقا دۇچ كېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى هەققىدە جاهانغا بىر نەمۇنە بولدى.

تەختىگە ئولتۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا نوپۇزلۇق هېكىمباينىڭ تەهدىتى ۋە تەسىرى بىلەن ئۆزىنى گوياكى ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان قىياپەتتە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى دىنىنى هېمايە قىلىش، ئۆز تەۋەسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ④ دەل شۇ ۋاقىتلاردا بوخاراغا بارغان ئالېكساندىر بېرنىس نەسرۇللا هەققىدە : «ئۇ ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا ياردەم قىلغان، ئوسال ۋە بۇزۇق ئىشلارنىڭ كەپارىتىنى بەرگەن. ئۆز تەۋەسىنى هەققانىيەت ۋە بىتەرەپلىك بىلەن ئىدارە قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ شۇنىڭدەك باشقىچە يېزىشى مۇمكىن بولماس ئىدى. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا رەقىبلىرىدىن كېلىدىغان قورقۇنچ تۈگەپ، ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەهكەملىكىنى هېس قىلغاندىن كېيىن، قوي قىياپىتىدىكى بۇ جانىۋار يۈزىدىكى پەردىنى يېرتىپ، يىرتقۇچ يولۋاسقا ئايلاندى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ تېرىناقلىرىنى ئۆزىنىڭ هاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە يەنى قوش بېگى هېكىمبايغا بەكرەك پاتۇردى.

باشتا ھۆكۈمدار تەرىپىدىن كۆرستىلگەن ئىززەت ۋە ئىكرام سايىسىدا بۇ كىشى يالغۇز بۈيۈك ھۆرمەتكىلا ئەمەس، كاتتا بايلىققىمۇ ئىگە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ مىڭدىن ئارتۇق قۇللىرى بولۇپ ئۆزىنىڭ مۈلۈكلىرىدە ئىشلەيتتى، قوي، ئات، تۆگە، پادىلىرى ھېسابسىز دەرىجىدە كۆپ ئىدى. بۇ ھەقتە مەن ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ھەتتا ئۇ مەخسۇس كارۋان ئەۋەتىپ رۇسىيە بىلەن سودا مۇئامىلىسىمۇ قىلىۋاتاتتى. نەسرۇللا ئۆزىنىڭ قىينىنى شوراپ سەمرىگەن بۇ ھاشارەتنى ئۆلتۈرۈشكە قولىنى كۆتۈرگەن ۋاقىتتا بۇ ھاشارەت ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر سېمىزلىكى تۈپەيلىدىن يېرىلىپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى.

مۇستەبىت بىر ھۆكۈمران ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئەمەلدارىغا تۆھمەت قىلىش ناھايىتى ئاسان بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، نەسرۇللا قوش بېگى ھېكىمباينى خەزىنە مېلىنى ئوغرىلاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ، ھۆكۈم چىقاردى. باشلىدى ۋە مەنسىپىدىن چۈشۈرۈپ، دەسلەپتە قارشى ۋىلايىتىگە، كېيىن نۇرئاتاغا سۈرگۈن قىلدى. نەسرۇللا ئۇنىڭ كۈچلۈك تەرەپدارلىرىنى بىردىنلا ئۆزىگە قارشى قوزغاتماسلىقى ئۈچۈن، ھېكىمباي قوشبېگىنىڭ قېيناتىسى ياشانغان ئاياز بايىنى ⑤ تۈرلۈك مەرتىۋىلەر ۋە ئىمتىيازلار بىلەن تارتۇقلىدى. ھاياجان بىر ئاز بېسىلغاندىن كېيىن ئۇنى ھېچبىر سەۋەبسىزلا قاماققا ئالدى، مىلادىيە 1840 ـ يىلى ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ھېكىمباينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە نەسرۇللا ئۇنىڭ يالغۇز خەزىنىلىرىگە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن غايەت زور بىر ياشىغان بۇخارا خەلقىگە ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۆز تۈسىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىر كېڭەشچى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە بىر كورغا ئوخشاش ئىتائەت قىلىدىغان بىر خادىم بولسۇن ئۈچۈن، رەئىسلىك مەنسىپىگە ۋىجدانسىز باسقۇنچى رەھمانبەردىنى تەيىنلىدى. بۇ كىشى ياللانغان تۈركمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن گۇناھ ۋە جىنايەتكە قاتنىشىپ، نەسرۇللانىڭ ئۆز يېنىدا ئۆسكەن ئىدى. ۋەزىرلىك مەنسىپىگىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش رەزىللەر تەيىنلىنەتتى. كۆپىنچە بۇلار بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئالماشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. لېكىن، بىر نەچچىسى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمدارنىڭ چىرايلىق مۇئامىلىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، مىلادىيە 1839 ـ يىلى جاللات قولىدا جان بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن نەسرۇللا ئۆز مەملىكىتى ھەم ئۆز تەۋەسىنىڭ مال مۈلۈك ۋە ھاياتىنى ھېچبىر چەكلىمىسىز ھالدا ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ نومۇسسىز زالىمنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىدە تەلۋىلىك قىلىپ، ئاھ ـ پىغانلارنىڭ كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان زۇلۇم ۋە جاپالىرىنى ساناپ تۈگىتىش كىملەرنىڭ قولىدىن كەلسۇن! ئۇنىڭ ھېچبىر تويۇشنى بىلمەيدىغان نەپسىگە ئاھالىنىڭ ھەربىرى، بولۇپمۇ

ئەجنەبىي سودىگەرلەر گىرىپتار بولاتتى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن مەشھۇر بىر بۇخارا ھۆكۈمدارىغا ئۆزى تەلەپ قىلىشنى كۈتمەيلا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى جەلپ قىلىپ تۇرمىسا، ئۆزىنى دائىم خەتەر ۋە دەھشەت ئاستىدا ھېس قىلاتتى.

ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولغان مەخپىي كاتىبلار ۋە جاسۇسلار ⑥ بازاردا، مەكتەپتە، مەسچىتتە، سەيلىگاھلاردا ياكى ھامامدا بولغان ھەر تۈرلۈك كىچىك ۋە ئەھمىيەتسىز ۋەقەلەرگە قەدەر ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلە ـ ئۆيۋاقلارنىڭ ئەڭ ئىچكى بۇرجەكلىرىگە قەدەر كىرىشكە ھوقۇقلىرى بار ئىدى. دىنىي ئەھكاملارنىڭ ئىجراسىغا نازارەت قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ ھېرىس ۋە زوقىغا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆزىدىن كەچۈرەلەيتتى ۋە ھەممە نەرسە ھەققىدە مەلۇمات ئالالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتكارانە ھاياتىدا نوپۇزلۇق ئەربابلار ۋە دىنىي روھانىيلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزىتىپ قوغدىغانلىقتىن، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ جىنايەتلىرىگە كۆز يۇماتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق يول بىلەن ئۇنىڭ مەسلىكىگە ئۇچۇق ئاشكارە ياردەم بېرەتتى. ھالبۇكى، مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى ئەڭ تەسىرلىك چارە دىنىي ئۆلىمالەرنىڭ ئىتىراز بىلدۈرۈشى ئىدى.

دىن تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن قورال قىلىنىپ كەلگەن. بۇنداق ھالەت بۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئەگەر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر ئادەم ئۆزىنى، مال ـ مۈلكىنى، قۇللىرىنى، گۈزەللىك بىلەن تونۇلغان قىز ۋە ئەركەك باللىرىنى مۇستەبىت ھۆكۈمدارنىڭ پەس قوللىرىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستىسە، ئۇ ئادەم «ئەمرۇل ـ مۇئمىنىن» (مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى)گە، «زىللۇللاھ فىلئەرز» (تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسى)گە ئىتائەتسىزلىك قىلغان دېگەن بوھتان بىلەن ئەڭ قاتتىق جازاغا دۇچار قىلىناتتى. كىشىنى ھەر تۈرلۈك ئازابلاش ۋاستىسى بىلەن ئۆلتۈرۈش، قوي پىتلىرى (كانىلار) بىلەن تولغان جايدا كۆنلەر بويىچە تۇرغۇزۇپ ئازابلاش ⑦، ئىگىز تام ياكى مۇنارلارنىڭ ئۈستىدىن تاشلاش، تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى سويۇۋېلىش ياكى ئوت كۈيۈۋاتقان پىچلاردا كۆيدۈرۈش قاتارلىقلار بۇ قەبىھ مۇستەبىتنىڭ جازالىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئاللادىن قورقمايدىغان، بەندىدىن ھايا قىلمايدىغان بىر ھالەتتە ھەر تۈرلۈك رەزىللىك دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ ۋە ياۋروپا روھىنىڭ تۈنجى ئالامەتلىرى ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا كىرىپ، كونا زامانلاردا تونۇلغان، كېيىنچە نامەلۇم دېيەرلىك دەرىجىسىگە كەلگەن بۇ مەملىكەتنىڭ دەرۋازىلىرىنىمۇ قېقىشقا باشلىغان بىر زاماندا ماۋەرائۇننەھر تەختىدە ئەنە شۇنداق بىر ھۆكۈمدار ئولتۇرماقتا ئىدى. خۇسۇسەن رۇسىيە جەڭگىۋار

ۋەھشىي كۆچلىرى تىنچسىز چۆللەر ئارقىلىق ئۆتتۈپ، ئەسىرلەر بويىچە شىمالدىن كەلگەن يول بىلەن سىر دەريا ساھىللىرىغا يېقىنلاشقان، بېرىتانىيەلىكلەر (ئىنگلىزلار) بولسا ئۇنىڭ جەنۇبىدا بىر ئەسىرمۇ ئۆتمەستىن ئىلگىرىكى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بىر سودا ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، غايەت زور بىر ھىندىستان مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزۈپ، سۇلايمان تاغ تىزملىرىنىڭ ئۈستىدىن جاھانگىرلارچە نەزەرلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، ئامۇ دەريانىڭ بىرنەچچە كۆنلۈك يېرىگىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ غەرب بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرى ياكى پالاكەتلىرى ھەم ئىستىقباللىرى ئۈچۈن چوڭ بىر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەدۇر. مۇتەئەسسىپلىك ۋە جاھىللارچە مەغرۇرلۇق ھۆكۈم سۈرگەن يەرلەردە ئاسىيالىقلارنىڭ ياۋروپالىقلار بىلەن چۈشىنىشى ۋە ئارىلىششى مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئۇ يەردە تېزدىنلا پالاكەت ۋە ئىنقىلاب باشلىنىدۇ، ئەمما دۇنيانى بىر قەدەر تونۇغان، مەملىكەت ۋە جامائەت ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىشقا ماھىر بولغان يەرلەردە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن مەرھەمەت ۋە ئىككى ئارىدا ئىختىيارى ھالدا چىرايلىق مۇناسىۋەتنىڭ باشلانغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ كېيىنكىسىگە تۈركىيە، ئىران، مىسىر، ھەتتا پۈتۈن شىمالىي ئافرىقا ساھىلىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئالدىنقىسىغا بولسا ھىندىستاندىكى موغۇل مەملىكىتى ۋە ماۋەرائۇننەھر مىسال بولۇشقا يارايدۇ.

بۇخارادىكى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى سەھرا جايلار بىلەن چەكلەنگەن ياكى مەملىكەتنىڭ كونا شان ـ شەۋكىتى بىلەن غۇرۇرلانغان ئاھالىسىدىكى نەزەرنىڭ قىسقىلىقى ھەر تۈرلۈك يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرگە قارشى ھالدا مەيدانغا چىقىپ، دۇنياۋى يېڭى قاراشلارنىڭ ھەققىي پايدىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا سەۋەب بولغانلىقتىن، غەرب خرىستىئان دۇنياسى بىلەن ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەت ئۇ يەردە ئاساسەن رەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىقى تەبىئىيدۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقتىن نەسرۇللادەك بىر ھۆكۈمدارنىڭ رەھبەرلىكى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ غەپلەتتىن ئويغىنىش، ئۇ مەملىكەتنىڭ يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىشقا يول بارمۇ؟

نەسرۇللانىڭ غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتىنى قانداق قارشى ئالغانلىقى، ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ شان ـ شەۋكەت ۋە نوپۇزلىرىدىن نېمىنى ھېس قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى بىز تۆۋەندە كۆرىمىز. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى شۇنىڭدىن ھېس قىلالايدۇكى، ئاسىيادىكى باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ئەكسىچە ماۋەرائۇننەھر ئۆزىنىڭ يېڭىلىققا كۆچۈشكە ئەڭ باشتىلا قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بىر دۆلەت سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقى رۇسلارنىڭ سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى

ئوتتۇز يىل ئىلگىرى نەسرۇللانىڭ پىكرى ۋە مۇئامىلىسى بىلەن بەلگىلەنگەن. بۇ نۇقتىنى ئىزاھاتقا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى نەسرۇللانىڭ ئەڭ يېقىن قوشنا مەملىكەتلىرى بىلەن قانداق سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە سۆز يېزىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك.

بۇزۇق تەربىيلەنگەن نەسرۇللانىڭ جەڭ ھەۋىسى كۈچلۈك بولۇپ، بۈيۈك جاھانگىرلىك رولىنى ئوييناشنى ئىستەيدىغانلىقى يۇقىرىدا يېزىلغان ئىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال شەھرىسەبز بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئۇنىڭ بۇ خىل ھەۋىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ناھايىتى لايىق مەيدان تەشكىل قىلدى. بۇخارا خانلىقىنىڭ بۇ قىسمىدا ياشىغۇچى مىڭ، ئاشامايلى، قونغىرات قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ ئۆزبېكلەر بىرىنچى ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ بۇخارانىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆپىنچە ئىسيان قوزغاپ، بۇ خاندانىنىڭ ئەمرلىرى ئۈچۈن چوڭ مۇشەققەتلەرنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تۆت مۇستەھكەم قەلئەگە تايىنىشقا ئىقتىدارى بولغانلىقى، ئىككىنچى تەرەپتىن، ۋەتەنلىرىنىڭ لايىلىق بىلەن مۇداپىئە قىلىنغانلىقى ئىدى. لېكىن، ئەسلى بۇلارنىڭ ئاداۋەتلىرىنى كۈچەيتكەن ئەھۋال كېيىنكى ئەسىردە مۇقىمخان بىلەن ئۇبەيدۇللاخان ئارىسىدا يۈز بەرگەن جەڭدىن، تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، مانغىت ۋە قونغىرات قەبىلىرى ئارىسىدىكى رىقابەتتىن باشلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك، مانغىت قەبىلىسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ھەتتا تەختنى ئىشغال قىلىشى بۇ ئىككى قەبىلە ئارىسىدىكى ئاداۋەتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى تەبىئىي. شۇنىڭغا قارىغاندا بىز شەھرىسەبز ئۆزبېكلىرىنىڭ مانغىت خاندانىدىن بولغان ھۆكۈمدارلار بىلەن دائىمى سۈرەتتە شىددەتلىك دۈشمەنلىكلەردە بولغانلىقلىرىنى كۆرىمىز. ئەمىر مەئسۇم ئۇلارغا قورال ئىشلىتىپ كۆردى. ئەمرى سەئىد ۋاقتىدا ئۇلار يىللار بويى مۇستەقىل ياشىدى. ئەمىر نەسرۇللامۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى ھەربىي يۈرۈشىنى ئاشۇ ئاسىي ۋىلايەتكە قاراتتى. بۇ بىر مۇستەبىت بىلەن ئۆز ۋەتەنلىرىنى قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭگە ئايلاندى. ئۇ كۆپ ئايلار مۇھاسىرە بىلەن بۇ شەھەرنى بىر نەچچە قېتىم ئىشغال قىلىپ، خەلقنى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، ئەسكىرىنى ئۇ يەردىن يۆتكىگەن ھامان قايتىدىن ئىلگىرىكى ھالەت باشلىناتتى. ئۇ بەزىدە ئۇلەمالەر ۋاستىسى بىلەن، بەزىدە قىرغىنچىلىق بىلەن، يەنە بەزىدە ئاقچا ۋاستىسى بىلەن ئۆزىگە تەرەپدارلارنى تەييارلىماقچى بولدى. ئاخىر ئاسىيلارنىڭ بېشىدا تۇرغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى ۋەلى نەئىمخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. لېكىن، بۇ چارىلەرنىڭ ھېچبىرى پايدا بەرمىدى. تۆۋەندە بايان قىلىنغىنىدەك، شەھرىسەبز بۇ مۇستەبىتنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ئىسيان ۋە غورۇرىنى داۋام

www.uyghurweb.net

قىلدۇردى. نەسرۇللانىڭ ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدىن بىرى قەدىم پارغانە دەپ ئاتىلىۋاتقان قوقەنت بىلەن بولغان جەڭلىرى تېخىمۇ شىددەتلىك بولغانسېرى ئارتۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىدى.

يۇقىرىدىكى بايانىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىچىككىنە شەرق مەملىكىتى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بابىرنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن يوقىتىپ قويدى. يەنە بىرگە مەلۇمكى، بۇ مەملىكەت يېڭىدىن ئۆزىنىڭ بىرقەدەر ئىستىقلالىنى شەيبانىيلارنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ خانىدان ئۆزىنىڭ شان ـ شەۋكەتلىرىنى يوقىتىشقا باشلىغاندا ھازىرقى قوقەنتنىڭ شەرق قىسمىغا ئوشتىن باشلاپ خوجەنتكە قەدەر بولغان يەرلەردە تەخت دەۋاچىسى، شۇنداقلا شەيبانىلارنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە موغۇل نەسلىدىن بىر خانىدانلىق مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بېشىدا ئانا تەرەپتىن بابىرنىڭ بوۋىسى بولغان يۇنۇسخان تۇراتتى. شەيبانىينىڭ دەسلەپكى كېڭىيىش ۋە كۈچىيىش دەۋرىدە بۇ خانىدانلىق قوقەنتنىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتا تۇردى. ئۇلار ناھايىتى ئاز ۋاقىتلاردىلا تەخت دەۋاسى قوزغاشقا جۈرئەت قىلاتتى. گەرچە يۇنۇسخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان تەنبەلدىن ⑧ ئەندىجاننى تارتىۋالغان بولسىمۇ، شۇنداقلا قارا قىرغىز ۋە قىپچاقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئۈچۈن خىلى ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە شىددەتلىك تەدبىرلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ خانىداننىڭ ئەۋلادلىرى قوقەنتنى ھەقىقى مەنىسى بىلەن پەقەت سۇبھانقۇلىخان ⑨ ۋاقتىدىلا ئىشغال قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇ ۋاقىتتا ئاقچىلاردا ۋە خۇتبەلەردە بۇخارا ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى يۇرگۈزۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇخارا خانلىرىنىڭ نوپۇزى كەمەيگەنسېرى قوقەنت خانلىرى ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ چېگرىلىرىنى كېڭەيتتى. ھەتتا قايدۇ سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقلىرىنى سىر دەريا بويىغا، ئېنىقنى ئېيتقاندا، تۈركىستان ۋىلايىتىگە قەدەر كېڭەيتتى. كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئۆزلىرىنىڭ تەختلىرىگە خوجەنت ۋە تاشكەنتنى قوشۇشقا، ھەتتا تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە تىرىشتى. ئوكتاينىڭ ئەۋلادى قايدۇخاننىڭ تۈركىستاننى تىزگىنلەش ئۈچۈن چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن جەڭ قىلغىنىغا بەشيۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يازما مەنبەلەر بولمىسىمۇ، بۇ سۇلالىگە مەنسۇپ موغۇل شاھزادىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنىڭ داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىرىدىن چىقارمايتتى. مۇشۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ يېڭىدىن دەۋا قوزغاشلىرىغا سەۋەب بولدى.

باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشتەرخانىيلار قوقەنت خانلىرىنى پاراكەندە قىلمىدى ياكى ناھايىتى ئاز پاراكەندە قىلدى. ئەمما، ھۆكۈمەت مانغىت

سۇلالىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئەھۋال ئۆزگەردى. ئەمىر مەئسۇم خوجەنت ئۈچۈن قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى نەسرۇللا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ھەۋىسى بىلەن قوقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇ ئىدىكى، قوقەنت ئەمىرى مۇھەممەد ئەلىخان شەرق تەرەپتە جۇڭگولۇق مانجۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازاندى. ئۇ ھاكىمىيەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق مەملىكىتىنى ئاۋاتلاشتۇردى ھەم ئۆز پۇقرالىرىنىڭ شۇ دەرىجىدە ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىگە ئىگە بولدىكى، بۇ ئەھۋال تەنتەك نەسرۇللانى خەۋپ ۋە دەھشەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

نەسرۇللانىڭ ئىستىبلاچىلىق ھەۋىسىگە ئۆزى بىلەن ئوخشاش ھىيلىگەر ۋە رەزىل بولغان ئىران باسقۇنچىسى ئەبدۇسسەمەدخانمۇ كۆپ تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ كالۋالىقى تۈپەيلىدىن ئىراندا تۇتقۇن بولغان بۇ كىشى تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ مەسخىرلىك كىشى ياش ۋاقتىدا ئۆگەنگەن ئىنتايىن قىسمەن ياۋرۇپاچە ھەربىي مەلۇماتى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھىندىستان ۋە ئافغانىستاندا يۈردى. كېيىن (مىلادىيە 1835 ـ يىلى) ھېكىمباي ئىش بېشىدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بۇخاراغا كەلدى. قوش بېگى ئۇنىڭ ئەسكىرىي مۇئەللىم (ئىنىستىرۇكتور) بولۇشقا تەيىنلىمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار» دېگەن ماقالغا مۇۋاپىق نەسرۇللا ئۇنى باشقىچە بىر ياخشى مۇئامىلە بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى گېنېرالىسىمۇسلۇق ئورنىغا كۆتۈرۈپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ ئۈستىگە نائىپ قىلىپ بەلگىلىدى. ئەبدۇسسەمەتخاننىڭ توپ (زەمبىرەك) بىلەن تونۇشلىقى ئۆزبېكلەرنىكىدىن كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەم قوماندانلىقتا ئېيتىدىغان فرانسۇزچە ئىككى ـ ئۈچ سۆزنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى ھۆكۈمدار ئۇنى كۆرۈپ، ھەربىي ئىشلارنىڭ بىر ئەللامىسىگە نائىل بولدۇم دەپ گۇمان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىزدەۋاتقان «فاتىھە» ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇش ئۈمىدىگە تولدى. ئاشۇ فاتىھلىق ئۇنۋانىنى بىرىنچى قېتىملىق قوقەنت ھۆكۈمدارىغا كۆرسىتىش قەستى بىلەن مىلادىيە 1839 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلىخانغا قارشى جەڭ باشلىدى. بۇ جەڭگە سەۋەب قىلىپ، قوقەنتلىكلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 1819 ـ يىلىدىلا چېگرىدا بىنا قىلىنغان پىشاگىر قەلئەسى مەسىلىسى قويۇلدى. نەسرۇللا ئۇنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. رەت قىلىش جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن قوشۇن بىلەن ئۆزى شۇ يەرگە باردى. ئەبدۇسسەمەدخان بولسا تۇنجى قېتىم بۇ توپا تامنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ توپچىلىقتىكى «ماھارىتى»نى كۆز ـ كۆز قىلىش شەرىپىگە نائىل بولدى. نەسرۇللا بۇ ھەربىي يۈرۈشتىن غالىبىيەت ھېسسىياتى بىلەن خۇشال بولۇپ قايتتى.

بۇخارادا ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلىخان ئۆزىنىڭ غەربىتىكى كۈشەندىسىنىڭ دۈشمەنلىك پىكرىنى بىلگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا دۇچار

بولماسلىق ئۈچۈن، مىلادىيە 1841 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم باشلاپ، ئۆرەتۆپىدىكى بۇخارا قوشۇنىنى (گارنىزونىنى) قوغلاپ، بۇ يەرنى پۈتۈن ئەتراپى بىلەن قوشۇپ ئىزگىنلىدى. ئەسلى ھەق ـ ھوقۇقى جەھەتتىن بۇ يەر قوقەنتكە تەۋە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نەسرۇللا خېلى كۆپ ئۆزبېك ئاتلىق قوشۇنى ھەم يېڭى تەشكىل قىلىنغان بەشيۈز كىشىلىك سەرۋازلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئىككىنچى نۆۋەت ھۇجۇم قىلدى. سەرۋازلار ئۆزلىرى تەسىس قىلغان رەھبەرلىرى ئەبدۇسسەمەدخاننىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا ئىدى. ئۈچ ئاي مۇھاسىرىدىن كېيىن ئۆرەتۆپە يېڭىدىن بۇخارالىقلار تەرىپىدىن ئىزگىنلەندى. ئادەت بويىچە بۇ يەردە قانلىق ۋەھشىيلىكلەرنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى نەسرۇللاغا پۈتۈن قەلبىدىن دۈشمەن بولدى. شۇڭا، ئۇ تېخى سەمەركەنتكە يېتىپ بارا ـ بارمايلا ئۆرەتۆپىلىكلەر قوقەنتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇخارا قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەرسكەر ۋە قوماندانلىرىنى ئۆلتۈردى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن نەسرۇللانىڭ نەقەدەر غەزەپ ۋە تېزلىك بىلەن يېڭىدىن ئۆرەتۆپىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ ؟ بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ رەقىبى ئۆز ئەسكىرىنىڭ خېلى مۇھىم بىر قىسمىنى سىر دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە رۇسلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدى. شۇڭا، نەسرۇللاغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلماي، خۇجەنت يولى بىلەن ئارقىغا چېكىندى. لېكىن، نەسرۇللا ئۇنى قوغلاپ كېلىپ خۇجەنتنىڭ يېنىدا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ جەڭدە مۇھەممەد ئەلىخان مەغلۇپ بولدى. ئۆزىنىڭ قايتىش سەپىرىدە دۈشمەنىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكى ھەم پايتەختنى خەتەر ئاستىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلىخان نەسرۇللا ھۇزۇرىغا ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭغا بىنائەن كانبادام يېنىدا ئىككى ئارىدا سۈلھى تۈزۈلدى. بۇ سۈلھى بويىچە مۇھەممەد ئەلىخان بۇخارانىڭ ئالىي ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىشكە، خۇجەنتنى ۋە باشقا كۆپ يەرلەرنى نەسرۇللاغا تاشلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق سۈلھىنىڭ دوستلۇقتا سەۋەب بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ناچار تەبىئەتلىك بۇخارا ئەمىرى ئۆزىگە مەغلۇپ بولغۇچىنى تېخىمۇ بەكراق خورلاش ئۈچۈن، يېڭى ئىشغال قىلىنغان ۋىلايەتكە ۋالىي قىلىپ مۇھەممەد ئەلىدىن تەخت تالىشىپ ئىلگىرى بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن قېرىندىشىنى قويدى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېساباتىدا چوتنى خاتا سوققان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا قوقەنت خانلىرىنىڭ تېخى ھايات ياشاۋاتقان ئانىسى بۇ ئىككى قېرىندىشىنىڭ ئارىسىدا سۈلھى پەيدا قىلدى ۋە شۇنىڭ ياردىمىدە بۇخارا ئەمىرى تېخى بۇ ئىشنى خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇنلا قوقەنت ۋە باشقا جايلار قايتىدىن قوقەنت خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

بۇخارا ئەمىرىنىڭ دۈشمىنى ئەمدى بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككى بولدى. بۇنى كۆرگەن ئەمىرنىڭ قەھر غەزىپى ھەددىدىن زىيادە ئىدى.

ئىنتىقام ھېسسىياتى ئۇنى پەۋقۇلئاددە سۈرەتتە قوراللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق ۋە مىڭ سەرۋازدىن ئىبارەت ئادەتتىكى قوشۇنىدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۇجىرەت، تەكە ۋە سالۇر قەبىلىرىدىن ئونمىڭ تۈركمەننى ئەسكەرلىككە ئالدى ۋە تېزلىك بىلەن قوقەنت ئۈستىگە يۈرۈپ، مۇھەممەد ئەلىگە شۇ قەدەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پايتەختىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن قوغلاپ بارغانلارغا مەرغىلان يېنىدا تۇتۇلدى. ئون ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پايتەختىدە قېرىنداشى ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى ⑩. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ھەتتاكى ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمىدى. رەھىمسىز ئەمىر مۇھەممەد ئەلىخان تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى جاللاتقا تاپشۇرۇپ، مال ــ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. ئىشغال قىلىنغان شەھەردە يىگىرمەمىڭ ساقچى ئەسكەر بىلەن ئەسلى مەرۋىلىك ئىبراھىمباينى قالدۇردى.

بۇخارانىڭ بۇ غەلىبىسىگە بىر تەرەپتىن ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك سەۋەب بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن نەسرۇللانىڭ ھىيلە ــ نەيرەڭلىرىمۇ كۆپ ئۇنۇم بەردى. ئۇ كۈچلۈك ۋە نوپۇزلۇق قىپچاق قەبىلىسىنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، بۇ ۋەھشىي ۋە جەڭگىۋار خەلقنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن چەتتە تۇتۇپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن، بۇخارالىقلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقلىرى بۇ قەبىلىنىڭ بىتەرەپلىك ھالىتىگە تېزدىن خاتىمە بەردى. ئۇلار ساقچى ئەسكەرلەرنى ۋە شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تەختكە مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئۆزلىرىگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئوغلى شىرئەلىخاننى ئولتۇرغۇزدى.

نەسرۇللانىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقى قوقەنتتە ھەممە ئادەمگە ئېنىق ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دەسلىپىدىن باشلاپ قەتئىي تەدبىرلەر كۆرۈلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قوقەنت تۇنجى قېتىم قىلىن لاي سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىندى. سېپىل تامام بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ يېنىدا دەرھال ئون بەشمىڭ كىشىلىك بۇخارا قوشۇنى پەيدا بولدى. بۇ قوشۇن تاج دەۋاسى بىلەن كۆپتىن بېرى نەسرۇللانىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانقۇل (ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتاش ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى)نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇ يولدا كېلىۋاتقان ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ۋەتەنداشلىرى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇ يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭغا شەھەر قوۋۇقلىرى ئېچىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى ئۆزىنى بۇ يەرگە خان

بولۇشقا ئەۋەتكەن نەسرۇللاغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ ۋەتەنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى بىلەن كەلگەن بۇخارالىقلارنى قىچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئاچچىقىدىن ئاغرىپ قالغان بۇخارا ئەمىرى قوقەنت ئۈستىگە تۆتىنچى قېتىم قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قېتىمقى قوشۇن شاھرۇخ مىرزىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆرەتۆپىگە بېرىپلا توختاپ قالدى. تۆۋەندە كۆرۈلىدىغان سەۋەب تۈپەيلىدىن، يەنى مۇستەبىت نەسرۇللانىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن بۇ جەڭ ئاخىرلاشتى. بۇ جەڭلەردىن قوقەنت ئۈچۈن بىرەر زىيان بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ باشتىلا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان رۇس ئەسكەرلىرىگە قوقەنتلىكلەرنىڭ ئازراق تاقابىل تۇرغانلىقى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمىدى. قوقەنتتە ھەممە نەرسە ئەسلىدىكى پېتىچە قالدى.

نەسرۇللاخانىنىڭ غەربتىكى رەقىبى، يەنى خىۋەخانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ماختىنغۇدەك بىر ھالەتتە ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئاداۋەت ئۈستىگە، يەنى مانغىت خانىنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن يېڭى دۈشمەنلىك كۆپەيدى. رۇسىيە ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرىنى ئاقرونلۇق بىلەن پات ـ پات توختىتىپ تۇرۇپ، سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىنى بويلاپ، ئارال كۆلىگە ئۇدۇل ئەۋەتكەن سەۋەبتىن، رۇس ھاكىمىيىتىگە ھېچقاچان رازى بولغىلى ئۇنىمىغان كىچىك ۋە ئوتتۇرا ئوردىلىق ئايرىم قازاقلار ئاسىيادىكى مۇستەقىل ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىپ پاناھلىنىش ئۈچۈن، تۈركىستان مەملىكىتىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى مۇنبەت ۋە ئېكىنزار يەرلەرگە قاراپ چېكىنىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھىمايە ۋە مۇداپىئە ئورنىغا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرگەنلىكلىرىنى كېلەچەكتە يازىمىز. ئەمما، بۇ قازاقلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بۇ يەردىكى خانلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ پالاكەتكە سەۋەب بولدى. چۈنكى، مەيلى خىۋە، مەيلى بۇخارا بولسۇن، قازاقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ قوبۇل قىلدى. گەرچە ھەر ئىككى ھۆكۈمەت ماددىي جەھەتتە بۇلاردىن كۆپ پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا بۇلار ئۈچۈن ئىككى ئارىدا كۈچلۈك زىددىيەت باشلاندى ـ دە، ئارىدىن ئون يىل ئۆتمەيلا بۇ قازاقلار جەڭگە سەۋەب بولدى.

نەسرۇللا ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا بۇخارا بىلەن خىۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. ھەتتا گېنېرال پېروفىسكى قوماندانلىقىدىكى رۇس قوشۇنلىرى ھەيئىتى خىۋە ھۆكۈمدارى ئاللاقۇلىخانىنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە بۇخارانىڭ «مۇقەددەس ئەمىرى» ئۆزىنىڭ بۇلاڭچىلىق تاجاۋۇزلىرىنى ھەزارەسپگە قەدەر كېڭەيتىش بىلەن ئومۇمىي دۈشمەنىنىڭ شەرقىي شىمالدىلا ئەمەس، بەلكى غەربتىمۇ ئۆز مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن ياردەمگە ئىگە بولغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇ دۈشمەنلىك يۇمشىمىدى.

بۇخارالىقلارنىڭ دۈشمەنلىكى خىۋەدە 1841 ـ يىلىدىن 1843 ـ يىلىغىچە قەدەر بولغان رەھىمقۇلىخان ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدىمۇ داۋام قىلدى. پەقەت مۇھەممەد ئەمىنخاننىڭ (1843 ـ 1855 ـ يىللار) كۈچلۈك قوللىرىلا زەرەپشان بويىدىكى بۇ ياۋۇز يىرتقۇچنىڭ تاجاۋۇزىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ ئامۇ دەريا بويىدىكى ئۆزىنىڭ قانداش ۋە دىنداشلىرىغا ھەر ۋاقىت شىددەتلىك دۈشمەن بولۇپ تۇردى.

ئىراننىڭ بۇخاراغا دوستانە مۇناسىۋىتى ھەققىدە ھېچبىر ۋاقىتتا، بولۇپمۇ نەسرۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا سۆز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇخارا خانلىقىدا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئىرانلىقلار ئاسارەت ئاستىدا ئىڭراۋاتاتتى. بۇلار كۆپىنچە ئىراننىڭ شەرقىي شىمال ۋىلايەتلىرىدىن بولۇپ، كۆپ قىسمى بۈيۈك مەنسەپلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىرنەچچە شەھەرلەر ۋە يۇرت مەھەللىلەرنىڭ زۇلۇم بىلەن خاراب قىلىنغان مەنزىرىسى، فەتھىئەلىشاھنىڭ شۇ ۋاقىتتا خوراساندا بولغان جەڭگىۋار ۋە ئىستىبدات ئوغلى ئەبباس مىرزىمۇ سەبىر تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە دەھشەتلىك ئىدى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىشلارغا سوغۇق قانلىق بىلەن بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ شاھزادە ئۇ ۋاقىتتا تۈركمەنلەرنى مەرۋى بىلەن سەرەخسىدىن يېڭىلا قوغلىغان ؛ كۆپ ۋە كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭ سەرەخسىدىكى ۋەزىيىتى بۇخارا ئەمىرىنى ئاساسەن قورقىتىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئەگەردە تۈركمەنلەرنى ھەرۋاقىت ئىرانغا قارشى ئىغۋاگەرچىلىككە سېلىپ تۇرىدىغان خىۋە ھۆكۈمدارى ئاللاقۇلىخاننىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتى ياردەم بەرمىگەن بولسا، شۆھرەتپەرەس ئابباس مىرزا بۇخارانىڭ پايتەختىگە بولمىغاندىمۇ، بۇخارا خانلىقىنىڭ ئەڭ يېقىن شەھەرلىرىگە بىر ھۇجۇم قىلىپ كۆرگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ قېتىم تەھدىت سېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولدى. نەسرۇللا بولسا ئۇنىڭ ھۇجۇمغا جاسارەت كۆرسەتمىگەنلىكىنى ئۆزىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن بولغان دەپ گۇمان قىلغانلىقتىن، ئىرانغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ جاسارەت بىلەن باشلىۋەتتى.

ئافغانىستان ئەھۋالى ھەم بۇ قانخور بۇخارا مۇستەبىتنىڭ يىرتقۇچلۇق ۋە مەنسەپپەرەسلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بىر ھالەتتە ئىدى. دەۋرانىي خانىدانىنىڭ بىرىنچى ئەمىرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئافغانىستان پادىشاھلىقى ھېچبىر ئاخىرى چىقمايدىغان ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەللەر سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولۇش ھالىتىدە ئىدى. «پەنجاپ ئارسلانى»دەپ ئاتالغان رەنجىت سىنگ ئافغانىستان ئۈچۈن ئىنتايىن پالاكەتلىك بولغان نەۋچىرەۋ جېڭىدىن كېيىن، ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىنى پىشاۋۇرغا قەدەر كېڭەيتتى. ئىران خوراساننىڭ بىر قىسمىنى ئىستېلا قىلىش بىلەن قالماي بەلكى ئەسلىدىكى ئافغانىستان تۇپرىقىنى ئىشغال قىلىش قەستى بىلەن ھىراتقا ھۇجۇم

قىلدى. خىۋەلىكلەر بولسا رەھىمقۇلى ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا ئىران نەسلىدىن بولغان جەمشىدىيلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇلار ئۇ چاغدا مۇرغاپنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدە كۆچمەنلىك بىلەن ياشاۋاتاتتى.

بۇخارانىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن دەۋاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن نەسرۇللا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ نۇپۇز ۋە ھاكىمىيىتىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى جايلارغا قەدەر كېڭەيتتى. گەرچە ئۇ بەلخ، خۇلم، ئەندخوي، مەيمەنەنى ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەر شۇ دەرىجىدە ۋەيران ۋە پەرىشانلىققا دۇچار قىلىنغان ئىدىكى، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىشقا غەيرەت قىلىشنىمۇ لازىم كۆرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يارمۇھەممەدخاننىڭ لەشكىرىي يۈرۈشى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ھېساب ۋە پىلانلىرى بۇزۇلغانغا قەدەر ئۇ بۇ ئون ئىككى خانلىق ئۈستىدە چەكلىمىسىز ئالىي ھاكىمىيەت بىلەن پايدىلاندى. ئۇ ۋاقىتتا خېلى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، ئافغانلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇلار ئۇنىڭغا ھەر يىلى ئازراق مىقداردا سېلىق بېرىپ تۇراتتى.

شۇ يول بىلەن نەسرۇللاخان ھەرقانچە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگە ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق خىياللىرىغا ھەرتۈرلۈك ئەھۋاللار پايدىلىق بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنى شاھلار شاھى دەرىجىسىدە شان ـ شاۋكەتلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئەخمىقانە ۋە كۈلكىلىك بىر خىيال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇ خىيال ھەر تەرەپتىن قۇملۇق سەھرالىرى بىلەن قورشالغان ئۇ سەھرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى خېيىمخەتەرلەردىن ئامان دەپ، گۇمان قىلغۇچى ۋە تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر بولغان بىر ۋەھشىي مۇستەبىتتە ياۋروپانىڭ بۈيۈك دۆلەتلىرىگىمۇ قوقەنت بىلەن خىۋە دەرىجىسىدە قارايدىغان تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق ھېسسىياتىنى ئويغىتىشقا يېتەرلىك ئىدى.

گەرچە ئۇ شىمال تەرەپتىن تۇران ئۈستىدىن چۈشكەن بۈيۈك دۆلەت كۆلەڭگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغىچە ئۇزىراپ، يېقىن ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز خاندانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خەتەر ئىچىدە قالدۇرغانلىقىنى ئازراق پاراسەت بىلەنلا ھېس قىلىشقا مۇمكىن بولسىمۇ، رۇسىيە بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىغا يېقىنلىششى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن سىياسىي ئەھۋال نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ھەددىنى بىلمەي، چېكىدىن ئاشىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇشقا باشلىدى.

بولۇپمۇ رۇسىيە ئۇ ئۆتكەن ئەسىرلەردىن بېرى بۇخارا بىلەن دائىمىي سىياسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋولگا بويىغىچە، موسكۋا ۋە نۇۋگورودقا بارىدىغان قەدىمكى، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن تىجارەت يولى

رۇسىيە بۈيۈك كېنەزنى بۇخارا خانى بىلەن يېقىنلىششقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ تىجارەت يۈزىسىدىن ئورناتقان مۇناسىۋەتلىرى دەسلەپتە پەقەت ئاددىي ئاگېنتلار ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ياۋروپادا ئىستېمال قىلىنغان مەنىسى بىلەن بىرىنچى سىياسىي ھەيئەت «نېگرى»نىڭ باش بولۇشى بىلەن 1820 ـ يىلىدا قۇرۇلدى ھەمدە بۇخارا ھەققىدە تۇنجى قېتىم توغرا مەلۇمات مۇشۇ ھەيئەت ئەزاسىدىن بولغان بارون مەيېندورۇف ۋاستىسى بىلەن ئېلىندى. رۇس ئەسكىرىي قوشۇنلىرى قۇملۇق سەھرانىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدە ئۇ ۋاقىتلاردا يېڭى كۆرۈنۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت قوقەنت، خىۋە خانلىقى بىلەن چېگرا مەسىلىلىرى توغرىسىدا زىددىيەت چىقىرىۋاتاتتى، ئەمما بۇخاراغا نىسبەتەن دوستانە مۇئامىلە كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى رۇسلارنىڭ ئالدى بىلەن بۇ كىچىك ۋە ئاجىز مەملىكەتلەر بىلەن ھېسابنى تۈگىتىپ بولغۇچە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقىنىڭ نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك، كۈچلۈكرەكى بولغان بۇخارا بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشنى ئىستىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئەگەردە ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشتا رۇسىيىنىڭ رەقىبى بولغان ئىنگلىزلارمۇ بۇخارانىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، يېڭىدىن ئىستېلا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىستېلا قىلىنغان جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، زەرەپشان بويىنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى تەشەببۇس قىلمىغان بولسا، پېتېربورگ سارىيى ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام بولغان ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىياسىتىنى كېلەچەكتىمۇ شۇنداق داۋام ئەتتۈزگەن بولاتتى.

ئىككى خرىستىئان ياۋروپا دۆلىتىنىڭ مەغرۇر ۋە تەكەببۇر نەسرۇللانى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن سىياسىي رەقابەتلىرى مىلادىيە 1832 ـ يىلىدا ئالېكساندىر بېرنىسنىڭ يېرىم رەسمىي ساياھىتى بىلەن ئىنگلىزلار تەرىپىدىن باشلاندى. رۇسىيە بۇ شوتلاندىيىلىكنىڭ ساياھىتىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھمىيەت بەردى. مىلادىيە 1834 ـ يىلى دېمىزون پېتېربورگدىن سەپەر قىلىپ بۇخاراغا كەلدى. مىلادىيە 1835 ـ يىلى سىياسىي ئاگېنت بولۇپ ۋىتكوۋىچ كەلدى. بۇلارنىڭ سەپەرلىرىدىن مەقسەت بۇخارادىكى رۇس ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىش ۋە بۇخارادا قولاقنا ياقىدىغان تەبرىلەر بىلەن رۇس پادىشاھىنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى ھەققىدە ئەمىرنى قانائەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، رۇس ھەيئىتىنىڭ ئىززەت ـ ئېھتىراملىق مۇئامىلىسى نەسرۇللانىڭ ئېتىخارلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ھېسسىياتىنى كۈچەيتكەن زامانلاردا رۇس قوشۇنلىرى بۇ سەھرا مەملىكىتىنىڭ ئېكىنزارلىق قىسمىغا بارغانسېرى تۈپتوغرا يېقىنلىشىۋاتاتتى، بۇخارادا بولسا رۇس زەمبىرەكلىرىنىڭ دەريا بويىدا ئېتىلغان ئاۋازلىرىغا زەررىچە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتاتتى.

بۇخارا ئەمىرىنىڭ رۇسىيىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە جاۋاب بېرىش ھالىتىدىمۇ رۇس ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە سەۋر ـ تاقەت كۆرسىتىلدى. ئەگەر نەسرۇللا ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىنىڭ بىرىگە ياكى سارايى ئىچىدىكى بىرەر قوماندانلىرىغا پايدىلىق بىر مەنسەپ بېرىشنى ئىستىسە، ئۇ كىشى ۋەكىل قىلىپ پېتېربورگقا ئەۋەتىلەتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئەمىرىگىمۇ قىممەتلىك ھەدىيەلەر بېرىلەتتى. بەزىدە بۇ ساختا دىپلوماتقا بۇخارا مەملىكىتى ئۈچۈن رۇس ھۆكۈمىتىدىن لەشكىرىي مۇئەللىم ۋە تەلىم تەربىيەچىلەر، ماھىر مەدەن قازغۇچىلار ۋە باشقا ھۈنەر ـ سانائەت ئەھلىلىرىنى سوراشقا پەرمان بېرىلەتتى ۋە گويا بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنداق كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى، ئۇلار كەلسە كاتتا ۋەزىپىلەر بېرىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلەتتى. لېكىن، بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى غەلىتە خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان ئەمىرنىڭ بىر ئەجنەبىي قوماندانغا ئۆز مەملىكىتىدە يۈرۈپ ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈشكە ۋە بىلىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشى زادى مۇمكىن بولىدىغان ئىشمۇ؟

ئاخىر رۇسلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتىمۇ ئۆزىنىڭ بىر چېكىگە يەتتى، ئاندىن ئارتۇق داۋاملىششىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئافغانىستاندا ئەنگلىيىگە قارشى گورۇھلار مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، ئۇنىڭ رەھبىرىي دوستمۇھەممەدخان بۇخاراغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئىنگلىزلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىنغاندا رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇخارا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئىستەپ، مايور بوتېنيوفنىڭ باشچىلىقىدا مىلادىيە 1840 ـ يىلى زەرەپشان بويىدىكى پايتەختكە سىياسىي ۋە ئىلمىي ھەيئەت ئەۋەتتى. رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان بۇ دىپلومات (بوتېنيوف)قا ھەممىدىن ئاۋۋال ئەمىرنى پېتېربورگ سارىيىنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرىگە نىسبەتەن دوستانە ۋە خەيرخاھانە مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قانائەتلەندۈرۈش لازىم بولدى. مەسىلەن، مىسىرلىق مۇھەممەد ئەلى تەرىپىدىن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈركىيە سۇلتانى مەھمۇد گە ياكى ئىران شاھى مۇھەممەدكە دوستلۇق مۇناسىۋىتى كۆرسىتىلگەن. ئەگەر تۆۋەندە يېزىلغان شەرتلەرگە ئەمەل قىلىنسا، نەسرۇللانىڭمۇ ئەنە شۇنداق دوستانە مۇناسىۋىتقا مۇۋەپپەق بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1) رۇسلارنى ئەسىرلىكتە تۇتماسلىق ؛ 2) ھەربىر رۇس پۇقراسىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي مال ـ مۈلكىنى قوغداش ؛ 3) بۇخارادا ۋاپات بولغان رۇس پۇقرالىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلماستىن، ھەممىسىنى رۇسىيىگە ئەۋەتىش ؛ 4)بۇخارالىقلارنىڭ رۇسىيە پۇقرالىرىنى بۇلاپ ـ تالىشى ياكى رۇس پۇقرالىرىغا جەۋر زۇلۇم

قىلىشنى كەسكىن ھالدا چەكلەش، بۇ پەرمانغا خىلاپ ھەرىكەتلەردە بولغۇچىلارغا دەرھال جازا بېرىش ؛ 5) رۇس تاۋارلىرىغا مەلۇم مىقداردا رەسمىيەت بېجى قويۇش، بۇ باجنىڭ مىقدارى شۇ مالنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە نىسبەتەن 5% تىن ئارتۇق بولماسلىق ؛ 6)رۇس سودىگەرلىرى بۇخارا تۇپرىقىدا ھېچقانداق خىيىمخەتەرگە ئۇچرىماسلىق، رۇسىيە مەملىكىتىدىكى بۇخارالىقلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇداپىئە قىلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

رۇسلار تەرىپىدىنمۇ مۇشۇ شەرتلەرگە باراۋەر كېلىدىغان مەنپەئەتلەردىن تەمىن قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىلدى. ئەگەر رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەيئىتىنى بۇخاراغا ئەۋەتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مال ـ مۈلۈك ۋە تارتقان مۇشەققەتلىرى ھەمدە قىسمەن ھەيئەت ئەزالىرىدىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ ماھارەت ۋە ئىقتىدارلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بولسا، ئىلىلىق ماي پەسلىنىڭ تۈنجى ھاياتبەخش ھاۋاسى بىلەن ئورىنبورگدىن ھەرىكەت قىلغان بوتېنيوفتىن مۇھىم بىر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى پېتېربورگنىڭ سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر.

رۇسىيە، ھەتتا ئاشۇ ئاسىيالىق رۇسىيىمۇ شۇ قەدەر تەجرىبىسىز ئىدىكى، نەسرۇللا بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ھەققىدە بىر خىلدا ئۈمىد ۋە خىياللارغا بېرىلدى. لېكىن، بۇخارا تەختىدە ئولتۇرغان بۇ سەۋدايى تەكەببۇرنىڭ ئاددىي بىر ئاگېنت ئەۋەتىش بىلەن تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىش ئارىسىدىكى پەرقنى زادى چۈشىنىشى مۇمكىنمۇ ؟ ياكى ئۇنىڭ سابىق بەچچىسى ئون توققۇز ياشلىق ۋەزىرى ئەبدۇلخالىق ئىمپېراتورنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتى ۋە ياكى گراف نېسىلېرودىنىڭ سۆزى ھەققىدە ئىزاھ بېرەلەرمۇ ؟

دەرۋەقە بۇ رۇس ھەيئىتىگە كۆرسىتىلگەن ئىلتىپات ۋە ئېھتىرام ھەققىدە شۇنىڭدىن زىيادىسىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ھەقىقىي ئىش ئۇستىگە كەلگەندە بۇ ھەيئەت قەتئىي ھالدا ھېچبىر نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى. نەسرۇللا نېۋا بويىدىكى تاجدار دوستىنىڭ ھەدىيەلىرىنى ۋە دوستلۇق ھېسسىياتىنى تولۇق مەرھەممەت بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەزالىرىدىن بەزىلىرىنىڭ مەدەنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنىمۇ دىققەت بىلەن ئېتىبارغا ئالدى. بىراق، رۇسىيە ئۈچۈن كېرەك بولغان دەرىجىدە ئەھدىنامە تۈزۈش ھەققىدە ئۇنى ھېچبىر ئامال بىلەن قىمىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ غالىب ئەسكەرلىرى بىلەن قوقەنت سەپىرىگە يۈرۈشكە ئالدىرايتتى. يەنە بەزىدە بىر ئىش ياكى ئىككىنچى بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئەمما، ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلىشقا زادى پۇرستى چىقمايتتى. بۇخارادا سەككىز ئاي تۇرغاندىن كېيىن ۋە ئەمىر ھوزۇرىغا كىرىشكە قانچە تەلەپ قىلغان بولسىمۇ نەتىجىسىز قالغاندىن كېيىن ئاخىر مىلادىيە 1841 ـ يىلى 14 ـ ئاپرىلدا بوتېنيوف ئەمىرنىڭ

مەرھەممەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن سارايغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ بارغاندا ئەمىر ئۆز سارىيىنىڭ ھويلىسىدا پۇتلىرىغا مەھمۇزلۇق ئاياغلارنى كىيگەن ۋە قوقەنت سەپىرىگە مېڭىش ئۈچۈن ئېتىغا مىنىشكە ھازىرلانغان ھالدا تۇراتتى. ئىمپېراتۇر نىكولاينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنى ۋە ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئۆزىنىڭ ئىشىك باقار دەستۇرخانچىسىگە تاپشۇرۇلغانلىقى تېزلىك بىلەن خەۋەر بېرىلدى ۋە شۇندىن كېيىن خوشلىشىش ئالامىتى ئۈچۈن نەسرۇللا باش ئىشارىتى قىلىپ ئۇدۇل دەرۋازىغا قاراپ يۈردى.

ئۆزىگە تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئىمپېراتۇرغا نىسبەتەن بۇ ياۋايىنىڭ نەقەدەر ھاقارەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى رۇس ئەلچىسى ئەمدى تولۇق چۈشەندى. رۇسلار بۇ قەبىھ مۇئامىلىگە نەپرەتلىنىشكە ھەقلىق ئىدى. لېكىن، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى بۇنداق ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق توسالغۇغا ئۇچرىتىش نەسرۇللانى قىلچە خاپا قىلمىدى. قوقەنت غەلىبىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇقلىرى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن چىڭگىز ۋە تېمۇرلاردەك خىيال قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا ئىنگلىزلارنىڭ ئافغانىستاندا مەغلۇپ بولۇپ، ئۇ يەردىن قوغلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. بۇنىڭ بىلەن نەسرۇللا ئۆزىنى ئىنگلىز تاجاۋۇزىنىڭ پالاكىتىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىپ، ئازادە نەپەس ئالدى. ئۇ ئۆزىنى ئافغانلىقلارغا نىسبەتەن ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەردەك ھېس قىلاتتى. ئاشۇ ئافغانلىقلارمۇ مۇنتىزىم قوشۇنغا ئىگە مەشھۇر ياۋروپا بىر دۆلىتى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىۋاتسا، ئۆزى ئۈچۈن شىمالدىكى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇشقا ھېچبىر سەۋەب قالمىغانلىقىنى ئويلىدى. يەنە كېلىپ ئۇ دۈشمەنىنىڭ قوشۇنى ئۇنىڭ چېگرىسىدىن ناھايىتى يىراق جايدا ئىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا ياۋروپا ئەخلاقىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ھەتتا بۇزۇلغان ئاسىيالىقلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندىمۇ رىئايە قىلىۋاتقان ئىنگلىزلارنىڭ بۇخارا بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەتتىن رۇسلارچىلىك پايدىلىنالمىغانلىقى، شۇنداقلا رۇسلاردىنمۇ كۆپرەك ھاقارەتكە دۇچار بولۇشلىرى شۇ قەدەر ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇخارا بىلەن زىتلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئەھۋاللار بەك يېڭى ۋە ھەركىمگە مەلۇمدۇر. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇنى ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان قوشۇنى ھىندى دەرياسىنى كەچكەن ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا كونا سىياسەتلىك ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى بولغان بۇخارا بىلەن بولغان ئۇچرىشىش تۈۋەندىكى ئىككى چوڭ سەۋەبتىن زۆرۈر بولغان ئىدى.

بىرىنچىدىن، بۇخارا ئىنتايىن زەئىپ ۋە چىرىكلەشكەن ھالەتتىمۇ يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، رەھبەرلىك قىلغۇچى بىر دۆلەت ئىدى. زەرەپشان بويىنىڭ خانلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ ئىلگىرىكى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانلىرىدىن ئازراق

بولسمۇ، بەزى بىر ئالامەتلەرنى كۆرستەلەيدىغان بىر ھالەتتە ئىدى. بۇخارا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەر باشقىلار تەرىپىدىنمۇ مەقبۇل ئىدى ؛ بۇخارا تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن نەرسىلەر باشقىلار تەرىپىدىنمۇ سۆيۈلمەكتە ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەنگلىيە بۇخارانىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىشكە ۋە بۇنىڭ ئۇچۇنمۇ سۇلايمان تاغ تىزمىلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئۆز سىياسىتىگە زېمىن ھازىرلاشقا مەجبۇر ئىدى. لېكىن، بەكمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ئىشقا ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن ۋە ئالدىراشلىق بىلەن كىرىشىلدى، شۇڭا پالاكەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئىككىنچىدىن، ئىككىنچى بىر ياۋرۇپا دۆلىتى بولغان رۇسىيەمۇ بۇخارادا سىياسىي مەقسەت قوغلىشىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، زەرەپشان بويىدىكى پايتەخت بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سىياسىي رىقابەتنىڭ مەيدانى بولدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ئەنگلىيە ئەگەر بۇ رىقابەتتە مەغلۇب بولسا، ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشتىن بەكرەك گۈزەل ھىندىستاننىڭ خەتەر ئاستىدا قېلىشىدىن خەۋپسىرەيتتى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ خەۋپسىرىشى ئاساسى بار بىر نەرسىمىدى ياكى ئازراق خەۋپنى چوڭ خەۋپ دەپ قارىغانمىدى ؟ بۇ ھەقتە ھازىرمۇ كەسكىن بىر پىكىرنى بايان قىلىش قىيىن. بۇنى كېلىچەكتە كۆرۈمىز. بىز بۇ ئورۇندا شۇنى ۋە شۇنداق خەۋپىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى تارىخىي بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېزاھلاپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز. بۇ مەسىلىدە شەخسەن ئۆز تەرىپىمدىن بايان قىلىنغان پىكىرلەردىن باشقا بۇ قورقۇنچ ھېسسىياتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشنى ئەنگلىيە بىلەن بۇخارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئىككىنچى ئاملى دەپ قارايمەن. شۇنىڭدەك، ئالېكساندىر بېرنىسىنىڭ ساياھىتى يېرىم رەسمىي بىر ساياھەت بولۇپ، ئۇنىڭ يېگانە بىر سىياسىي كەشپىيات ساناش مۇمكىن. ئەمما، پولكوۋنىك ئىستۇددارتنىڭ 1838 ـ يىلىدا بۇخارادا بولغان ساياھىتى بولسا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇخارا بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىغا ۋاستە بولغان تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىدۇر. ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى نوپۇزى بۇخارا ئۇچۇن ئەسلا خەتەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىستۇددارتقا ئەنگلىيىنىڭ تېھراندىكى ئەلچىسى ژ.مېك نىيل تەرىپىدىن ۋەكىللىك ھوقۇقى بېرىلدى. ئەنگلىيىنىڭ دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ۋە ئەگەر بىرەر تاشقى دۆلەت تەرىپىدىن بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانلانسا، ئەنگلىيىنىڭ بۇخارا ئەمرىگە ياردەم قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

ھەربىر خرىستىئاننى پۈتۈن كۆڭلى بىلەن دۈشمەن كۆرىدىغان نەسرۇللاغا دوستلۇق بايان قىلىش ئاساسەن قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نازۇك ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كىشىنىڭ تاللىنىشىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان ئىدى. پولكونىك ئىستۇددارت ھەرخىل ھەربىي ئىلىم ۋە پەزىلەتلەر بىلەن

زىننەتلەنگەن جەسۇر بىر قوماندان ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوتلۇق تەبىئىتى، خالىس بىر ھەربىي بولۇشتەك ھەرىكىتى، مۇلايىملىق جەھەتتىكى بىر ئاز كەمچىلىكلىرى ئۆز پولكىنىڭ پرونتىدا ئىنتايىن گۈزەل سۈپەتلەردىن بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، سىياسىي ئىشلاردا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ شۇنداق سۈپەتلىرى بىلەن ئۇ نەسرۇللادەك بىر مۇستەبىتنىڭ ھۇزۇرىدا ھېچقانداق بىر مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەھەللىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ۋە مەلۇم بىر مېھماندارچىلىق ئۇسۇللىرىغا رىئايە قىلماسلىقتا كۆلكىلىك دەرىجىگە يەتكەن مەغرۇرلۇقى بىلەن ئۇ بۇخاراغا كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن ئەمىرنىڭ نەپرەت كۆزى ۋە غەزىپىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ئەمىردىن باشقا ھېچكىم ئات ئۈستىدە يۈرمەيدىغان «بۇخارايى شەرىف»تە، بولۇپمۇ رىگىستاندا بىر يات دىندىكى كىشىنىڭ ئات مىنىپ يۈرۈپ، ئەمىرىل ـ مۇئمىنىنگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ تەختىگاھىغا ھەدىيەسىز بېرىشى ئەسەبىي مىجەزلىك بىر مۇستەبىتنىڭ غەزىپىنى قوزغاشقا يېتەرلىك بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئارتۇق ئىدى. ئەمىر ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن ئىككى كۈن ئۆتۈش بىلەن ئىستۇددارت رەزىللەرچە بىر ئۇسۇل بىلەن تەقىپ قىلىنىپ، ئىنتايىن ناچار بىر ئۆيگە قامالدى. يولۋاس ئۆزىنىڭ چاڭگىلىدىكى ئولجىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئەمىرمۇ ئەنگلىيە ئەلچىسى ئىستۇددارتقا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى : بەزىدە ئۇ ئىستۇددارتنى قاماقخانىدا سەۋر ـ تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ئازابلار بىلەن قىيناشقا بۇيرۇسا، بەزىدە قاماقخانىدىن چىقىرىپ، تۈرلۈك ئىھتىراملارنى كۆرسەتەتتى. ئەمىر ئىنگلىزلارنىڭ ئافغانىستاندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرى ھەققىدە ئۆزى ئېرىشكەن خەۋەرلىرىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. قانخور مۇستەبىتنىڭ تىرناقلىرىدىن بۇ قۇربانىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا تۈركىيە سۇلتانىمۇ، مەككە شەرىپىمۇ، ئىران شاھىمۇ، قوشنا ئەمىرلەرمۇ، ھەتتاكى رۇسىيەمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. رۇسىيە ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەلچىسى بوتېنيوف ۋاستىسى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى رەقىبىنىڭ ئەمەلدارى بولغان بۇ قوماندانىنى دۇچار بولغان بۇ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتسىز قالدى. ئىستۇددارت ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنى ئاشكارا ھالدا رەت قىلدى. ئۆزىنىڭ ئىنگلىزلارغا خاس تەبىئىتىنى ساقلاپ، تۆت يىلغىچە ھەر تۈرلۈك ئازاب ۋە ھاقارەتلەرگە قەھرىمانلارچە تاقەت قىلدى. ئاخىر يېنىغا ئىككىنچى بىر ۋەتەندىشى كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ئورتاقلاشقاندىن كېيىن ئىككىسى بىللە كېيىنكى ئەلچىگە، يەنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەتەندىشى كاپىتان ئارتور كونۆللى بولۇپ، ئۇ 1840 ـ يىلى ئۈچىنچى سىنتەبىردە سىياسىي خىزمەت بىلەن كابۇلدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. لوندون ۋە

پېتېربورگ ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي مۇزاكىرىلەردىن مەقسەتكە مۇۋاپىق بىر نەتىجىنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى ۋە رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خانلىق، يەنى بۇخارا، خىۋە ۋە قوقەنت ھەققىدە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى داۋام ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئەنگلىيە سىياسىئونى بۇ خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا توغرىدىن ـ توغرا ئۆزىدىن مۇراجىئەت قىلىپ، ئومۇمىي دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۈچ خانلىقنىڭ ئۆزلىرى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىشتىن باشقا چارە قالمىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن سىياسىي خىزمەت بىلەن ئارتور كونۇللى ئەۋەتىلگەن ئىدى. لېكىن، ئەسىرلەردىن بېرى بىر ـ بىرى بىلەن شىددەتلىك دۈشمەنلىكتە ياشىغان بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈمىد قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋە دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر پىكىر بولسا، بۇ قورقۇنچلۇق مەسىلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ تاللىنىشى تېخىمۇ بەك نامۇۋاپىق، ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتسىز بىر ئىش ئىدى.

كونۇللى ئالىيجاناب ۋە نازۇك ھېسسىياتلىق بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن روھىي خالىس خىرىستىئان بىلەن تولغان ئىدى. ئاسىيانىڭ پۈتكۈل ئەسىرلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى خىيال قىلاتتى، ھەتتاكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەختىيارلىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. خۇلاسە قىلغاندا پۈتۈن جاھان ئۈچۈن بىر تىنچلىق كەپتىرى بولۇش خىيالدا ئىدى. مانا مۇشۇ ئادەمگە ئاسىيا تەختلىرىدە ئولتۇرغان قارىقۇشلار بىلەن مۇزاكىرىگە چۈشۈش توغرا كەلدى.

رۇس ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك مەقستى بىلەن خىۋەگە دەسلەپ ئىنگلىز قوماندانلىرىدىن ئاببوت بىلەن شېكسپېر بارغان ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن مۇشۇ كونۇللى باردى. ئۇ يەردە ئۇ ئاللاقۇلخان تەرىپىدىن ياخشى قارشى ئېلىندى. لېكىن، ئاسىيا ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى غەيرەتلىرىگە ئوخشاشلا سىياسىي مەقسەتلىرىدىمۇ نەتىجىسىز قالدى. ئەسىرلەرمۇ يەر سۇغۇرغۇچى ئېرىقلارغا ئوخشاشلا ئۆزبېكلەرنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتلىرىنى تەيىنلەش ئۈچۈن لازىم بولغان بىرىنچى ئېھتىياجلىرى جۈملىسىدىن ھېسابلىناتتى. بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى ئىتتىپاقنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە خان باشقىلاردىن مەسلىھەت ئاڭلاشنى ئەسلا لازىم كۆرمەيتتى. شۇنىڭدەك ئەگەر ئەنگلىيە دوستلۇق ئىزھار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە دەرھال چوڭ ماددىي ياردەم ۋە ئەسلىھە بېرىلىشىنى ئارتۇق كۆرەتتى.

شۇڭا، كونۇللى پەقەت بۇخاراغا كىرمەستىن، ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سەھرا ۋىلايەتلىرىدىن ئۆتۈپ قوقەنتكە كەتتى. ئاڭلىشىمچە، بۇ يول جىزاختا ئاخىرلاشقان بولۇپ بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ يەردىن ھېچبىر ياۋرۇپالىق يۈرمىگەن ئىكەن. تۈركىستاننىڭ بۇ شەرق

قسمىدا كونۋىللى خىۋەدىكىدەكلا ياخشى قارشى ئېلىندى. قوقەنت ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەلى بۇ ۋاقىتلاردا نەسرۇللا بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ياۋرۇپا قورالىرى ۋە لەشكىرىي ئىلىملىرى بىلەن تونۇش بولغان بىر قوماندانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پايدىلىنىش ئۈمىدى بىلەن ئەجنەبىي قوماندانغا ھەددىدىن ئارتۇق ئوچۇق چىراي ۋە مېھماندوستلۇق كۆرسەتتى. كونۋىللى بىلەن قوقەنت ئارىسىدىكى سىياسىي مۇزاكىرىنىڭ نېمە بىلەن نەتىجىلەنگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. چۈنكى، كونۋىللىنىڭ قوقەنت خاتىرىلىرىگە دائىر يازغانلىرى غايىب بولغان. ھەر ھالدابۇ سەۋەبىدىن مۈشكىلات ئىچىدە قالغان قوقەنت خانىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى بىرقاتار تەدبىرلەرنى چۈشىنىشكە مايىل بولۇشى ىىراقتۇر. بۇ يەردىمۇ ھېچبىر مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىدى قالمىغانلىقىنى چۈشەنگەن كونۋىللى بۇنىڭدىن باشقا چوڭ بىر ئېھتىياتسىزلىق خاتالىقىنى سادىر قىلدى. ئۇ بولسىمۇ بۇ ۋاقىتلاردا بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللا قوقەنتتىن ىىراق ئەمەس مەھرەم ناملىق جايدا ئۆزىنىڭ بارگاھىدا ئىدى. ئۇ كونۋىللىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتتى. بىچارە قوماندان ئۇنىڭ ھىيلىسىنى سەزمەستىن، دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، نەسرۇللانىڭ بارگاھىغا باردى. ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان نەسرۇللا كونۋىللى قوقەنتنى بۇخارا بىلەن جەڭ قىلىشقا قۇتراتقان دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئۆز قولىغا چۈشۈرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنى ئەمىرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشكە دەۋەت قىلىپ خەت يېزىشقا ئۆزىنىڭ ۋەتەندىشى ئىستۇددارتنى مەجبۇرلىدى. كونۋىللىنىڭ قوقەنتتىكى خەيرىخاھلىق قىلغۇچى كىشىلىرى ئۇنىڭغا نەسرۇللانىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە دۈشمەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارىماستىن، نەسرۇللانىڭ بارگاھىغا بارغان ئىدى. بېرىش بىلەنلا دەرھال تۇتقۇن قىلىنىپ، پۈتۈن مال ـ مۈلۈكى تارتىۋېلىنىپ، ئۆزى بۇخاراغائەۋەتىلدى، ئاندىن ئىستۇددارتنىڭ يېنىغا، يەنى دەھشەتلىك زىندانغا سولاندى.

بۈيۈك مەلۇماتلار ۋە قەلەمىي ماھارەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ھىندىستان ئىنگلىز مۇھەررىرى ژ.ۋ. كەيي ئۆزىنىڭ «        » ناملىق ئەسىرىدە كونۋىللى تەرىپىدىن زىنداندا يېزىلىدىغان كۈندىلىك خاتىرە دەپتەردىن بەزى يەرلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. گەرچە بۇلاردا پاجىئەلىك ئەھۋال ھەققىدە ئاز مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۈستى ئەخلەت ـ چاۋارلار بىلەن يېپىلغان، ئىچىدە ھاشارەتلەر تولۇپ تورغان سوغۇق ۋە زەي، قاراڭغۇ بىر زىنداندا ئىنتايىن ناچار تاماقلار بىلەن ياۋرۇپالىق ئىككى قوماندانىنىڭ ئالتە ئاي قەدەر داۋام قىلغان كېيىنكى مەھبۇسلۇق ۋاقىتلىرىدا ھەر كۈنى ئۆلۈم بىلەن قارشىلىشىپ، نەقەدەر دەھشەتلىك ھالەتلەر ۋە پاجىئەلىك ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر.

بوتېنيوف باشچىلىقىدىكى رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى بۇخاراغا كېلىپ، مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياۋرۇپالىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلەرچە غەيرەت كۆرسەتكەن ۋاقىتتا، بىچارە ئىنگلىز قوماندانلىرى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد شولىلىرى بار ئىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۈچقۇنلىرىمۇ ئۆچتى. ئىنگلىزلارنىڭ كابۇل پالاكىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان، ئۆزىنىڭ رەزىل مۇئامىلىسى ئۈچۈن ھېچبىر تەرەپتىن ئىنتىقام كۆرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى مەھبۇسنى جامائەت مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، 1842 ـ يىلى ئۈن يەتتىنچى ئىيۇندا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلغان خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ مەھبۇسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۆلۈمنى تىلەۋاتقان ۋە كۈتۈۋاتقان ئىدى.

ئالدى بىلەن ئىستۇددارتنىڭ بېشى كېسىلدى. كېيىن نۆۋەت كونۇللىغا كەلدى. جاللات بىر ئاز توختاپ تۇردى. چۈنكى، ئەگەر كونۇللى بەيئەت قىلسا ئۆلۈمدىن خالاس قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن، ئارنومۇسلۇق كونۇللى : «ئىستۇددارت ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ سىز ئۇنىڭ ئۆلتۈردىڭىز، مەن ئۆزۈمگە ئۆلۈمنى لايىق كۆرىمەن» دېدى ۋە ناھايىتى سوغۇق قانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ بوينىنى جاللاتنىڭ قولى ئاستىغا قويدى. جاللات بىر ئۇرۇش بىلەنلا بۇ ئالىيجاناب باشنى گەۋدىسىدىن ئايرىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ جەسەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا قېزىلغان بىر قەبرىگە كۆمۈلدى.

كلاۋىخونىڭ ساياھىتىدىن كېيىن غەربتىكى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ تۇنجى ئەلچىلىرىگە ماۋەرائۇننەھر پايتەختىدە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىندى. بۇلارنى يېڭى دۇنيانىڭ تۇنجى ئەلچىلىرى دېيىش مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە دۆلىتىنىڭ ماۋەرائۇننەھر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىستىگەنلىكى مەيلى قانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن بولسا بولسۇن، لېكىن ئەڭ ئاساسىي مەقسەت ئوتتۇرا ئاسىيانى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئىكەنلىكى ۋە شىمالدىكى رەقىبىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنى يۇتۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاستە ئەنە شۇ مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. دەپ ھېسابلانغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

ئۆز پۇقرالىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ھېچقانداق پىداكارلىقتىن تارتىنمايدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەڭ بۈيۈك بىر ياۋرۇپا دۆلىتىگە قارشى نەسرۇللانىڭ بۇقەدەر ھاقارەتلىك مۇئامىلىگە جۈرئەت قىلىشىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك : بىرىنچىدىن، بۇ ئەنگلىيىنىڭ ھىندىقۇش ۋادىلىرىدا دۇچار بولغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئىنگلىزلار كابۇلدا تۇرغان مۇددەتتە نەسرۇللا ھەتتا ئىسلام شەرىئىتىگە

بىنائەن قارشىلىشىش مۇمكىن بولمىغان ھوقۇق بەيىنەددەۋلەگە قارشى جىنايەتكە جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئەگەر جۈرئەت قىلسا، ئىنگلىزلارنىڭ بەلخ ۋە قارشى ئارقىلىق تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك بولغان جازاسىنى كۆرۈشكە تەخىرسىز دۇچار بولاتتى. ئىككىنچىدىن، بۇخارادىكى بۇ مۇستەبىت ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل مۇئامىلىسى ئۈچۈن جازاغا تارتىلماي قېلىشتا ئىككى چوڭ دۆلەت (ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە) ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتكە مىننەتدار بولۇشقا تېگىشلىك. ئەمىرگە بۈيۈك بىر ئىبرەت دەرسى بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق بىر دۆلەت بار دېيىلسە، ئۇ ئىران ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈز مىڭلارچە پۇقرالىرى بۇخارادا مەھبۇس بولۇپ، ئاسارەت زەنجىرلىرى ئاستىدا ئىڭرىماقتا ئىدى. لېكىن، بۇ مەملىكەت ھېچبىر ۋاقىتتا تاجاۋۇز ئۈچۈن لازىم بولغان ئەسلىھەلەرگە ئىگە، بۇ ئىشنىڭ رۇسىيەگە ئوچۇق ئاشكارا ئىكەنلىكى ھېسابقا ئېلىنمىغىنىدا ئىدى، ئەنگلىيە ئۆز ۋەكىلىگە قورال بولىدىغان بىر مەملىكەتكە ماددىي ياردەم كۆرسىتىشى مۇمكىنمىدى ؟

ئەنە شۇنداق پايدىلىق ئەھۋالغا ئىگە نەسرۇللا بۇ پالاكەتلىك ھادىسىدىن كېيىنمۇ ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان تەختىنى ئۆزىنىڭ پەسكەش ھەرىكەتلىرى بىلەن يەنە ئۇزۇن مۇددەتكىچە ساقلىشى مۇمكىن ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىنگلىزلاردىن باشقا (21) ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەۋىسىگە ژىۋانى ئورلاندو، فلورېس نازېللى ناملىق ئىتالىيانلار ۋە گىرىتسىيىلىك يوسۇف قاتارلىقلار قۇربان بولدى. بۇلاردىن بىرىنچىسى ساياھەتكە ھەۋەس قىلىدىغان بىر زات بولۇپ، ئىستانبۇلدا خىۋە خانلىقىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن تونۇشقان ۋە شۇنىڭ ياردىمىدە يىراقتىكى قوقەنت سەپىرىگە كەتكەن. قوقەنت تەۋەسىدە ئۇ نەسرۇللانىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە ئۇنىڭ سارىيىدا سائەت ئۇستىسى بولۇپ تۇردى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مۇستەبىتنىڭ سائىتى توختاپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۇ سارايغا چاقىرتىلىپ، جازاغا تارتىلدى ـ دە، جاللات ئۇنىڭ ھايات ماشىنىسىنى توختاتتى. ئىككىنچىسى، بىر ھەربىي ئىدى. ئېھتىمال ئۇ رەتزىت سىنگىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئۆزىنىڭ ۋەتەندىشى گېنېرال ئاۋىتابېلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يىراق شەرق سەپىرىگە قاتناشقان بولسا كېرەك. ئۇ بۇخاراغا ئىنگلىزلارنىڭ ئۆلۈمىدىن ئازراق كېيىنلا كەلدى. ئۇ ئەمىرنىڭ خىزمىتىدە لەشكىرىي مەلۇماتى ئۈچۈن چوڭ مۇكاپاتقا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى، لېكىن شەرق تىللىرىدىن تامامەن بىخەۋەر ھالەتتە كەلگەن ئىدى. ياۋرۇپالىقلارنىڭ قاتتىق دۈشمىنى بولغان ئەبدۇسسەمەدخان ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشىشىدىن خەۋپسىرەپ، بۇخاراغا كەلگەن بىرىنچى ھەپتىسىلا ئۇنى جاسۇسلۇقتا ئەيىبلەپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئۈچىنچىسى، كونۋىللىنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. گەرچە ئۇ تۈركىيە پۇقراسى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى.

نەسرۇللا تۈرك سۇلتانىدىن نېمىشقا قورقسۇن ؟ ئۇ تۈركىيە سۇلتانىنى بارلىق دىنىي مەجبۇرىيەت جەھەتتىنلا خەلىپە دەپ تونۇشنى لايىق كۆرەتتى. ئەمما، دۇنياۋى ھاكىمىيەت جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەتتا تۈركىيە سۇلتانىنىڭ بىر مۇسۇلمان پۇقراسى نەسرۇللانىڭ قانخورلۇقىغا قۇربان بولدى. بۇخارا ئەمىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، رەشىد پاشا تەرىپىدىن بۇخاراغا لەشكىرىي مۇئەللىم (ئىنىستروكتور) سۈپىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن مۇستاپا چاۋۇش بۇخاراغا كېلىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، دىيانەتسىز دېيىلىپ قاماققا ئېلىندى ۋە دىنىي قانۇن ئۇ ھەقتە شىددەتلىك شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا دۇچار قىلىندى.

نەسرۇللانىڭ قېشىدا ئۇنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىنى توختىتالايدىغان ۋە ئازغۇن تەبىئىتىنى يەڭگۈدەك دەرىجىدىكى ھېچقانداق مۇقەددەس نەرسە يوق ئىدى. ئىنگلىزلار تەرىپىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان دوستمۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن نەسرۇللانىڭ سارىيىغا پاناھ تىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتانجاننىڭ پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈش بىلەنلا ئەمىرنىڭ پەسكەش ھەۋىسىنى ئويغاتتى. ئەڭ قاباھەتلىك ئاسىيا ياۋايىلىرى تەرىپىدىنمۇ بۇزۇلۇشى لايىق كۆرۈلمىگەن مېھماندوستلۇق قائىدىسىگە رىئايە قىلماستىن، نەسرۇللا ئون تۆت ياشلىق بۇ گۈزەل ئوغلاننى ئۇنىڭ ئاتىسىدىن ھاياسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. دوستمۇھەممەد بۇ پاسىق ئەمىرنىڭ رەزىل مەقسىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوغلىنى قاچۇرۇپ قۇتقۇزۇش پىكرىگە چۈشتى. لېكىن، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئۆزىنىڭ چوڭ قېرىندىشى بىلەن تۇتۇلدى ۋە باشقا دۈشمەنلىرىگە قارشى بۇخاراغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنى بۇخارادا قانداق نەرسىنىڭ كۈتكەنلىكىنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ھەم بايان قىلىش لايىقمۇ ئەمەس. دوستمۇھەممەد ئۆزى بۇ يىرتقۇچنىڭ تىرناقلىرىدىن كۈچ بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. كېيىنچە ئۇ لوۋدىيانادا ئىنگلىز ساقچىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئېھتىراملىق مۇئامىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ دىندىشى ۋە قوشنا دۆلەت ھۆكۈمرانى بولغان بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن «مېھمانپەرۋەرلىك»نى سېلىشتۇرۇپ سۆزلىگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ سۆزىدىن «ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى» بولغان بۇخارادىن مەمنۇن بولغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەب تۈپەيلىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ قېرىلىق زامانىغا قەدەر ئەمىرنىڭ بۇ نومۇسسىز مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش پىكرىدە بولدى.

لېكىن، نەسرۇللا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى كۆرمىدى. تاشقى دۈشمەنلىرى ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتقۇدەك ئىقتىداردا ئەمەس ئىدى. كېيىنكى سەھىپىلەردە كۆرۈلگىنىدەك ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئوغلى بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئىچكى جەھەتتە، يەنى

www.uyghurweb.net

بۇخارادا ھەممە ئادەم خەۋپ ۋە دەھشەت ئىچىدە تىترەپ تۇراتتى. ئاتىلار ئۆز قىزلىرىنىڭ ۋەئوغۇللىرىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا تۇتۇپ ئەمىر سارىيىغا ئېلىپ كېتىلگىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئاغىزلىرىدىن بىر ھەرپ بولسىمۇ، نارازىلىق ئاۋۇشى چىقىرىشقا ئىمكان يوق ئىدى. چۈنكى، مولىلارنىڭ پەتىۋاسىغا قارىغاندا چوپان ئۆزىنىڭ پادىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئەمىرنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىش ھەققى بار ئىدى.

40 ـ يىللارنىڭ بېشىدا (ئېنىق تارىخىنى بىلەلمىدىم) خېلى ئەھمىيەتلىك بىر ئۆكتىچىلەر پىرقىسى تەشكىللەندى. بۇ پىرقىنىڭ بېشىدا نەسرۇللانىڭ چوڭ ئوغلى مۇزەپپەرىددىنىڭ تۇرغانلىقى گۇمان قىلىنىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇ قانۇنلۇق ۋەلىئەھد سۈپىتى بىلەن قارشى ۋىلايىتىدە ناھىيلىق مەنسىپىنى ئاتقۇرۇۋاتاتتى. ئازراق بىر گۇمان قىرىقتەك كىشىنىڭ بېشىنى جاللاتقا بېرىشكە كۇپايە ئىدى. مۇزەپپەرىددىن دەرھال قارشى ۋىلايىتىدىن كەرمىنگە كۆچۈرۈلدى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇنىڭ دائىرىسى تار ھەم ئاتىسىغا يېقىن يەردە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى دەھشەتلىك سۈرەتتە نازارەت ئاستىدا تۇتۇش مۇمكىن ئىدى. نەسرۇللانىڭ يېشى چوڭىيىپ قېرىغانسېرى يامان قىلىقلىرى كۆپىيىۋەردى، ئاخىر ئوتتۇز تۆت يىل ھۆكۈمەت سوراپ، 1860 ـ يىلدا ئەجەل بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خاتىمە بەردى. قوقەنتتە پات ـ پات كۆتۈرۈلگەن ئىسيانلاردىن باشقا ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە غەزىپىنى قوزغاشقا سەۋەب بولغان نەرسە قېيىنىسى شەھرىسەبزىلىك ۋەلى ئىنئامنىڭ شىددەتلىك سۈرەتتە قارشى تۇرۇشى بولدى. شەھرىسەبزە قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىق خەۋىرى بۇ قەھرىلىك مۇستەبىتنىڭ ئۆلۈم تۆشىكىدە ياتقان ۋاقتىدا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ بەدەن ئەزالىرى ھەرىكەتتىن قېلىپ، جان بېرىشكە يېقىنلاشقان شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسيانكار قېيىنىسىنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەڭ كېيىنكى تىنىقلىرىدىمۇ كۆزى قانغا تويمىغانلىقىدىن، ئۆزى جان تالىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ۋەلى ئىنئامنىڭ ئاچىسى بولغان ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى يېنىغا چاقىرتتى. ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان بۇ بىچارە خوتۇن دەھشەتتىن تىترەپ تۇراتتى. لېكىن، جان تالىشىۋاتقان مۇستەبىتكە بۇ ئەسلا تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقى يېنىدا خوتۇنىنىڭ بېشىنى كېسىشكە بۇيرۇق بەردى ۋە ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنىنىڭ ئاچىسىنىڭ قېنىغا كۆز تىككەن پېتى نەپرەتلىك جېنىنى تەسلىم قىلدى.

ئىزاھلار

① قەدىمدىن قالغان «قۇتادغۇ بىلىگ» يازمىلىرىدا ئۇچرايدىغان بۇ ئۇيغۇر ماقالى بىر ئاز ئۆزگىرىشلەر بىلەن ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆزبېكلەر ۋە تۈركمەنلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

② باي ــ ئوسمانلىلارنىڭ «بەگ، بەي» دېگىنىگە ئوخشاش ئىستىمال قىلىنىدۇ. تاجىكلارمۇ شۇلارغا ئوخشاش بۇخارا ئۆزبېكلىرىنى «بەي» دەپ ئاتايدۇ.

③ سەمەرقەنتتىكى كۆك تاش ــ بىز ئۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. بۇ تاش ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئەھمىيىتىنى پەقەت ئاشتەرخانىيلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايەن قىلغان. شەيبانىلار بولسا تېمۇرىيلار ئائىلىسىدىن قالغان ھەممە ئەنئەنىلەرنى يوقىتىش مەقسىتى بىلەن پايتەختنى بۇخاراغا كۆچۈردى ۋە تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى كۆك تاشتا ئىجرا قىلىش ئادىتىنى ئۇلار قوبۇل قىلمىدى.

④ بۇخارالىقلار نەسرۇللانى ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە تەبىئىتىگە قارىغاندا بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق بىر ئىش بولمىسا كېرەك.

⑤ ئايازباي توپچى بېشى مەنسىپىدە بولۇپ، ھېسابسىز كۆپ بايلىققا ئىگە ئىدى. ئۆزىنىڭ قەھر ــ غەزىپىنى بىراقلا ئېلان قىلىپ بۇ بايلىقلاردىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن، نەسرۇللا ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئۇنىڭغا تون ۋە ناھايىتى ياخشى زىننەتلەنگەن تۇركمەن ئېتى ئىنئام قىلدى. ئاياز باي قايتىش ۋاقتىدا نەسرۇللا ئۇنى دەرۋازىغا قەدەر ئۇزىتىشقا بىر كىشىنى بەرگەن ئىدى ۋە ھەتتاكى شەخسەن ئۆزى ئۇنى ئات ئۈستىگە مىندۇرمەكچى بولدى. ئاياز بۇ خائىنلارچە سىلىق مۇئامىلىلەرنىڭ ئاستىدا چوڭ بىر سۇيىقەست بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ھوكۇمدارنىڭ كۆز ئالدىدا تېز پۈكتى ۋە ھازىرلا جازاغا دۇچار قىلىنىشنى ئۆتۈندى. لېكىن نەسرۇللا ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ تۇرغۇزدى ۋە قۇچاقلىدى. بىچارە ئاياز باينىڭ ناھايىتى ھەقلىق بولغان ھېس تۇيغۇسىنى ئەنە شۇنداق بىر خائىنلارچە نازاكەت بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشتى.

⑥ بۇخارادا ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا بۇ كىشلەر ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇدۇلىدا قول باغلاپ تۇرۇپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئەينەن خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋە كەڭ يەڭلىرىنىڭ ئىچىدە مەخپىي ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىۋالارمىش.

⑦ بۇ دەھشەتلىك زىندان «سىياھ چاھ»، «كۆھلەخانە» دېگەنناملار بىلەن مەشھۇر. بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە كۆپ پىتلار قايناپ تۇرىدۇ. تىرىك كىشلەر يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى سەمىرتىش ئۈچۈن بەزىدە ئۆلگەن ھايۋان تاپلىرىنىمۇ شۇ يەرگە تاشلايدۇ. ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە جىنايەتكارلارنىڭ قول ۋە ئاياغلىرىنى باغلاپ تاشلىشاتتى.

⑧ ھەممىگە مەلۇمكى، بابىر شەيبانىيلارغا قارشى سەمەرقەنتكە كەتكەن ۋاقتىتا، تەنبەل مەخپىي ھالدا ئىسيان قىلىپ ئەندىجاننى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەستىن بابىرنىڭ ئانا تەرەپتىن بىر تۇغقىنى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى.

⑨ مەن بۇنى قوقەنتتە سایاھەت قىلغان ۋاقتىمدا دوستلىرىمنىڭ بايان قىلىپ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن يازدىم. چۈنكى، قوقەنتنىڭ شۇنچە يېقىنقى ئۆتمۈشى ھەققىدىمۇ ھېچبىر تارىخىي مەلۇمات يوق.

⑩ ئۆزىنىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، نەسرۇللا مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئۆز ئانىسى بىلەن نالايىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ھەققىدەخەۋەر تارقىتىشنى بۇيرۇدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ھۆكمىگە ئاساسەن ئۇنداق كىشىنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىبارەتمىش.

قوقەنت خانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ئازراق بىر مىقداردىلا ياشاۋاتقان قىپچاقلار تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ قەھرىمانلىرىدىن ھەمدە يەتتە موغۇل ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، تېمۇر بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغان موغۇللارنىڭ نەسلىدىن ھېسابلىناتتى. كېيىن بۇلار يۇنۇسخان ئەۋلادلىرىنىڭ زامانىدا تۈركىستاننىڭ مۇشۇ شەرقىي قىسمىنى ئىشغال قىلغان.

مۇھەممەد ئەلىخاننىڭ نەسىل ۋە نەسەبلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن، مېنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسىرىمنىڭ 311 ـ بېتىگە قاراڭ.

بۇخارا بىلەن خىۋەدىكى تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزبېك ۋە قەبىلىۋى مانغىتلىرى ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان ھالدا كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزئارا شىددەتلىك دۈشمەنلىكتە ياشايدۇ. بۇخارا ئۆزبېكلىرى ئۆزىنىڭ غەربتىكى قانداشلىرىنى يونالمىغان، مەدەنىيەتسىز ۋەھشىي دەپ قارايدۇ. خىۋە ئۆزبېكلىرى بولسا بۇخارالىق تۇغقانلىرىنى ھىيلىگەر، ئالدامچى، ساختىپەز ۋە تاجىكلارنىڭ ھەر تۈرلۈك يامان سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر دەپ قارايدۇ.

رۇسىيە شەرق ھۆكۈمدارلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ۋاقىتلىرىدا ھەر دائىم شەرق قائىدىلىرىگە ۋە شەرق ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان مەكتۇبلارنىڭ ئۇسلۇبىغا رىئايە قىلىپ كەلگەن. رۇسىيە بىلەن بۇخارا ئارىسىدا 1836 ـ 1843 ـ يىللاردىكى سىياسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە زالېسىق تەرىپىدىن يېزىلغان بىر ماقالىدە رەسمىي خەۋەرلەردىن نەمۇنە قىلىپ، ئورىنبۇرگ قوشۇنىنىڭ ۋالىيسى گراف پېروفسكىنىڭ مەكتۇبى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەمىرگە مۇنداق ئۇنۋانلار بىلەن خىتاب قىلىنىدۇ : «مۇفەسسىرۇل ـ ھېكمە ۋەلقەۋانىن، مەنبەئۇل ـ كەمالات ۋە جامئۇل ـ خەسائىل، ئالىيجاناب، بۈيۈك ئەمىرگە (نەسرۇللاغا...)، جامئۇل ـ خەيرات خاقاننىڭ ئائىلىسىگە، مەنبەئۇل ـ ئۇلۇم ۋەلئىنتىزامغا، ھەر تۈرلۈك سائادەتلەرنىڭ تارقاتقۇچىسىغا بەك سەممىي ھۆرمەت ۋە ساداقىتىمىزنى تەقدىم ئېتىمىز. جانابىي قادىرى مۇتلەق ئۇنى ئۆزىنىڭ سائادەت تەختىدە داۋاملىق ھەر تۈرلۈك ئاپەتلەر ۋە قازالاردىن مۇھاپىزەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈرلەر نېسىپ ئەتسۇن...» روبېرت

مېتشېلنىڭ 1865 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان «          » ناملىق ئەسىرىنىڭ 409 ـ بېتىگە قاراڭ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقە گەرچە بوتېنيوۋ ۋاقتىدا سەمەرقەنت تاغلىرىغا كىچىك بىر رۇس ئىلمىي ھەيئىتى كېلىپ يۈرگىنىدە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا گويا تەھلىكىلىك جاسۇس سۈپىتىدە قارىلىپ،ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى دائىم شىددەتلىك نازارەت ئاستىدا تۇتۇلدى. شۇڭا لىبمان بىلەن ياكوۋلېفلىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى خىزمەتلىرىگە پەۋقۇلئاددە بىر ئىش دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تاماق قاچىسى ئاستىغا سېلىنىدىغان ئاشىياغلىقنى ھەممە مۇساپىر كەلگەن ۋاقىتتا تەقدىم قىلىنغان تائامنى دەستۇرخان دەپ ئاتايدۇ. مۇساپىر ئۇ تائامدىن نېمە بولسا بىر نەرسە يېيىشكە مەجبۇردۇر. دەستۇرخانچى ــ ئۆزىنى ئەنە شۇ خىل خىزمەتكە ئاتىغان كىشىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن دېيىشمىزدىكى سەۋەب ــ ئەگەر ئىنگلىزلار ئالدى بىلەن سۇتلىج دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى پەنجاپتا ئورناتقان بولسا، كۆپ يىللار ئافغانلار بىلەن توغرىدىن ـ توغرا مۇئامىلە قىلغان ئۇلارنى ياخشى تونۇغان ۋە ئافغان ئەلچىسىنىڭ ئەھۋالى بۇنداق پالاكەت بىلەن ئاخىرلاشمىغان ۋە بۇ سەپەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولاتتى.

بۇ توغرىدا مېنىڭ نەشر قىلدۇرغان چوڭ ماقالىلىرىم تۆۋەندىكىچە : (1) 1867 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «          » ناملىق ئەسىرىمنىڭ خاتىمە قىسمى (2) «          » ناملىق نېمىسچە مەجمۇئەنىڭ 1870 ـ يىلىنىڭ فېۋرال، ماي، نويابىر سانلىرىدا، 1871 ـ يىلىنىڭ نويابىر سانىدا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە دوكتۇر ك. ئاندىر تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان جۇغراپىيە «گلوبوس» مەجمۇئەسىنىڭ 20 ـ جىلدىنىڭ 81 ـ، 105 ـ ۋە 122 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

ئىككى قىسمىدىن ئىبارەت بۇ ئەسەر ئېستىرېن ۋە شىركاسى تەرىپىدىن 1867 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىندى.

بۇ «17 ـ ئىيۇن» دېگەن ۋاقىتنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەي تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغان، ئەمما گېنېرال فېررېر ئۆزىنىڭ «          » ناملىق ئەسىرىنىڭ 460 ـ بېتىدە ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىنى 24 ـ ئىيۇن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇنى ئاخۇن زادىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن كۈننى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ياكى جامادىيەل ئاخىرنىڭ ئىككىسىدە دەپ بايان قىلىنغان، قارىغاندا بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ھىجرىيە 1258 ـ يىلى تارىخ ئون ئىككىنچى مايدا ياكى ئونىنچى ئىيۇندا دەپ تەھلىل قىلىندۇ.

(21) ئاجايىپ تەبىئەتلىك، لېكىن ھەرھالدا قورقۇشنى بىلمەيدىغان مىسسىئونىر دوكتور يوسىف ۋولىف ئۆزىنىڭ دوكتور ئېدىۋارد ئامنور تەرىپىدىن 1846 ـ يىلى لېيپسىگدە نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان «بۇخارا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىنىڭ 294 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ : «مۇلازىم ئۇ (پاروچىك) ۋىبورت خىۋە يولىدا تۇتۇلدى. تۈركمەنلەر تەرىپىدىن بۇخاراغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ يەردە بىر يىلغىچە زىنداندا قامالدى ۋە ئىستۇددارت بۇخاراغا كېلىش ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى».

بۇ كىشىنىڭ سانى ھەققىدىكى باشقا رىۋايەتلەر ۋولفىنىڭ نەقلىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىلى ۋە ھېچبىر ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ، تۇران سەھراسىغا كىرىشكە تەۋەككۈل قىلغان ۋىبورتقا ھەققەتەن ئۆلۈمگە قارشى كېتىۋاتقانلىقىنى تېھراندا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇلارنى ئېتىبارغا ئالمىدى. ئۆزىنىڭ ساياھەت ھەۋىسىگە بېرىلدى. ئۇ تېخى سەھرادا ۋاقتىدىلا ھاياتى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

## ئەمىر مۇزەپپەرىددىن ۋە رومانوف خاندانلىقى

ھىجرىيە 1277 ـ 1287 (مىلادىيە 1860 ـ 1870) ـ يىللار

«ئاتىلىرى ئاچچىق ـ چۈچۈك ئاش ئىچسە، باللىرىنىڭ چىشلىرى قامىشىدۇ» دېگەن مەنىدە بىر ماقال بار. قەدىمدىن قالغان بۇ شەرق ماقالىسىنىڭ نەسرۇللانىڭ ئوغلى ۋەلىئەھدى مۇزەپپەرىددىنخان ھەققىدىكىدەك كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېنتايىن تېزلىك بىلەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى ئاز ئۇچرايدىغان ئىشلاردىن بىرى. گۇناھكارلىنىڭ (نەسرۇللانىڭ) ئۆزى سالامەت ۋاقتىدىلا تەڭرىنىڭ جازاسى ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ شەرقىي شىمال قاناتلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئامۇ دەريا ساھىللىرىغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ يەرلەرگە چۈشكەن ۋاقتىدا ئۆلۈم ئۆزىنىڭ ئىنتىقام ئورغىقىنى ئالدىنراق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. شۇڭا، ئەمدى ئاتىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن ئوغۇل ئۆزىنىڭ تاجىدىن، مەملىكەت ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇزەپپەرىددىن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ياشلىق ۋاقتىنى مانغىتلارنىڭ جايلاشقان ئورنى بولغان قارشىدا ئۆتكۈزدى. ئاتىسىغا ئوخشاش بۇ يەردە ئۆزىنىڭ قەبىلىداشلىرى ئارىسىدا مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى. ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىگە تىرىشچان بولۇپ، يۇقىرى ئىستىبدات ھاسىل قىلغانىدى. بۇ قۇرلارنى يازغۇچى بولغان مەنمۇ ئۇنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن (ئەلۋەتتە تۈركىستاندىكى ئەھۋالغا يارىشا) بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە شەخسەن قانائەت ھاسىل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەنتەك ئۇ ھەر ۋاقىت ئاتىسىنىڭ كۆزىدە بىر تاياقچە بولۇپ تۇردى.

نەسرۇللا ئۆزىنىڭ ئاتىسى سەئىدكە قارشى قانداق ۋىجدانسىز مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئوغلى مۇزەپپەرىددىنىڭمۇ ئۆزىگە قارشى شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى كۈتۈپ، ئۇنى تاج ۋە تەخت ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر رەقىب دەپ تونۇيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە قارشى ۋىلايىتىدىن ھەر ۋاقىت ئىسيان قوزغىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى دائىمىي سۈرەتتە بېسىپ تۇرغان بۇ قارا خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ ئوغلىنى كەرمىنەگە نائىب قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ گۇمانى بويىچە بۇ يېقىن يەردىن ئوغلىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ كۆزىتىپ تۇرۇش مۇمكىن ئىدى. مۇزەپپەرىددىن تاكى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر شۇ يەردە تۇرۇپ، خېلى دەرىجىدە يەكلىنىش ۋە گۇمانلىنىش ئىچىدە ياشىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ھەم سامانىيلاردىن باشلاپ بىرنەچچە سۇلالىلەردىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە زەرەپشان بويىدا مىلك يىللارچە ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەقىل ھۆكۈمدارلارنىڭ خاتىمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇش ئۈچۈن، ماۋرائۇننەھر تەختىدە ئولتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ خانىدانلىقنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىمۇ تەبئىي ھالدا مۇزەپپەرىددىنىڭ ھېچ كەمچىلىكى يوق قەتئىي سۈرەتتە تەستىقلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەر زاماندا ۋە ھەر مەملىكەتتە ۋەلىئەھدىلەر بىلەن كېيىن شۇلاردىن بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ پۈقرالىرى ئارىسىدا بىر گۇرۇھ مەۋجۇت بولغانلىقى كۆرۈنىدۇ. مۇزەپپەرىددىنمۇ ئەمىر بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى كاتتا تۆرە ① ۋاقتىدىكى سۈلھىپەرۋەرلەرچە تەبىئەتنى يوقاتتى ۋە تەختكە ئولتۇرۇش بىلەنلا، ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنە تېزدىن ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەن شەھرىسەبز بىلەن جەڭ باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قورال ئىشلىتىشى ئىدى. لېكىن، ئاتىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى غەيرەتلىرى قانداق نەتىجىسىز قالغان بولسا، ئوغلىنىڭ بۇ غەيرەتلىرىدىنمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. ئۇ تېخىچە شەھرىسەبز قەلئەلىرىدىن بىرى بولغان چىراغچى ئىستىھكامىنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگىنىدە، قوقەنت ۋەقەلىرى ئۇنى يېڭى جەڭگە چاقىردى. ئۇ ئاتىسىنىڭ شەخسەن ئۆز مەنپەئىتىگە ھەم پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مەنپەئىتىگە قارشى قوللانغان سىياسىتىنى داۋام ئەتتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، مۇسۇلمانقۇل قوقەنت ھاكىمىيىتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇخارا پىتىنىسىگە سەۋەب بولغان خەنجەر ئارقىلىق تەختتىن يوقىتىلىپ، شاھلىق تاجى مۇھەممەدئەلىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلىغا، يەنى شاھزادە خۇدايارخانغا تەگدى. بۇ روھىي دۇنياسى زەئىپ ۋە قورقۇنچاق شاھزادە شەخسەن نەسرۇللانىڭ نازارىتى ئاستىدا ۋە بۇخارا سارىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇسۇر ۋە نۇقسانلىرى ئىچىدە تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇخارا ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن ئىدى، ھەتتا ئۇ تەنتەنىسىز، لېكىن بۇزۇلمىغان قوقەنت تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتىتمۇ زەرەپشان بويىدىكى بۇ رىياكار پايتەختنىڭ زوق ۋە

ساپالىرىنى سېغىنماقتا ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا قەدىم پەرغانىنىڭ ئاق كىگىزى خۇش كۆرۈنمىگەن بولسا، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىدىن ئىلگىرىلەۋاتقان رۇسلارغا قارشى جەڭگە بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن بېرىلگەن پەرمانلارنى ئىجرا قىلىش تېخىمۇ بەك ئېغىر كەلمەكتە ھەمدە ئۇ جاسارەتلىك شىمال ئوغۇللىرى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتتىن مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىنىپ، بىرى كەينىدىن ئىككىنچى بىر قەلئەسىنى يوقاتماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئاقمەسچىت ئۇستىدە قارا قۇشلۇق سۇرىتى نەقىشلەنگەن رۇس بايرىقى لەپىلدىمەكتە، شەھەر بولسا رۇس تىلىدا «پورت پروفىسكى» دەپ ئاتالماقتا ئىدى. ئۇنى رۇسلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىش لازىم ئىدى. ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بۇ ۋاقىتتىمۇ خۇدايارخان بۇ مۇقەددەس جىھادتىن مۇۋەپپەقىيەتسىز ھالدا قايتقىنىدا پايتەختىنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. چۈنكى، ئۇ يوق ۋاقىتىدا چوڭ قېرىندىشى مەللەخان ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئارقىلىق بۇخاراغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەگەر مۇزەپپەرىددىن ئادالەتسىزلىككە جازا بېرىش باھانىسى بىلەن بۇ مەسىلىگە ئارىلاشمىغان بولسا، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ : «قارارلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۈلھى يولى بىلەن چىقىرىلغان قارارلاردۇر» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، مۇھەممەدئەلى ئائىلىسى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى سۈلھى يولى بىلەن ياراشتۇرۇشقا تىرىشقان بولسا ۋە ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن خۇدايارخانغا مېھماندارچىلىق كۆرسىتىپ، تىنچ تۇرۇشقا پەرمان قىلغان بولسا، يالغۇز بىر ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە پالاكەتلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. لېكىن، باشقا ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىغا ئوخشاش مۇزەپپەرىددىنمۇ جاھانگىرلىك ئۇنۋانى بىلەن پەخىرلىنىشنى خىيال قىلاتتى.

شۇنىڭغا ئاساسەن خۇدايارخاننىڭ ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ئەسكەرلىرىنى توپلاپ قوقەنتنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن شەھەرسەبزنى تاشلىدى. بۇ بىرىنچى سەپەردىلا يوشۇرۇن خەنجەر بىلەن ئوچۇق ھەربىي كۈرەش ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى : مەللەخان بۇخارا تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن كېچىدە ئۆزىنىڭ ياتىقىدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇ تەپرىقىچىلەر ئارىسىدا مەللەخاننىڭ شەخسەن ئۆز خادىملىرىمۇ بار ئىدى. شۇنداقلا قوقەنتتە ئەڭ يۇقىرى ئورۇن تۇتقان ئۇنىڭ غەيرەتلىك تەرەپدارى قىپچاقلار ئۆزلىرىگە ياققان شاھ مۇرادنى، يەنى خۇدايارخاننىڭ كىچىك ئىنىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان بىر زاماندا، مۇزەپپەرىددىن تەختكە قايتىدىن ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى خۇدايارخاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بۇخاراغا قايتىپ كەتتى. لېكىن، خۇدايارخان قوقەنت كەنتىدە پەقەت تۆت ئايلا ئولتۇردى. شۇڭا، ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقان بۇخارا ئەمىرى بۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت بىلىپ، تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن قوقەنتكە قارشى

ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى، ئۆزىنىڭ نوپۇزى ۋە ئەھمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ باشلىغان سىياسىتىنى ئاخىرغا قەدەر داۋام ئەتتۈرۈشنى قارار قىلدى.

سەردارقۇلى شاھرۇخخاننى قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن، مۇھەممەد ھەسەن بەگنى ئوتتۇز توپ (زەمبىرەك) بىلەن ئالدىن ئەۋەتتى. ئۆزى جۇڭگو چېگرىسىغا قەدەر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى تەختى تەسەررۇپىغا كىرگۈزمەستىن، بۇرۇن قايتماسلىقنى قارار قىلىپ، بىرنەچچە يۈز تەكە تۈركمەنلىرى بىلەن شەرققە كەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارشى قوقەنت يەنە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە غەيرەت بىلەن قوراللاندى.

قوقەنت خانلىقىنىڭ ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلىسى بولغان قىپچاقلار قوقەنتنى مۇداپىئە قىلىشقا كېتەرلىك ئادەم ۋە ھەممەنەرسىنى پىدا قىلماقچى بولغانلىقلىرىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئەسكىرى ۋە خۇسۇسەن مۇزەپپەرىيەددىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى مەشھۇر بولغان توپلىرىغا قارشى تۇرالماي، ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، شۇ باھانىدا ئەمىرنىڭ ئەسكەرلىرى ھېچ توسالغۇسىز ھالدا ئوشقا قەدەر ببرىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، كۆپ تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەھمىيىتى بەكمۇ شۈبھىلىك ئىدى. غايەت «دەھشەتلىك» بولغان بۇ ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپتىن ھالاك بولغانلارنىڭ سانى جەمئىي يۈزدىن ئاشمىدى. ئۆزىنى ئىككىنچى تېمۇر گۇمان قىلغۇچى بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئەسكىرى قەيەردە بىر شەھەرنى تاشلاپ چىقسىلا، دەرھال ئۇ يەرگە قىپچاقلار كىرەتتى ـ دە، ئۇ يەردىكى بۇخارا ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىزىنى يوقىتاتتى. بۇ ئويۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قوقەنت خانلىقىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن خۇلاسىلەندى. ئوشتىن مۇھەررەمگە قەدەر بولغان شەرق تەرىپى قىپچاقلار ھىمايىسىدىكى شاھ مۇرادقا، ئۆرەتۆپىدىن تاشكەنتكە قەدەر بولغان شىمالىي قىسمى خۇدايارخانغا تەگدى. خۇدايارخان ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسىگە مۇمكىنقەدەر يېقىن يەردە تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى سەمەرقەنتتە تەسىس قىلدى.

ئەگەر مۇزەپپەرىيەددىننىڭ بۇ ھىمايىچىلىك ھەم ئىستېلاچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاستىدا سىر دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىتتىپاق تۈزۈش ياكى ئومۇمىي كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ئوخشاش بىر مەقسەت بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆز قوشنىلىرىغا قىلغان ھۇجۇم ۋە تاجاۋۇزلىرىنى بىر ئاز ھەقلىق دەپ قاراشقا بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنداق ئىستىقبال سىياسىتىدىن ناھايىتى ئۇزاقتا بولۇپ، بۇ جەڭنىڭ باش سەۋەبىمۇ سۆھرەتپەرەسلىك، بۇلاڭ ـ تالاڭ ئارقىلىق بايلىق تەمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، بۇ جەڭ ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈردى. چۈنكى، خۇدايارخاننى ھىمايە قىلىش ئۇنى شۇنداق بىر كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويدىكى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش بۇخارا

ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭمۇ ئىقتىدارى يېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

رۇسىيەنىڭ 1839 ـ يىلىدا ئەۋەتكەن پروفىسكى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتى پالاكەت بىلەن نەتىجىلەندى. سىياسىي مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن سىياسىي ھەيئەت مۇۋەپپەقىيەتسىز قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقلۇق ھەرىكىتىنى ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن سىر دەريا ساھىلىغا يۆتكىدى ھەم شۇ ۋاقىتلاردا قوقەنت خانلىقىنىڭ قابىلىيەسىكەن دېگەن يېرىگەقەدەر كېلىپ يەتتى. 1843 ـ يىلى تورغاي (ئورال) دەرياسى بويىدا ئورونبورگ قەلئەسى، ئۇنىڭ ياندۇرقى يىلىدا قاربوتاق دەرياسى بويىدا قارابوتاق ئىستىھكامى ② سېلىندى. ئەڭ ياخشى قورۇقلۇق يولى تۈركىستاندا، ئەڭ ئەلا سۇ يولى ئامۇ دەريا بولۇشى ھەققىدىكى پىكىر توغرا چىقمىدى③. بۇنىڭ ئۈچۈن سىر دەريانى بويىسۇندۇرۇش لازىم بولدى.

ئورونبورگنىڭ گېنېرال گوبېرناتورى پروفىسكىنىڭ پەرمانى بىلەن 1847 ـ يىلى يۈز بېشى (كاپىتان) شولتېز تەرىپىدىن سىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئارالچىق قەلئەسى سېلىندى. بۇ خىۋە ئۆزبېكلىرىنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالدى. لېكىن، ھەرقانچە غەيرەت قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇندىن قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. خالار ـ خالىماس سىر دەرياسىنىڭ سول ساھىلىدا رۇس قارا قوشىنىڭ قاناتلىرى يېيىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىمسىز كۆلەڭگىسى بىر ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى قاراڭغۇلۇق ئاستىدا قالدۇرۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. كېيىنچە ئارالچىق قەلئەسى بىرىنچى نومۇرلۇق قەلئە ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ، كېيىنكى ھەرىكەت ئۈچۈن بىر ئاساسىي نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچى  ۋە ئۈچىنچى قەلئەلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى ۋە داۋاملىق ئىلگىرلەۋاتقان رۇس قوشۇنلىرىنىڭ تېزدىن قوقەنت بىلەن، شۇنداقلا ئۇنى گەرچە ئىسىم جەھەتتە بولسىمۇ  ئۆز مەملىكىتىدە دەپ سانىغان مەملىكەت (بۇخارا) بىلەن ھەربىي ھەرىكەتلەر مەيدانىغا چىقتى.

رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئالدى بىلەن قوقەنت قەلئەسى ئاقمەسچىت مۇھاپىزەتچى قوشۇنى (گارنىزونى) ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار بەزىدە رۇسلارغا، بەزىدە بولسا رۇس ھىمايىسى بىلەن كىرگەن قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلماقتا، لېكىن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئالاھىدە كۆپ چىقىملار بەدىلىگە توختىتىلماقتا ئىدى. بۇنداق ھالەت بىرنەچچە يىللار داۋام قىلدى. قوقەنت كۆپىنچە رۇس قوشۇنىنىڭ كىچىك قىسىملىرى بىلەنلا ئۇچرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ھەققىدە ئۇلار تېخىچە توغرا بىر پىكىر ھاسىل قىلالمىغانىدى. رۇسلار بولسا ئۇلارنىڭ ھەربىي ھىيلىلىرى ۋە بۇ ئەتراپتىكى ئۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن بارغانسېرى ياخشى

تونۇشلۇق ھاسىل قىلىپ، تۈركىستانىنى ئىستېلا قىلىش ھەققىدە تەييارلىق دەرسى ئېلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا دەريادا يۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان كېمىلىرى (پاراخوتلىرى)مۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنى ئارال كۆلىگە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كەلتۈردى ۋە بۇ قەدىم خارەزم كۆلىنىڭ ئاسمان رەڭگىدىكى سۈيىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ يەردە تاشكۆمۈر يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا سۆكسۆك ئىشلىتىلدى. ھەر تۈرلۈك توسالغۇلارنى يېڭىپ ئېلىپ كېلىنگەن بۇ بىرىنچى بۇخارا كېمىسى كۆز ئالدىدا تۇتۇلغان مەقسەتلەرگە ناھايىتى مۇۋاپىق چىقتى. 1852 ــ يىلى پولكوۋنىك بىللار ئىمبىرگ بىر توپ ئەسكەرلەر بىلەن ئاقمەسچىت قەلئەسىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئوچۇم كىشىلىرى بىلەن پۈتكۈل قەلئەنىڭ سېپىللىرىغا قەدەر يېتىپ كەلدى. گەرچە مەجنۇنلارچە جاسارەت بىلەن قىلىنغان بۇ ھەربىي يۈرۈش (رۇس چېگرىسىدىن ئىككى يۈز ئەللىك مىل يىراقلىقتا)تىن ئايرىم بىر نەتىجە چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياندۇرۇقى يىلىدا بۇ قەلئەگە جىددىي رەۋىشتە قىلىنغان ھۇجۇم ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق نەتىجە بەردى. بۇ قېتىم لەشكىربىي سەپەر تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ھالەت بىلەن باشلاندى ④. رۇسلار سىر دەريانىڭ ئوڭ ساھىلىنى بويلاپ ئاقمەسچىتكە توغرىدىن ــ توغرا ھەرىكەت باشلاش ئۈچۈن، يازنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىسسىق بىر ۋاقتىدا ئادەمسىز چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بىرىنچى نومۇرلۇق قەلئەگە باردى. ئەينى زاماندا «پىروفىسكى» ناملىق كېمە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سىر دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ھەرىكەت قىلدى. دەھشەتلىك دەرىجىدىكى ئىسسىقلىق، جاندىن بەزدۈرگۈچى چىۋىن ۋە پاشىلار ۋە سەھرا يانغىنلىرىنىڭ ھېچبىرى بۇ قەيسەر شىمال ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىدىن توختىتالمىدى. ئاقمەسچىت قەلئەسى مۇھاسىرە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن تۈركىستان تۇپرىقىدا ئىستېھكاملىق مەۋقە ئۈچۈن تۇنجى كۈرەش باشلاندى.

گېنېرال پىروفىسكى دەسلەپتە قوقەنتلىكلەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولۇشقا پەرمان بەردى ⑤. بۇنىڭغا قارشى قوقەنتلىكلەر «ئوق ــ دورا ئامبارلىرىدا بىر پاي ئوق، شەھەر كوچىلىرىدا بىر دانە كېسەك (تاش ئورنىدا دۈشمەنگە ئېتىلىدىغان چالما) قالغان، قىلىچ ۋە سۆڭەكلىرى سۇنۇپ تۈگىگەنگە قەدەر قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىش نىيىتىدە» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ ئىنتايىن قاتتىق ئۇرۇشتى، پەقەت كۆپ يەرلەردىكى سېپىللار رۇس توپلىرى بىلەن يىمىرىپ تاشلىنىپ، پاسىلىسىز ھالدا داۋام قىلغان تويقا تۇتۇش تۇپەيلىدىن قەلئەنى ساقلىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە كېمەيگەندىن كېيىنلا، 1853 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى ماجارىستان (ۋېنگرىيە)لىق لېيتنانت ئېردېلى قوماندانلىقىدىكى بىرىنچى ھۇجۇمچى ئەترەت قەلئەگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى ⑥. قەلئە مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى مۇھەممەدۋەلى

ئۆزىنىڭ سادىق يولداشلىرى بىلەن بىرلىكتە گەرچە جەڭنىڭ باشلىنىشىدىلا تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قوقەنتلىكلەر زور چىدام ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ مۇداپىئەدە تۇردى. ئەسكەر قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك ھالدا شۇ يەردە ھالاك بولۇپ، پەقەت بەزىبىرلىرىلا قېچىپ قۇتۇلدى. بۇ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن ئەھمىيىتى زور بولغان، سەھرانىڭ شىمالىدا رۇسلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان بىرىنچى ئورۇن، شۇنداقلا ئۆز ۋەتەنلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن پىداكارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر شاھىتى ئىدى.

ئاقمەسچىتنىڭ قولدىن كەتكىنىگە بىر يىل بولمايلا قوقەنتلىكلەر بۇ ئورۇننى ⑦ قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەكرار ۋە ئەھمىيەتلىك يۈرۈشلەرنى قىلىپ كۆردى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. گەرچە 1853 ـ يىلى بىلەن 1856 ـ يىللىرى ئارلىقى بولغان بۇ ۋاقىت ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن بىر پايدىلىق پۇرسەت ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا رۇسىيە ئۆزىنىڭ بۈيۈك مەملىكىتىدىكى پۈتۈن كۈچلىرىنى قىرىمغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئاسىيانىڭ يىراق جەنۇبىدىكى مۇستەملىكىلىرى ھەققىدە قايغۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى ؛شۇڭا ئەگەر سىۋاستىپول ئۇرۇشى ئۆزلىرىگە مەخپىي بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق بولغان خەتەر ۋە تەھلىكىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، قىسقا بىر مۇددەتكىچىلا بولسىمۇ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، يالغۇز مۇستەھكەم قەلئەلەرنى ئىشغال قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى رۇسلارنى سەھرانىڭ شىمال چېگرىلىرىغا قەدەر قوغلىۋېتەلىگەن بولاتتى. بولۇپمۇ قىرغىز سەھرا خانى ئىززەت قۇتىيار ⑧ مۇشۇ ۋاقىتلاردا كىچىك ۋە ئوتتۇرا ئوردىلاردا رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغانىدى.

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا شۇ دەرىجىدە سالاھىيەتسىز، خەلقى مۇستەقىل ھاياتقا شۇ قەدەر ئەھمىيەتسىزدۇركى، بۇ مۇناسىپ پۇرسەتتىن ئاسانلىق بىلەن پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكس تەرىپىدىن چىقتى ۋە شۇنىڭ ياردىمىدە رۇسىيە سىياسىتىنىڭ ئەڭ بوھرانلىق زامانلىرىدىمۇ ئامۇ دەريا ئۆلكىسىدە ئەڭ ئاز بىر تەھلىكىلىك ھالەت كۆرۈندى. زور مەبلەغلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن خىۋە ۋە بۇخارا ئەلچىلىرىنى بابى ئالى (ئوسمانلى ھۆكۈمىتى) ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇپ، مەملىكەتلىرىنى، ھەتتا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ھەققىدە ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دىققەت نەزەرلىرىنى جەلپ قىلىشقا بىر يىلغىچە تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز قالدى.

تاجاۋۇز باشلىنىۋاتقان پەيتتە خىۋە رۇسىيىگە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋەكىللىرىنى ئاقمەسچىتكە ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى تەختتە مۇزەپپەرىددىن خان ئولتۇرغان بۇخارا بولسا ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ئاجىزلاشقان كۈشەندىسىنىڭ پالاكىتىدىن

پايدىلىنىش مەقسىتىدە قوقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ئارقىسىدىن ئىككىنچى بىر يېرىنى ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇۋېلىش بىلەن پەخىرلىنىپ ئۆزىنى بەختىيار ھېسابلاپ يۈردى. ئەھۋال شۇ دەرىجىدە ئىكەن، پارىژ سۈلھى كېلىشىمى تۈزۈلگەندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۆپرەك مۇۋەپپەقىيەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى تەبىئىيدۇر.

1859 ـ يىلى ئانچە چوڭ بولمىغان چولىق قەلئەسى، شۇندىن ئىككى يىل كېيىن سىر دەريا بويىدىكى يېڭى قورغان ئىستىھكامى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. رۇسلارنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرى بۇ دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئاخىر قوقەنتتە خەلقنىڭ قويۇق ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىگە قەدەر بېرىپ يەتتى. 1864 ـ يىلى مەشھۇر زاھىت خاجە ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ دەپنە قىلىنغان تۈركىستان ياكى ھەزرىتى تۈركىستان شەھىرى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. كۈچلۈك دىنىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بۇ ئەھۋال پەۋقۇلئاددە دەھشەتلىك تۇيۇلدى. خاجە ئەھمەد يەسسەۋى بولسا خاجە بەھائىددىن نەخشبەندىدىن قالسا تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىككىنچى مىللىي ئەۋلىياسى بولۇپ، بولۇپمۇ قوقەنتتە ئۇ ئالاھىدە مۆھتەرەم زات ھېسابلىناتتى. ئەمدى قىپچاقلار خۇدايارخان بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئومۇمىي كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ كۇپپارلارغا قارشى تۇرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىنغانىدى، لېكىن تۇراندا قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئاداۋەت تۈپەيلىدىن قوقەنتنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى جەڭگىۋار قەبىلىسى بولغان قىپچاقلار رۇسلارنىڭ چىمكەنت يېنىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك جېڭىدىن كېيىن، سايرام ئارقىلىق تاشكەنت ئۈستىگە ھەرىكەت قوللىنىشىنى ۋە تۈركىستاننىڭ سىياسىي ھەم سودا جەھەتلىرىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ شىمال دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلىشلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تاماشا قىلىپ قاراپ تۇردى.

ئۆز ھىمايىسىدە بولغان خۇدايارخاننىڭ ئىشىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن ۋە توغرىدىن ـ توغرا بولمىغاندىمۇ رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى بىر سىپىل ياساش ئۈچۈن ۋاقىت كەلگەنلىكىنى مۇزەپپەرىددىن خان ئەمدى ئوبدان چۈشەندى. ئالدى بىلەن (1865 ـ يىلى 5 ـ ئايدا) قىپچاقلارغا جازا بېرىش ئۈچۈن قوقەنت ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. چۈنكى، قىپچاقلارنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشلىرى رۇسلارنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ياردەم قىلغانلىق دەپ بۇخارادا بىر خەۋەر تارالغان، ھالبۇكى، بۇ خەۋەر يەڭگىلتەكلىك بىلەن چىقىرىلغان بىر گۇمان ئىدى [9]. قىپچاقلار پەۋقۇلئاددە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنىڭ جاسارەتلىك رەئىسلىرىدىن ئالىمقۇل تاشكەنت يېنىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى پىدا قىلدى. مۇزەپپەرىددىننىڭ چوڭ كۈشەندىسى بولغان بۇ ئادەم سەھنىدىن يوقالغاندىن كېيىن، قوقەنتنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىستېلا قىلىش ناھايىتى ئاسان ئىدى. ساماساق ئوغلى

www.uyghurweb.net

ئويۇنچاقخان، مىرزا سەئىد قاتارلىقلار تۇتقۇن قىلىنىپ بۇخاراغا ئەۋەتىلدى. تەختكە رۇسلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەشلىرى تۈپەيلىدىن پۈتۈن مەملىكەتنى دېيەرلىك دەرىجىدە يوقاتقان خۇدايارخان ئولتۇرغۇزۇلدى. ئەمىر بۇ ۋاقىتلاردا پىروفىسكىدىن كېيىن رۇس قوشۇنىغا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن گېنېرال چېرنايوفقا ھاقارەت ئارىلاش بىر مەكتۇب ئەۋەتىپ، ئىشغال قىلىنىۋالغان يەرلەردىن رۇسلارنىڭ چىقىپ كېتىشلىرىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە پۈتۈن تۇران مۇسۇلمانلىرىنى رۇسلارغا قارشى قوزغىتىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى ⑩ ھەمدە بۇ تەلەپكە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشى ئۈچۈن، بۇخارادا ۋاقىتلىق ياشاۋاتقان رۇس سودىگەرلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. رۇسىيە باش ئوردىسى بۇنىڭغا قارشى ئورۇنبۇرگدىكى بۇخارالىقلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن جاۋاب بەردى ۋە ئەمىرنىڭ تەھدىتى ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى. بۇ خەۋەرلەر مۇناسىۋەتى بىلەن ئۇرۇش تېخى باشلانماي تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەمىر رۇس گېنېرالى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پېتىربۇرگقا ئىمپېراتور ھۇزۇرىغا خاجە نەجمىددىننى دوستانە مۇناسىۋەت بىلەن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت بىر سىياسىي ئۇستاتلىق قىلىش ئارقىلىق شەھرىسەبزىدىكى قارشىلىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى. خاجە نەجمىددىن يولدا رۇسلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، قازالى قەلئەسىگە قامالدى. رۇسلار بۇخارا سودىگەرلىرىنى ئازاد قىلغان بولسىمۇ، بۇخارا رۇسىيە سودىگەرلىرىنى يەنىلا تۇتقۇن قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى بىرقەدەر چۈشىنىشىش يولى بىلەن ھەل قىلماقچى بولۇپ، گېنېرال چېرنايوف بىرقانچە قوماندانلىرى بىلەن پولكوۋنىك ئەستەرووۋنى بۇخاراغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى .
بۇ تاجاۋۇزنى داۋام ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن گېنېرالنىڭ ئۆزىگە كەڭ ھوقۇق بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ياكى تاجاۋۇزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولغان ئەسلىھەلەرنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. رۇسلار نەجمىددىنگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا ئەمىرنىڭمۇ پولكوۋنىك ئەستەرووۋنىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . گېنېرال چېرنايوف بۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ بىلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى باشلاشنى قارار قىلدى ۋە تېزدىن 1866 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سىر دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، خوجەنتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، چۆل ئارقىلىق بۇخارانىڭ ئۆز تۇپرىقىغا جايلاشقان جىززاخ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىم رۇسلار خاتا قىلدى. چۈنكى، ئادەمسىز ۋە سۇسىز چۆل ئارقىلىق تېزلىك بىلەن يەتتە مەنزىل كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىدىن ئون ھەسسە ئەمەس، بەلكى يىگىرمە ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىغا قانائەت ھاسىل قىلىپ، ھېسابسىز كۆپ دۈشمەن قەبىلىلىرى ئارىسىدىن قېچىش ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ

تەرتىپ ۋە ئىنتىزاملىرىنى بۇزماي، چوڭ سەۋر ـ تاقەت كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا دۇنياغا دەھشەت سېلىپ تۇرغان تۇران جەڭگىۋارلىرىنىڭ ھازىرقى باللىرى شۇ قەدەر قورقۇنچاق ئىدى !

چېرنايېفنىڭ ئورنىغا گېنېرال مايور دېمتېرىي ئېلئىچ رومانوۋىسكىي تەيىنلەندى. رۇسلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى ئۆزبېكلەرگە جاسارەت بېغىشلاپ، ئۇلار ئۆزلىرى ھۇجۇم باشلىدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سىر دەريانىڭ سول ساھىلىدىكى كىچىك چىناز ئىستىھكامى يېنىدا ئەھمىيەتسىز بىر ئۇرۇش بولدى، ھەتتا ئەمىر مۇزەپپەرىددىن رۇسلارنىمۇ ئىلگىرىكى قوقەنتلىكلەرنى مەغلۇب قىلغانغا ئوخشاش ئاسانلا مەغلۇب قىلىش مۇمكىن ئىكەن دېگەن خاتا پىكىرگە كېلىپ، بەش مىڭ سەرۋاز، يىگىرمە مىڭ قىرغىز، ئون مىڭ تۈركمەندىن ئىبارەت قوشۇننى يىگىرمە بىر توپقا بۆلۈپ شەخسەن ئۆزى ئۇرۇش مەيدانىغا چىقتى. مەقستى شىمالىي كاپكازلىقلاردىن تاشكەنتنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئىدى. تەبىئىيكى بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گېنېرال رومانوۋىسكىيمۇ ھەرىكەت قىلماي تۇرمايتتى. بۇ ئۇرۇش ھەققىدە ئۆزى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، گەرچە ئۇ ۋاقىتتىكى ئون بەش مىڭ كىشىلىك تۈركىستان ئوردىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا يالغۇز تۆت مىڭلا كىشى بارغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇخارالىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان.

سىر دەريانىڭ سول ساھىلىدا، خۇجەنتتىن بىرنەچچە مىل غەربىي شىمالدىكى ئىرجار ناملىق ئورۇندا 1866 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىككى ئارىدا كەسكىن جەڭ بولدى. بۇ جەڭدە رۇسلارنىڭ توپ ئوقلىرى ئۆزبېكلەرنىڭ قويۇق سەپلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە يول ئاچتى ۋە بىر توپ قەيسەر رۇس ئەسكەرلىرى شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە پاتقان بۇخارا قوشۇنى ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە دەھشەتلىك كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى تەرتىپسىز ھالدا جەنۇبقا ئۇدۇل قېچىشقا مەجبۇر قىلدى . بۇخارالىقلارنىڭ پۈتۈن بارىگاھلىرى، مۇزەپپەرىددىننىڭ ئۇ يەردىكى پۈتۈن زىبۇ زىننەتلىك چېدىرلىرى ۋە توپلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە قالدى. مۇزەپپەرىددىن ئۆزى پۈتۈن كۈچى بىلەن قېچىپ جىززاخقا كېتىۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا بۇخارالىقلاردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى تالاپەتكە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ قوشۇن ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئەترەتنى تەشكىل قىلغان قارشى ۋىلايىتىدىن بولغان مانغىتلار چوڭ تالاپەتكە دۇچار بولدى. ئەمما، رۇسلارنىڭ ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان كىشىلىرى ئەللىكتىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى.

ئىرجار ئۇرۇشى تۈركىستان ئۈچۈن زاۋاللىق نۇقتىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مۇستەقىللىقى ۋە ئەھمىيىتى يوقالدى. ئوتتۇرا ئاسيانىڭ باشقا

www.uyghurweb.net

خەلقلىرى ئۇستىدىكى ئۈلارنىڭ نوپۇز ۋە تەسىرى يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن ئىسلام مەنپەئىتىمۇ زىيانغا ئۇچرىدى.

رۇس گېنېرالى ئەگەر خالىسا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ، دەرھال سەمەرقەنت ئۇستىگە يۈرۈش باشلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئېرجار پالاكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا بەرگەن دەھشىتى ناھايىتى چوڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى قىلمىدى. كېيىنكى ئىستىھكامدىن بىرئاز قوشۇن ئېلىپ كېلىپ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ناۋ قەلئەسىنى ئىشغال قىلىش بىلەن قانائەتلەندى. خوجەنتنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ناۋ قەلئەسى شەرق ۋە شىمالدىن كەلگەن يوللارنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقانلىقى ھەمدە بۇخارادىن تارتىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قەلئە ئىستىھكامىنىڭ كۈچىنىڭ تېزدىن ھەل قىلىنىدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. ئەمما، ھەر ئىككى تەرەپتىن سىر دەريا بىلەن، يەنى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن سىر دەرياسىنىڭ چوڭ ئېقىنى، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن بىز كىچىك تارمىقى بىلەن مۇداپىئە قىلىنغان خوجەنت قەلئەسى ئاسىيالىقلارنىڭ نەزىرىدە ھەربىر زاماندا تاجاۋۇز قىلىش قىيىن دەپ سانىلىپ كەلگەن. بۇ شەھەر ئۆزى قوقەنتكە تەۋە بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە بۇخارا ئەسكەرلىرى تۇراتتى. بۇلار رۇسلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، قەلئەنى قوغدىدى. ھالبۇكى كۆپىنچىسى سودىگەرلەردىن ئىبارەت شەھەر ئاھالىسى رۇسلارنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئۇستۇنلۈكىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار تەسلىم بولۇش تەرەپدارى ئىدى. لېكىن، مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن قۇترىتىلغان ئەسكەرلەر غايەت جىددىي سۈرەتتە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، رۇسلار قەلئەنى يەتتە كۈن مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئالالىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇنى ئېلىش رۇسلارغا خېلى قىممەتكە چۈشتى. چۈنكى، بۇ يەرنى ئېلىشتا ئېرجاردىكى كەسكىن جەڭدىكىدىنمۇ كۆپرەك تالاپەت يېدى. ئۆزبېكلەردىن ئۆلگەن ۋە ياردار بولغانلارنىڭ سانى ئىككى مىڭ بەش يۈز ئەتراپىدا بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ.

شۇ تەرىقىدە قوقەنتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورۇنلىرى رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ياردەمسىز ۋە كۈچسىز قالغان ھەم ھۆكۈمرانلىقى قۇرۇق ئىسمىدىنلا ئىبارەت بولغان قوقەنت خانى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان بۇخارا ئەمىرىنىڭ قولىدىن چىقىپ، بىردىنلا رۇسلارنىڭ قارا قۇشلۇق بايرىقىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتتى. ئاڭلىغان ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ھالەتتىن ئۇ رازى بولۇپ، تېزدىن خۇشىگە كەتتى.

ئەگەر قوقەنت تەختىدە خۇدايار ئورنىدا باشقا بىر پائالىيەتچان ۋە غەيرەتلىك ھۆكۈمران ئولتۇرغان بولسا، ھەمدە بۇ ۋاقىتلاردا پۈتكۈل شەرقىي بۇخارادىكىلەر ياقۇپ قوشبېگى بايرىقى ئاستىدا بىرقانچە جەڭگىۋار ئۇنسۇرلار يىغىلىپ قوقەنتنىڭ ئەسلىدىنمۇ ئاز بولغان كۈچىنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرمىگەن بولسا، رۇسلارنىڭ بۇ قەدەر تېز ھەم ئاسان

www.uyghurweb.net

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇقەدەر ئاسان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىگە رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھەيران قالدى. خۇدايارخانمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بابىرنىڭ ئوردۇگاھىدا ئاق پادىشاھنىڭ ھىمايىسىدا قالغانلىقىغا مەمنۇن بولدى. ئۇ مۇھەررەمدىن باشلاپ پۈتۈن سىر دەريا ۋادىسىنى رۇسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، پۈتۈن شەھەرلىرىنى رۇس گىراژدانلىرىغا ئېچىپ بېرىشكە، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇس خەزىنىسىگە شۇ قەدەر زور مەبلەغ بېرىشكە مەجبۇر بولدىكى، كۆپ يىللارغىچە ئۇ يەردە يېغىدىن بىر ھەرىكەت پىلانى قوزغاش ھەۋىسىنى يوقىتىشقا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى.

بۇ چوڭ پالاكەت سەۋەبىدىن پاتپاراق بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ئايرىلىپ قالغان مۇزەپپەرىددىن ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك ؟ ئۇنىڭ ياردەم سوراپ، ھەر تەرەپكە ئەۋەتكەن مۇراجىئەتلىرىنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدەك مەغلۇب بولغان بىر ھۆكۈمران بىلەن شەۋكەتلىك رۇسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە كىم جۈرئەت قىلسۇن ؟ يېقىن قوشنىسى خىۋە بىلەن ئۇنىڭ كۆپتىن بېرى ئارىسى بۇزۇلغان ھەم ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىش مۇزەپپەرىددىننىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە، كىبىر ۋە غۇرۇرىغا تېگەتتى. ئۆزى ئىچكى پىتنىلەر بىلەن چىرىپ تۈگەشكەن خىۋەدەك كىچىك بىر مەملىكەتتىن قانچىلىك بىر پايدا ۋە ياردەم كېلىشى مۇمكىن ؟ بۇ ۋاقىتلاردا ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتقان جەنۇبىي ئىراننىڭ ئۆز ئىشى ئۆزىگە يېتەتتى. ئەگەر دوست مۇھەممەدخان ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى بۇخارا ئەمىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن ياردەم كۆرسىتىش ئېھتىمالى بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇخاراغا نەپرەتلىنىش ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئۆزلىرىگە مىراس بولۇپ قالغان ئىككىنچى بىر قىسمى مەغرۇر ۋە تەكەببۇر بۇخارا ئەمىرىنىڭ كۇپپارلار تەرىپىدىن خار قىلىنغانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ تۇراتتى.

ئەسلىدە پەقەت بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقىلا بېرىلىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى بىرلىشىپ، ئومۇمىي بىر سىياسەت تۈزۈشكە كۆنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئافغانىستانلىقلارمۇ بۇ زەئىپلەشكەن بۇخارادىن ئامۇ دەرياسى بويىدىكى ئون ئىككى خانلىقنى قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇخارا ئۈستىگە كەلگەن پالاكەتكە بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقا باشلىدى. ئېھتىمال جۇڭگو شىنجاڭنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى ياقۇپ قوشبېگى ئۆز مەنپەئەتى نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ، بۇخارا ئەمىرىگە ياردەمگە كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ پايتەختىدىن بىرنەچچە كۈنلۈكلا يەردە نارىن بويىدىكى رۇس قوشۇنلىرىنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ رۇسلارنىڭ ھەربىي ماھارىتىگە دەسلەپكى يىللاردىلا قايىل بولۇپ، قانائەت ھاسىل قىلغانىدى ، شۇڭا بۇخارا ئەمىرىگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشتا ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت

www.uyghurweb.net

قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا قوقەنت رۇسلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇخارادىن ئايرىپ تاشلانغان بولۇپ، ئۇ ياردەم بېرەي دېسىمۇ ياردەم قولىنى سوزالايدىغان ھالەتتە ئەمەس ئىدى.

ئەمىر ئۈچۈن چەت ۋە يىراق مەملىكەتلەردىن ياردەم كېلىش ئۈمىدى ئاز ئىدى. رۇسىيىنىڭ شۈبھىسىز گۇمانلىرىنىڭ ئەكسىچە ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇخاراغا كېيىنكى جەڭلەردە سۆز بىلەن بولسۇن ياكى ئىش بىلەن بولسۇن، ھېچبىر ياردەم كۆرسەتمىدى. ئۆزىگە شۇ قەدەر چوڭ سىياسىي ھاقارەت كەلتۈرگەن ھەم ئەلچىلىرىدىن ئىككىسىنى تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ئۆلتۈرگەن بىر مەملىكەتكە ئۇنىڭ ياردەم قىلىشى زادى مۇمكىنمىدى ! تۈركىيىمۇ يىراق شەرقتە بىر بۆلۈك ئىشلارنى قوزغىتىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئويۇقۇنىدا يىغىلغان كۆپ پالاكەتلىرى ئۈستىگە يەنە بىر ئاز پالاكەتنى ئاشۇرۇشقا ئانچە ھەۋەسكار ئەمەس ئىدى. بابى ئالى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزبېك، تاجىك ۋە بۇ تەرەپتىكى باشقا قوۋملەر بىلەن خىۋە، بۇخارا، قوقەنت، ئامۇ ۋە سىر دەريالار ھەققىدىكى مەلۇماتى تىنچ ئوكياندىكى ھايتى ئارىلى ھەققىدىكى مەلۇماتىدىن زىيادە ئەمەس ئىدى. بابى ئالى بىلەن ئىلگىرىكى شەيبانىيلار ۋە ئاشتەرخانىلار ئارىسىدا داۋاملاشقان سىياسىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە يېگى ئوسمانلىلارنىڭ ھېچبىر مەلۇماتى يوق. ئەمەلىيەتتە ئۆز ھاياتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئوسمانلىلار يىراق شەرقتە پالاكەت ئاستىدا قالغان دىنداش ۋە مىللەتداشلىرىغا ياردەم قولىنى سوزالايدىغان بىر ھالەتتىمىدى ؟! ياكى بولمىسا مىڭلىغان پۇقرالىرى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ۋە قەدىم زامانلاردىن بېرى تۈركىستان سۆزى دەھشەت ۋە نەپرەتلىك ئاڭلىنىۋاتقان ئىران شىئىلىرىدىن مۇزەپپەرىددىنگە ياردەم كېلىش ئېھتىمالى بارمىدى ؟! توغرا، قاچارلار بىلەن بۇخارا ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. لېكىن، ئاشۇ ئىرانلىقلارنىڭ بۇخاراغا بولغان نەپرەتلىرى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئىران سىر دەريا بويىدىكى رۇس مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن پۈتۈن كۆڭلىدە سۆيۈنمەكتە ئىدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەلى نېمىتىنى رەنجىتىشتىن ئېھتىيات قىلىسا كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا شۇ قەدەر بىر ئومۇمىي ئاجىزلىق ئىچىدە ئەمىر ئۆزىنىڭ سىپاھىلىرى (چوڭ ئەمەلدارلىرى)، ھەتتا شەخسەن ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تەرىپىدىنمۇ خارلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى مەن بۇخارادا بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن يالغۇز قورقۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ھازىر ئەمدى ئاشۇ زات بازاردا، رىگىستاندا ۋە باشقا يەرلەردە ئۆزى ھەققىدە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق سۆزلەنگەن تاپا ـ تەنە ۋە تەنقىدلەرنى ئاڭلاشقا مەجبۇر. ئۇنى قورقۇنچاقلىق بىلەن ئەيىبلىشىدۇ، ھەتتا ئېرجار پالاكىتىنى توغرىدىن ـ توغرا ئۇنىڭ تېزلىك بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىدىن كۆرىدۇ. ئۇ

ئاقچىغا زور ئېھتىياج ھېس قىلغانلىقتىن دۆلەتنىڭ خەزىنىدىكى ئاقچىنى ئالغانىدى. ئەمدى ئۇمۇ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ۋەخپە مۈلكىگە قول سوزدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى خەزىنە ۋە ۋەخپە مېلىنى زايا قىلدى، دەپ ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇنىڭ توغرىسىدا دەھشەتلىك بىر پىتنە باشلاندى. دۆلەتكى ئەمرۇل — مۇئمىنىن كۇپپارلار (رۇسلار) بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت باغلاپ، بۇخارايى شەرىپنى ئۇلارغا پۇلغا ساتقان دەپ خەۋەر تارقالدى. موللىلار تەرىپىدىن قۇترىتىلغان ئومۇمنىڭ ھاقارىتىگە ۋە خوتۇنلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ سارىيىدا يالغۇز كېچىلىرىدىلا ياكى قىياپەت ئۆزگەرتىپلا سىرتقا چىقالىشى مۇمكىن ئىدى.

رۇسلارنىڭ غەلىبىسى زەرەپشان بويىدا پەۋقۇلئاددە يامان تەسىر پەيدا قىلدى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇق ھەققىدىكى خىياللىرىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى كۆرۈش بۇخارالىقلارنى پارتلايدىغان دەرىجىگە كەلتۈردى. بۇخارانى ھەمدە جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ بۇخارالىقلارنى ئىلگىرىدىن تونۇمىغان كىشىلەر بۇنى تەستە چۈشىنەلەيدۇ . دېمەك،بۇخارا ئەمرى تېمۇرمۇ ئەمەس، يېڭىلمەس بىر كىشىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ سەرۋازلىرى قارشىنىڭ مەشھۇر جەڭگىۋارلىرىمۇ رۇستەم ئەمەس. بۇخارادا دېپنە قىلىنغان كۆپلىگەن ئەۋلىيالارنىڭ نەپەسلىرى كۇپپارلار ئالدىدا تەسىرسىز قالدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا بۇلار سەۋر — تاقەتنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىشلاردۇر. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ جىددىيلىشىپ قالىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. بەگلەر، شەيخلەر، سوپىلار، دەرۋىشلەر، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، ھەتتا كى قەلەندەرلەرگە قەدەر ھەممە كىشى بۈيۈك ھاياجان ئىچىدە قالدى ۋە كۆپىنچىسىنىڭ بىر نۇقتىغا يىغىلغان پىكرى بولسا : جەڭنى يېڭىدىن باشلاش ۋە پىچاق سۆڭەككە يەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك،دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئاخىر قەتئىي كۆرەشكە، ھېچبىر مەملىكەتتە ۋە ئىسلامنىڭ ھېچبىر ھالىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن جىھادقا قارار بېرىلدى. ياشلار، قېرىلار، موللىلار ۋە ھەممە كىشى بۇ جىھادقا قاتناشتى. بۇ سەۋەبتىن ھاياجان تېخىمۇ ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىر جەڭنى يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى.

جىددىيلەشكەن بۇخارالىقلارنىڭ ۋە ئەمىرنىڭ بۇ مەجنۇنلارچە ھەرىكەتلىرىنىڭ رۇسلارنى خۇشال قىلمىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ ! خوجەنت قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن رۇس ئەسكەرلىرى پەقەت ئۆزىگە لازىملىق بولغان ياردەم ۋە ئوزۇقلۇقلار ئەۋەتىلگەنگە قەدەر دەم ئالدى ھەم رومانوۋىسكىينىڭ ئورنىغا گراف داشكوف تەيىنلىنىپ، باش قوماندانلىق ھەيئىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. يېڭى باش قوماندان ئەسلىدىكى جەنۇبقا قارىتىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1866 — يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا مۇھىم بىر قەلئە بولغان ئۆرەتۆپىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

www.uyghurweb.net

تېزدىن بۇخارانىڭ قوقەنتكە قارشى شەخسەن ئۆز چېگرا قەلئەسى بولغان جىززاخنىمۇ رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ يەرلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە خېلى كۆپ ئوزۇق ۋە قورال قالغان بولۇپ، رۇسلار تەرىپىدىن غەنىيمەت ئېلىندى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بولغان ئۇرۇشلاردا ئەمىرنىڭ قوشۇنى كۆپ تالاپەت تارتقانلىقى ھەممە بۇندىن كېيىن ئۇلار تار بىر چېگرا ئىچىگە كىرىپ سىغدىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇچۇن، جەڭ ئاقتاغ ۋادىلىرىدا بىر مەزگىل توختاپ تۇرار دەپ گۇمان قىلىنغانىدى. لېكىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ ئىش مۇمكىن بولمىدى.

يۇقىرىدا كۆرۈلگىنىدەك، مۇزەپپەرىددىن ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قەتئىي تەلىپىگە بىنائەن رۇسلار بىلەن بولغان جەڭنى يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش شەرتى بىلەن شەھرىسەبزىلىك جۆرە باي جەڭگە قاتنىشىپ مۇزەپپەرىددىنگە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدى. خېلى كۆپ مىقداردىكى تۈركمەنلەر ۋە ئافغانىستانلىقلارمۇ بۇخارا بايرىقى ئاستىغا توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆز ۋاقتىدىكى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى ۋاقتىدا خارەزم خانى خەۋپ ۋە ھاياجان ئاستىدا ئۇلارنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ھازىرقى بۇخارا ئەمىرىمۇ ئۆز كۈچىگە ئىشەنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، رۇسلارنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى سەمەرقەنتنىڭ مۇستەھكەم تاش سېپىللىرى ئارىسىدا كۈزىتىپ تۇردى. رۇسلار ئۈچۈنمۇ جىززاختا بولغان ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئالغا ھەرىكەت قىلماي توختاپ تۇرۇش مۈشكۈل ئىدى. چۈنكى، بۇخارالىقلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇشى ۋە جەڭنى يېڭىدىن باشلاشقا ئاساس سېلىش مۇمكىن ئىدى. 1867 ـ يىلى ھەربىي ھەرىكەت ھەر ئىككى تەرەپتىن بىرنەچچە ۋەقە بىلەنلا چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ باشتا ناھايىتى ئىستېبداتلىق ۋە غەيرەتلىك گېنېرال كائوفمان تۇرغان رۇس ئوردىسى يېڭىدىن قۇرغان كىچىك ئىستېھكامنى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرىنى مەزكۇر ئىستېھكام بىلەن سەمەرقەنت ئارىسىدىكى يېرىم يولغا جايلاشقان تاش كۆۋرۈككە قەدەر ئەۋەتتى.

ئۇنىڭ ياندۇرقى يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدە بولسا سەمەرقەنت ئۇستىگە ئوموميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. ھەممە نەرسە تەق قىلىنىپ ھەرىكەت باشلىنىدىغان چاغدا زەرەپشاننىڭ ئوڭ ساھىلى بىلەن رۇسلارنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىملىرىنى ئېلىپ بارغۇچى پولكوۋنىك پېتروشىۋىسكىي بۇخارا ئەمىرىنىڭ ۋەكىلى، يەنى ئىسمى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەجمىددىن بىلەن ئۇچراشتى. ئەمىر ئۇنى پۈتۈنلەي ھەرىكەتكە كەلگەن دۈشمەننى سۈلھىگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋە سۈلھى مۇزاكىرىسى باشلانمىغۇچە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن توختاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

www.uyghurweb.net

ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا قىرىق مىڭ كىشىلىك بۇخارا ئەسكىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ساھىلنىڭ قارشى تەرىپىدە ھەرىكەتكە ھازىر ھالەتتە تۇرمىغان بولسا، سۇلھى تەكلىپىنى زورلۇق بىلەن رەت قىلدى، دەپ رۇس گېنېرالىنى ئەيىبلەش مۇمكىن بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭ ماھارەتسىز سۇرەتتە قىلىنغان بىر ھەربىي ھىيلىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى رۇسلار تېزدىن بىلىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گېنېرال كائوفمان ناھايىتى ھەقلىق ھالدا ئەمرگە بېرىدىغان جاۋابىنى قەلەم بىلەن ئەمەس، زەمبىرەك بىلەن بېرىشنى قارار قىلدى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن يىگىرمە بىر يېرىم بۆلۈك (روتا) پىيادە قوشۇن، توپچى دىۋىزىيىسىنىڭ ئون ئالتە توپى، تۆت يېرىم سوتنا قازاقلار بولۇپ جەمئىي سەككىز مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىر ھەربىي ۋەزىيەتتە تەييارلىنىپ، دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدا زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەسكەرنىڭ گېنېرال مايور گولوۋاچېف قوماندانلىقى ئاستىدىكى سول قانىتى دەريادىن ئۆتۈشكە مۇۋاپىق ئورۇن تاپقانغا قەدەر دۈشمەننىڭ شىددەتلىك توپ ئېتىشى ئاستىدا چارەك سائەت مىقدارى ۋاقىت بەلگىچە سۇ ئىچىدە يۈرۈش قىلدى. رۇسلارنىڭ سانىغا قارىغاندا بەش ياكى ئالتە ھەسسە ئارتۇق بولغان ئۆزبېك قوشۇنى تۈرلۈك ئورۇنلاردىن ھەم چوڭ قىسىملار بىلەن رۇس ئەسكىرىنىڭ قارشى ساھىلغا چىقىشىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن، بۇنىڭ بىرەر پايدىسى بولمىدى. رۇس قوشۇنى يېقىنلىششى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېگىزدىكى ئەھمىيەتلىك ئورۇنلىرىنى تاشلاپ ۋە بارلىق توپ – زەمبىرەكلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى. بۇ ۋەقە سەمەرقەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە يۈز بەرگەنلىكتىن، سەمەرقەنت ئاھالىسى شەھەرنىڭ خىرىستىئان دىنىدىكى دۈشمەن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىغا قارىغاندا خەۋپ ۋە دەھشەت ئىچىدە قاچقان ئۆز ۋەتەنداشلىرىدىن كۆپرەك زەرەر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋەتەنداشلىرىغا شەھەر دەرۋازىلىرىنى ياپتى، مۆتىۋەر موللىلار ۋە ئاقساقاللاردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ھەيئىتىنى ئەۋەتىپ، رۇسلارنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى سەمەرقەنتكە كىردى. گېنېرال كائوفمانمۇ ئۆزىنىڭ غالىب جامائىتى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا شۇ يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ جامائىتى ئارىسىدا ئافغانىستان شاھزادىسى، يەنى ھىراتتىن سۇلتانجان ئوغلى ئىسكەندەرخانمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ بۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاللىرىغا ئېچىنىپ «بۇخارايى شەرىپ»كە ياردەمگە كەلگەن بولسا كېرەك.لېكىن ئۆزىگە ۋەدە قىلىنغان ۋەزىپىنىڭ شەرەپلىك بۇخارا تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە پاتىھە ئوقۇپ، ئەمەلىيەتتە سەككىز بۇرجەكلىك كرېستنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ئىدى. بۇ ئىسلام مەنپەئىتى ئۈچۈن تىرىشقۇچى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا بىر گۈزەل نەمۇنە ئەمەسمۇ ؟!

ئۆز ۋاقتىدا تېمۇرنىڭ ھەشەمەتلىك پايتەختى بولغان ئىسلام دۇنياسىدا غايەت مەشھۇر بولغان بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ تۇرغان ۋە دەپنە قىلىنغان ئورنى ۋە ھەر زاماندا ئىسلام مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى سانىلىپ كەلگەن سەمەرقەنتمۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ ئەلا بولغان بىر قىسمى ئەنە شۇنداق قىلىپ، 1868 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خرىستىئان رۇسىيىسىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۆزبېك مانغىت سۇلالىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ، رومانوف خاندانلىقىنىڭ مەملىكىتىگە تەۋە بولدى. تارىخلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ شەھەرنى بىرىنچى قېتىم ئىشغال قىلغۇچى كىشى ئالېكساندىر ماكىدونىسكى (ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر) بولغان، ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشغال قىلغۇچى كىشىمۇ ئالېكساندىر (يەنى ئىككىنچى ئالېكساندىر رومانوف) بولۇشقا نېسىپ بولغان ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىلگىرى ياۋرۇپانىڭ جەنۇبىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆلكە (ماكىدونىيە)گە تەۋە بولۇپ تۇرغان سەمەرقەنت ئەمدى يەنە شۇ ياۋرۇپا قىتئەسىنىڭ شىمالىدىكى پايتەختىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. ئەگەر بىزدە بۇ شەھەرنىڭ كۆپ ۋە تۈرلۈك سۇلالىلەرگە مەنسۇپ رۇملۇقلار، ئەرەبلەر، تۈرك، موغۇل ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ قىزغىن ئۇرۇشلىرى ۋاقتىدا كۆرگەن پالاكەتلىرىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، ئاسىيادا بۇنىڭدەك سائادەتلىك ۋە پالاكەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن باشقا بىر شەھەرنى تېپىش قىيىن بولىدۇ. ئۆتكەن ئەسىردە ھەم شەرقنىڭ ئەڭ يىراق ئەڭ مەملىكەتلىرىدىكى شەھەرلەرمۇ بىزگە مەلۇم بولۇپ تۈگىدى. بۇرۇنقى جۇڭگودا ۋە زىپانغۇدا ئەڭ كىچىك شەھەرلەرمۇ ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئىزدىنىش ۋە دىققەت نەزەرلىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئەمما، سەمەرقەنت بۇ يېقى زامانغا قەدەر ئۆزىنىڭ شەھراچە ۋە شائىرانە پاكلىق پەردىسىنى ساقلاۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ياۋرۇپا ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئەسىر ئاسىياسىنىڭ دىققەتنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ۋە ئەڭ شائىرانە بىر نەمۇنىسى ھالاك بولدى.

سەمەرقەنتنىڭ يېنىدىكى پالاكەتلىك جەڭدىن كېيىن ئەمىر ئىنتايىن تېزلىك بىلەن كەرمىنەگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئون توققۇز ياشلىق ئوغلى كاتتا تۆرە (ۋەلىئەھدى) ئەبدۇلمەلىك مىرزا جەڭ ۋاقتىدىلا قېچىپ بۇخاراغا كەتكەنىدى ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ھاياجان باشلانغانلىقتىن ميان قەلئەسىنى ساقلاۋاتقان ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ـ يەرلىرىنى تاشلاپ، چوڭ كارۋانلار بىلەن قارشى ۋە ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئەندىخوي ۋە مەيمەنەگە يول ئالدى. ئەمدى رۇسلارغا كەلسەك : ئۇلار ھەممىسىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئېگىز جايغا قۇرۇلغان ئاچ قەلئەسىنى مۇداپىئە ھالىتىگە كەلتۈردى ھەمدە ئەينى زاماندا بىر تەرەپتىن ئەمىرنى تەقىپ قىلىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن،

ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئون تۆت روتا پىيادە قىسىم، سەككىز توپ (زەمبىرەك) ۋە ئۈچ سوتنا قازاقلاردىن ئىبارەت بۇ قوشۇن گېنېرال مايور گولوۋاچوف قوماندانلىقى ئاستىدا ھەممىدىن بۇرۇن كاتتا قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چوڭ ۋە مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، مەن شۇ يەردىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ئاتلىشىمغا قارىغاندا، بۇ قورغان ھۇجۇمدىن خالىي سانىلىپ كەلگەن ۋە خېلى قەيسەر تاشقى تائىپىلەر بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىنغان. شۇڭا، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ (گارنىزوننىڭ) خېلى كۆپ بولغانلىقىغا قارىماستىن، كاتتا قورغان ھېچبىر قارشىلىقسىز ئۆزىنىڭ دەرۋازىلىرىنى دۈشمەنگە ئېچىپ بەردى.

ئەمىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، باش ئوردىسىنى مىردە قۇردى ۋە شۇ يەردىن ئايرىم ئاتلىق قوشۇنلارنى كاتتا قورغان يېنىدىكى رۇسلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئاجىزلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئاخىر بۇ ئىشلاردىن تويغان گېنېرال كائوفمان زەرەرسىز بولسىمۇ، بۇ دائىملىق ھۇجۇملارغا بىر خاتىمە بېرىش ۋە ئۆزبېك ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن، تويتوغرا بۇخارا ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. بۇخارالىقلار تېخى پۈتۈنلەي مەيۈسلىنىپمۇ كەتمىگەن ئىدى. ئەمىر ئۆز پىكرى بىلەنمۇ ياكى خىيالپەرەس ئاۋام پىكرىگە تەۋە بولدىمۇ، ئىشقىلىپ ھەرھالدا تېخىچە قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، رۇسلارغا قارشى ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن 389 يىل ئىلگىرى شەيبانى مۇھەممەدخان بىلەن بابىر ئارىسىدا بۇ سۇلالە ئۈچۈن ئۇرۇش بولغان سەرىپۇل يېنىدا، ئېھتىمال يىلنىڭ شۇ پەسلى ۋە شۇ كۈنىدە، ھازىرقى ماۋەرائۇننەھرنىڭ تەختى ۋە تاجى ئۈچۈن رومانوف خاندانلىقى بىلەن مانغىت خاندانلىقى ئارىسىدا كېيىنكى خاندانلىقنىڭ زىيىنىغا نەتىجىلەنگەن ئۇرۇش بولدى.

رۇسلار جەڭگە كەلگۈچە دەرھال ئادەتتىكىچە جاسارەت بىلەن يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئىشغال ئېتىلگەن ئېگىز ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇخارا قوشۇنىنىڭ قېچىسى شۇ قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە شۇ دەرىجىدە تەرتىپسىز ھالەتتە بولدىكى، كەرمىنەگە قەدەر بولغان پۈتۈن يول بويى قاچقانلار تەرىپىدىن تاشلانغان ئەسلىھەلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. تەقدىرنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ زەربىلىرى ئىچىدە مۇزەپپەرىددىننىڭ ئۆز ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىدى. بۇخاراغا كىرىشكە ئىمكان يوق، چۈنكى ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت تەتۈر ۋە ئىتائەتسىز بولغان ئوغلى ئەمىردىن نارازى بولغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ يوقلىشىقا باشلىغان سىپىل ۋە تاجى ــ تەختىنىڭ دەۋاسىغا كىرىشكەن ئىدى. ئالدىغا يۈرۈشكە تېخى ئىمكان يوق، چۈنكى رۇسلار ئۆزىنىڭ قارا قوشلۇق بايراقلىرىنى تاكى (بۇخارايى شەرىپ)نىڭ ئۆزىگە قەدەر ئېلىپ بېرىش قەستىدە بولغانلىقلىرىنى جىددىي ھالدا كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاخىر گېنېرال

كائوفماننىڭ ئارقا تەرىپىدىن خىيانەتكارلارچە بىر ئۇسۇلدا ھۇجۇم قىلىپ نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ، ئەمىرگە كۈچلۈك ۋە غالىب دۈشمەن بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، 125 مىڭ تىللا ھەربىي خىراجەت تۆلەشتىن باشقا چارە قالمىدى. ئۇنىڭغا ئۇلپان ئىسمى بىرىلمەسلىكىمۇ ئەمىرنىڭ ھېچبولمىسا كېيىنكى كۈنلەردە ھاكىمىيەت كۆلەڭگىسىنى ھاقارەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا ئىدى. بۇ ئەھدىنامە بويىچە ئەمىر تۆۋەندىكى ماددىلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى 1) رۇس پۇقرالىرى ھېچبىر پەرقىگە قارىماستىن، بۇخارا خانلىقىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە تىجارەت قىلىشقا ئىختىيارلىق بولۇش، ئۇلارنىڭ مۈلۈكلىرى ۋە شەخسىي ئامانلىقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ؛ 2) رۇس سودىگەرلىرىگە خانلىقنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئاگېنتستۋالىرى (تىجارەت ۋاكالەتخانىلىرى) تەسىس قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش ؛ 3 ) خانلىققا كىرگەن رۇس تاۋارلىرىنىڭ ئۇستىدىكى قىممىتىدىن ئىككى يىرىم پىرسەنتلا باج ئېلىش ؛ 4) رۇس سودىگەرلىرى باشقا مەملىكەتلەرگە يۈرۈش ئۈچۈن خانلىقنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ئۆتۈپ يۈرۈشكە ئىختىيارلىق بولۇش.

رۇسلار بىلەن سۈلھى تۈزۈلدى، ئەمما شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇزەپپەرىددىنگە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ غەزەپ ۋە ئاداۋەتلىرى كۈچەيدى. شۇ قەدەر چوڭ مەغلۇبىيەتلەر، تەقدىرنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر زەربىلىرى، شۇ قەدەر كۆپ مۇستەھكەم قەلئەلەرنىڭ قولدىن كېتىشى، ھەتتا ئۇرۇشتا تالاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپلۈكى ــ بۇلارنىڭ ھېچبىرىمۇ زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بۇ پايىتەختتىكى مۇتەئەسسىپ، يېرىم قۇترىغان ۋە ئۆزلىرىنى پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغ ھېسابلايدىغان مولىلارنى ئەقىلگە كەلتۈرۈپ، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى دۇرۇسراق چۈشىنىشكە ياردەم قىلالمىدى. بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى بۇخارا ئۆزىنىڭ ھەربىي ھەم ئىسلامىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكى سايىسىدە يالغۇز پۈتۈن خرىستىئان دۇنياسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىستانبۇل سۇلتانى بىلەنمۇ بوي تالىشىشقا قادىر دەپ ئېتىقاد ئەتكەن بۇ كىشىلەرنى ئەمدى بىر ئوچۇم كۇپپار قوشۇنىنىڭ ئۆزىدىن ئون ۋە ھەتتا ئون بەش ھەسسە كۆپ بولغان مۇسۇلمان ئەسكىرىدىن كۈچلۈكرەك، شەيتان تەرىپىدىن ئىجاد ئېتىلگەن يېڭى ھەربىي قورالىنىڭ ھەم ياۋروپا ئۇسۇلىدىكى ھەربىي سانائەتنىڭ بىرمۇنچە دۇئالاردىن ۋە ئەزىزلەرنىڭ مۇقەددەس نەپەسلىرىدىنمۇ تەسىرلىكرەك بولغانلىقىغا ئىشىنىدىغان دەرىجىگە چۈشۈرمەك لازىم ئىدى. ياق، ھېچ يەردە بۇ مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپلىرىنى ئەقىلگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستۇر.

پالاكەت ۋاقتىدا ھەر يەردە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ ئىش بېشىدىكى ئادەمگە خىيانەتكارلىق بىلەن تۆھمەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆز پالاكەتلىرىنىڭ ئەسلى سەۋەبچىسى بولغان تەختتىن چۈشۈرۈشكە، ئۇنىڭ ئورنىغا كاتتا تۆرىنى (ۋەلىئەھدىنى) تەيىنلەشنى خالايتتى. بۇ پىكىرگە خىزمەت قىلغۇچى بۇخارانىڭ ئۆزىدىمۇ، قارشى ۋىلايىتىدىمۇ كۈچلۈك

www.uyghurweb.net

بىر گۇرۇھ بولغاننىڭ ئۈستىگە شەھرىسەبزىدىن جۆرە باي ۋە بابا بايمۇ شۇ گۇرۇھ بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا شىمالىي غىژدۇۋان، نۇرئاتا، خاتىرچى قاتارلىق جايلارمۇ بۇ پىكىرگە ئۆزلىرىنىڭ مايىللىقىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇڭا، كاتتا تۆرە ئاتىسى يېنىدىن كېتىپ، قارشى شەھىرىگە بېرىش بىلەنلا دەرھال خان قىلىپ ئېلان قىلىندى ۋە خىۋە خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. بۇ ۋەقە ئاھالىنىڭ نەزىرىدە شۇ قەدەر ئېتىبارغا ئېرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىكى، كىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ئاز بىر مۇددەت ئىچىدىلا ئۇ ئون مىڭ كىشىلىك بىر ئەسكەرنىڭ قوماندانى بولدى. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە كەلگەندىن كېيىن مۇزەپپەرىددىننىڭ يەنىلا يالغۇز تاماشا كۆرۈپلا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا قالغان ئاز مىقداردىكى ئەسكىرىنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئاسىي ئوغلىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن قارشىغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن، يېرىم يولدىكى ۋاقىتتا خانلىقنىڭ شىمال قىسمىدا ئېھتىمال كاتتا تۆرىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان بولسا كېرەك، ئەمىرگە قارشى ئىسيان چىققانلىقى ۋە ئۇ تەرەپتىكى ئاسىيلارنىڭ رەئىسى سىدىق بەگنىڭ تويتوغرا كەرمىنە ئۈستىگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. شىمالدىكى بۇ دۈشمەننىڭ پەيدا بولۇشى كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا بولغانلىقىدىنمۇ ياكى بۇ تەرەپتىن كۈرۈلگەن خەتەرنىڭ كۆپرەك بولغانلىقىدىنمۇ، ئەمىر تېزلىك بىلەن ئارقىغا يېنىشقا پەرمان بېرىپ، ئۆزىنىڭ پايتەختىگە قايتتى.

ئاتىسىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن جاسارىتى تېخىمۇ ئاشقان كاتتا تۆرە ئۇنى قوغلىماقچى بولدى. ئەگەر روسلار توسقۇن بولمىغان بولسا ئېھتىمال ئۇ ئۆزىنىڭ زور ماھارەت بىلەن تۈزگەن پىلانىدىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنى كۆرگەن بولاتتى. لېكىن، يېڭى ئىشغال قىلىنغان بىر ئۆلكىدە تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ داۋام قىلىشىنى رۇسلار خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىرنىڭ پىلانىغا ئاساسەن پولكوۋنىك ئابراموف قوماندانلىقى ئاستىدىكى كىچىك بىر رۇس قوشۇنى (21) ئىسيانچى شاھزادىنىڭ ئالغا يۈرۈش ھەرىكىتىنى توستى. شۇ ئارىدا ئەمىر شەرقىي شىمال تەرەپتىكى سىدىق بەگ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، كەرمىنە يېنىدا ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تېرىپىرەن قىلدى. ئاسىي ئوغلى بىلەن بىرگە ئۆزىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن شەھرىسەبزى ئىسيانىنى باستۇرۇپ، جەنۇبتىمۇ شۇنداق بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئەمىر رۇسلاردىن ياردەم سورىدى. رۇسلار ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەردى. پولكوۋنىك ئابراموف ئۆزىنىڭ شۇ كىچىك قوشۇنى بىلەن جامدىن يۈرۈش قىلىپ، ئەمىردىن بىر مىل مۇساپە قەدەر ئالدىدا 10 ـ ئايدا، يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا 11 ـ ئايدا كاتتا تۆرە ئەسكىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئەھمىيەتسىز بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ قوغلىۋەتتى. رۇسلار قارشى شەھىرىگە كىرىپ، ئۇنى ئىككى كۈن ئىشغال قىلىپ تۇردى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى

قاتتىق ئەجەبلەندۈرۈپ، خانلىقنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بولغان بۇ يەرنى ھەم ئۇنىڭ ئىچكى قەلئەسى، شۇنداقلا ئۇ يەردىكى بارلىق قورال ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇخارا ئەمىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ئەمىر شەھرىسەبزىگە قارشى يۈرۈشتىمۇ رۇس ياردىمىدىن پايدىلانماقچى بولغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى جۇرە باينى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆز ئوغلىنى ئۇنىڭ قولىدىكى بىر قورالدىنلا ئىبارەت دەپ بىلەتتى. لېكىن، گېنېرال كائوفمان بۇ يېڭى ئىتتىپاقدىشىغا ھەددىدىن زىيادە ئىلتىپات كۆرسىتىشنى لايىق تاپمىدى. قارشىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنىنى قىشلىق ئۈچۈن جامدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پەرمان بەردى. ئەمدى كاتتا تۆرىگە كېلىدىغان بولساق : تەخت ۋە تاج دەۋاسى سەۋەبىدىن ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە تىنچلىنالمىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بىرنەچچە ماجىرالار بىلەن ئۆتۈپ، كۆپ قېتىم ئاتىسىنى، رۇسلارنى ھەم ئىنگلىزلارنى تىنچسىزلاندۇردى. ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن ساداقەتلىك بولغان تېكە ئەرسارى تۈركمەنلىرى بىلەن چۆلدىن كېلىپ ـ چىقىپ خانلىقنىڭ بەزىدە بىر يېرىدە، يەنە بەزىدە ئىككىنچى بىر يېرىدە پەيدا بولاتتى. بەزىدە خىۋە بىلەن ئىتتىپاق تۈزەتتى ياكى شىرئەلى خاننى ئەمىرگە قارشى جەڭگە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كابۇلغا بېرىپ كېلەتتى. ئۇنىڭغا ھەر يەردە مېھماندوستلۇق ۋە ئېھتىراملار كۆرسىتىلەتتى. ھەتتا شىرئەلى خان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزىنى بەردى. لېكىن، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ھېچبىر جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق يۈرۈۋاتقان مەزگىلدە كاتتا تۆرە (ئەبدۇلمەلىك) خىۋەدە ۋاپات بولدى. گۇمان قىلىنىشىچە ئۆلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك. ئۆزىنى ھەر دائىم پاراكەندە قىلىپ تۇرغان خەتەرلەردىن خالاس بولغانلىقتىن ھەمدە رۇسلارنىڭ مەرھەمىتى سايىسىدا خانلىقنىڭ ئۆزىگە قالغان قىسمىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىرقەدەر تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئەمىر پەلەكنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن بەختسىزلىكلىرىگە غايەت ئاچچىق تەجرىبىلەر ياردىمى بىلەن تەدرىجىي سەبر ـ تاقەت قىلىشقا ئۆگەندى. مەلۇم مۇددەتتە رۇسلارغا تۆلەيدىغان ھەربىي تەمىناتنى ئۆز ۋاقتىدا تەخىرسىز ھالدا تەڭگە ئارقىلىق سەمەرقەنتتە تاپشۇرۇپ تۇردى. بۇخارانىڭ ئەركىسى بىلەن تېمۇر پايتەختىنىڭ ئىچ قەلئەسى ئارىسىدا مۇنتىزىم مۇناسىۋەت داۋام ئەتتۈرۈلدى. ئۆزىنىڭ ئالىي ھىمايىچىسى ھۇزۇرىدا ئۆز سەمىمىي ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مۇزەپپەرىددىن ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ياشلىق ئەڭ سۆيۈملۈك كىچىك ئوغلى ئەبدۇلپەتتاھ مىرزا باشچىلىقىدا پېتروبورگقا بىر ئېھتىرام ھەيئىتى ئەۋەتتى. ئاتىسى تەرىپىدىن ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلەنگەن بۇ تۆتىنچى ئوغلى نىۋا دەرياسى بويىدىنمۇ پاتىھە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى. تەبىئىيكى بۇ ھازىرغىچە تېخى بەكمۇ شۈبھىلىكتۇر.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ يىراقتىكى زەرەپشان بويىدىن كەلگەن بۇ ھەيئەت 1869 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رۇسىيە سارىيى تەرىپىدىن تولۇق ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلىندى. چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ «ياخشى قەلبلىك بۇرادىرى» ــ تۈغرىسىنى ئېيتقاندا تۈركىستاندىكى ھىمايە قىلىنغۇچىسى ھەققىدە ھە رتۈرلۈك نازاكەتلەرنى كۆرسەتتى. ئىمپېراتورلۇق ھۇزۇرىدا ئەمىردىن كەلگەن تۆۋەندىكى ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلدى : (1) ناھايىتى چوڭ ئالماس قاشلىق ئۈزۈك ؛ (2) قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن خوتۇنلارغا خاس باش كىيىم ؛ (3) يىقىندا يېتىپ كېلىدىغان تۆت تۈركمەن ئېتى ئۈچۈن، پىروزىلار بىلەن زىننەتلەنگەن كۈمۈشتىن ياسالغان ئات جابدۇقلىرى ؛ (4) غايەت ئىنچىكە ۋە نازۇك كەشمىر يىپىكى بىلەن قاپلانغان قارا ئات تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۈچ تون ؛ (5) بۇخارا مەھسۇلاتىدىن شال تېرە بىلەن قاپلانغان ئۈچ كۆك ئەلتېرە تون ؛ (6) ئىككى كەشمىر كۆلمىكى ؛ (7) بىر توپ پەۋقۇلئاددە نەپىس ۋە قىممەتلىك كەشمىر شايىسى ؛ (8) بۇخارا مەھسۇلاتى بولغان ئون سەككىز توپ يىپەك ؛ (9) ئون سەككىز توپ بۇخارا مەھسۇلاتى (يېرىم يىپەكلىك ماتا) ئەدرەس (22).

تۈرك ۋە تاتار خەلقىدە ئادەت بولغان بۇ توققۇز ـ توققۇزدىن ئەدەتلەنگەن ھەدىيەلەرگە جاۋابەن مۇناسىپ ھالدا سېخىيلىق بىلەن ھەدىيەلەر بېرىلدى ۋە بۇ ھەدىيەلەر ئىككى ئارىدا دوستلۇق ھاسىلاتىغا سەۋەب بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەلۇم مىقداردا مۇۋەپپەقىيەت ھاسىلاتىغا سەۋەب بولدى. سەمەرقەنت گېنېرال فائوكمان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن بېرى، مۇزەپپەرىددىن رۇسىيەگە قارشى ھەر تۈرلۈك دۈشمەنلىك ھەرىكەتتىن ھەققەتەن ئۆزىنى تارتتى. گەرچە ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمىيىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەخپىي رەۋىشتە جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلۈك ھۆكۈمدار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ھەتتاكى ئىشتانبۇل ۋە كالكۇتالارغا مۇراجىئەت قىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلسىمۇ، ئېھتىمال بۇلارنىڭ ھېچ بىرسىدىن نەتىجە چىقمىغان ۋە ھەممە تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتكەن. ھازىرغا قەدەر ئاسىيا تۆپرىقىدا ئارقىغا قايتىۋاتقان، يەنى جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىلغان رۇس ئىزى كۆرۈنگىنى يوق...

ماۋەرائۇننەھر تارىخىغا ئائىت ئەسىرىمنى مەن شۇنىڭ بىلەن تاماملايمەن. سەمەرقەنت ئىچ قەلئەسىدە رۇس بايرىقى كۆتۈرۈلگەندىن ئېتىبارەن بۇ قەدىم ۋە ئۇزاق ئاسىيا ئۆلكىسى يېڭى دۇنيا ۋە يېڭى پىكىرلەر مۇھىتىغا كىردى. غەربىي ياۋروپا ئۈچۈن يېپىق ھالەتتە بولغان شەھەرلەر ۋە مەملىكەتلەر بۇندىن كېيىن ئەمدى ئېچىلدى. ئىلگىرىكى ياۋروپا ساياھەتچىلىرى قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندىلا ۋە ئۇ يەردە ھاياتى ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغاندىلا يېرۈشكە مۇمكىن بولغان ئورۇنلار بۇندىن كېيىن ئىختىيارىي ۋە ئوچۇق بولۇشلا

ئەمەس، بەلكى خرىستىئانلار ئىگىدارلىقى ۋە ئىدارىسى ئاستىغا چۈشتى. تاشكەنت، خوجەنت، سەمەرقەنتلەردە كۇلۇبلار ئېچىلدى، خرىستىئان ئىبادەتخانىلىرى سېلىندى، ھەتتا بۇ شەھەرنىڭ بىرىنچىسىدە تۈركىستانىسكىي ۋېدومىستى نامىدا بىر گېزىتمۇ نەشر قىلىندى. مۇئەززىنلەرنىڭ مۈڭلۈق تاۋۇشلىرى بىلەن رۇس چېركاۋلىرىنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شادلىق قوڭغۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتمەكتە. ئەلۋەتتە بۇ سادالار مۇسۇلمانلارنىڭ روھلىرىغا ھالاكەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ تاۋۇشلىرىدىنمۇ يامانراق تەسىر قىلماقتا.

بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ قۇرلارنى يازغۇچى مۇئەللىپنىڭ كۆز ئالدىدا يالغۇز مۇسۇلمان ئىلاھىيەتچىلىرىلا ئوقۇپ يۈرۈشكە مۇمكىن بولغان، بۇخارا كوچىلىرىدا ھازىر پاپا، ئەسكەر، سودىگەر قاتارلىقلار غالىب ۋە مەغرۇرانە بىر نەزەر بىلەن كەزمەكتە. تېمۇرنىڭ ۋاقتىدىلا پەۋقۇلئاددە مۇكەممەل بولغان سارايغا بىر زامانلاردا پۈتۈن ئاسىيا خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەبرىك ھەيئەتلىرىنى ئەۋەتتى، ھەتتا تەكەببۇر كاستىلىيە كارولى ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى زۆرۈر تاپقان ئىدى. تۇران ئەۋلادلىرى تېمۇر تەختىنىڭ نېگىزى بولغان كۆك تاشقا تولۇق مىننەتدارلىق بىلەن يۈزلىرىنى سۈرمەكتە ئىدى. ھازىرقى كۈندە بولسا شۇ ساراي رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كېسەلخانىسى ھەم ئوزۇقلۇق ئامبىرى قىلىنغان. بۇ پەۋقۇلئاددە ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەخت سائادىتىگە سەۋەب بولارمۇ ؟ بولسا نىچۈك ۋە نېمە ئۈچۈن بولار ؟ بۇ مەسىلە بۇ ئەسەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس. ئۇنىڭغا دائىر باشقا جايلاردا بايان ئەتكەن مۇلاھىزىلەرنىلا ئەسكە ئېلىش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇندىمۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مۇھىم بولغان بىر ماددىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈشنى لايىق دەپ قارايمەن. ئۇ بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇسلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى سەۋەبىدىن ئىسلام كرېست (خرىستىئان) تەرىپىدىن شۇ قەدەر ھالاكەتلىك زەربە يېدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق كۈرەشى جەريانىدا ھېچبىر زاماندا بۇ قەدەر قاتتىق زەربىنى كۆرگىنى يوق. كېيىنكى زاماندا غەربىي خرىستىئان دۇنياسىنىڭ نوپۇزى غەربىي ئاسىيا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە، ھەتتا مەككە ۋە مەدىنە كەبى مۇقەددەس ئورۇنلارغا قەدەر يېيىلدى. بۇ مۇقەددەس ئورۇنلارمۇ مەجبۇرىي ھالدا ئويغىتىلغان يېڭىلىق روھىدىن بىر چەتتە تۇرۇپ قالالمىدى. يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامىيەتلا ھېچ ۋاقىتتا ۋە ھېچكىم تەرىپىدىن دەخلى قىلىنمىغان، زىيانغا ئۇچرىمىغان ۋە ئۆزگەرتىلمىگەن بىر دىن بولۇپ، ھازىرغىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامنىڭ مەنىۋى مەركىزى مەككە ئەمەس بەلكى بۇخارا ئىدى. زاھىتلار، دىيانەتپەرۋەر سوپىلار، ھەم روھانىي دىن ئۆلىمالىرى بۇ يەرگە كېلەتتى. ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولمىغان بىر ۋەقە شۇكى (23)، ئوسمانلى مەملىكىتى، مىسىر ۋە پارس ئۆلكىلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدىكى مۇخلىس مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتلىرى ئۈچۈن لازىم بولغان ھاياتىي قۇۋۋەتنى بۇ

يەردىن ئالاتتى. ئەمدى بۇ مۇقەددەس مۇبارەك يەرلەرگە رۇسلار ئاياغ باستى. ھەتتاكى ھاكىمىيەتمۇ سۇرمەكتە. بۇ ئىسلام مىللەتلىرىدىن ھەرقايسىسىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى دەھشەتلىك ھالدا لەرزىگە سېلىشقا تېگىشلىك. ئىسلامنىڭ ئەسلى ئىسنادگھى (ماكانى) دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇخارانىڭ خارابىسى ئۇستىدە كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان پالاكەتلىك قارا بۇلۇتقا ئوخشاش مەڭگۈلۈك بولمىغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتلەرگە قەدەر ئىسلامنىڭ ئىستىقبال ئاسمىنىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرسا كېرەك.

ئىزاھلار

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پەقەت كېيىنكى زامانلاردىلا مەلۇم بولۇپ، غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدىكى ۋەلىئەھدى دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنغانلىقى سېزىلدى. كاتتا ــ بۆيۈك، چوڭ، شاھزادە دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۆيۈك ياكى ئۇلۇغ شاھزادە دېگەن بولىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ھەقىقىي ۋەلىئەھدى شۇدۇر.

② 1865 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان «          » ناملىق ئەسەرنىڭ 320 ـ بېتىگە قارالسۇن.

③ ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە خېلى مەلۇماتلىق ئالېكساندىر بېرنېس بىرىنچى قېتىم ياۋرۇپادا رۇسلارنىڭ تۈركىستانغا قاتنىشىدا ئامۇ دەريادىن پايدىلىنىش پىكرىنى تارقاتتى. كېيىن ئادمىرال بوتاكوف ئۆزىنىڭ 1849 ـ 1858 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خۇسۇسىي رەۋىشتە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ئاساسلىق ھالدا بۇنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئوچۇق ئايان بولدىكى، بۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى تۆت تارماقتىن ھېچبىرى كېمە بىلەن سەپەر قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئالدى بىلەن بۇ ئېقىنلار پەسىل خاراكتېرىدىكى سايلاردۇر. ئىككىنچىدىن، بەك قۇملۇق ۋە تېيىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئېقىنلىرى ھەر كۈنى دېيەرلىك ھالدا ئۆزگەرمەكتە. پەقەت قونغىرات ۋە چورتان كۆلىنىڭ ئارقا تەرەپلىرىدىن قىسمەن تەبىئىي ۋە قىسمەن سۈنئىي بولغان قاناللارنىڭ بەزىلىرىدىكى سۇلار تولۇپ قاناللىق بولغاندىلا، ئامۇ دەرياسىنىڭ قىپچاققا قەدەر بولغان يەرلىرىدىلا كېمە قاتنىشى ئۈچۈن ئىمكان بولۇش ئېھتىمالى بار. بۇ مەسىلىگە دائىر تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن، 1867 ـ يىلى «          » دا نەشر قىلىنغان ئادمىرال بوتاكوفنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىگە قارالسۇن.

④ بۇ گورۇھتا قوماندانلىرى بىلەن بىللە يەنە 1168 كىشى، 2442 ئات، 2038 تۆگە ۋە نەرسىلەرنى يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 2280 ئۆكۈز بار ئىدى.

⑤ زۇرۇر تېپىلغان چاغدا رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن خالىس ھالدا ئۆزبېك ئۇسۇلىدا سۆزلىششىنى بىلىدىغانلىقى، بۇ ۋەقەگە ئائىت بىر يازما ماتېرىيالدىن تۆۋەندىكىچە مەلۇم بولماقتا : «ئورونبورگ گېنېرال گوبېرناتوردىن ئاقمەسچىت قەلئەسى مۇھاپىزەتچىلىرىگە، مەن ھۆكۈمدارىم ــ پۈتۈن رۇسىيە ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ يەردە شەۋكەتلىك ئىمپېراتور پۇقراسى بولغان قىرغىزلارغا زۇلۇم سېلىش ئۈچۈن، قوقەنتلىكلەر تەرىپىدىن رۇس زېمىنىدا تەسىس قىلىنغان ئاقمەسچىت قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشقا كەلدىم. گەرچە سىلەر ئۇ يەردە ياشىساڭلارمۇ، ئاقمەسچىت ئەمدى ئىشغال قىلىنىپ بولغان ھېساب. سىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، مەن ئۆز ئادەملىرىمدىن ھېچبىرىنى چىقىم تارتماستىنلا، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى يوقىتىۋېتىش ئىقتىدارىغا ئىگىمەن. رۇسلار بۇ يەردە بىر كۈنلۈك ياكى بىر يىللىق ئەمەس، بەلكى دائىملىق تۇرۇش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلار ئارقىغا قايتمايدۇ، ئەگەر ياشاشنى ئىزدىسەڭلار بىزدىن مەرھەمەت سوراڭلار. ئەگەر ئاقمەسچىتتە ئۆلۈشنى تىلىسەڭلارمۇ ئۆز ئىختىيارىڭلار. مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئالدىراشلىق بىر ئىش يوق. مەن سىلەر بىلەن ئىشىمنى ئانچە تېز تۈگەتمەيمەن. بۇ يەردە مەن سىلەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلئەنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۆزۈڭلار ئاچقانغا قەدەر سىلەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم. ئەگەر مەن قورالسىز ھالەتتە سىلەرنىڭ سېپىلىڭلارغا يېقىنلاشقىنىمدا، سىلەر ئەسكەرلىك ھۆرمىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاتمىغان بولساڭلار، مەن بۇ سۆزلەرنى بۇ يەرگە كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا سىلەرگە بايان قىلغان بولاتتىم. « »نىڭ 348 ـ بېتىدىن.

⑥ ئىسمى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىنگلىزچە ئەسەردە ئېردېلى ( ) دەپ يېزىلغان. مېنىڭ گۇمانىمچە، ئىككى خىل تاۋۇشلۇق (ئىتالىيانچە ) دېگەن سۆز چەت ئەلچە بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىلگەن. مەنە جەھەتتە سىمپىگرادلىق دېگەن مەنىدىكى دېگەن سۆز ماجارىستان (ۋېنگىرىيە)دا كۆپىنچە فامىلە نامى بولۇپ ئىستېمال قىلىنماقتا. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى قەلئەنى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا بىرىنچى سەپتە مېنىڭ ۋەتەندىشىم بولغان.

⑦ قوقەنتلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ھۇجۇملىرىنىڭ بىرى 1853 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 17 ـ كۈنلىرىدە بولدى. بۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلغان 12000 قوقەنت ئەسكىرى پەقەت 200 رۇس ئەسكىرى تەرىپىدىن توختىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى قېچىشقا مەجبۇر قىلىندى.

⑧ قىرغىز سەھراسىنىڭ خالىس ۋە سادىق قەھرىمانى بولغان قۇتىيار (بەختىيار) 1822 ـ يىللىرىدىلا ئۆزىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. دەسلەپتە ئۇ رۇسلار ھىمايىسىدە بولۇپ، قوقەنت ۋە بۇخارانىڭ كارۋانلىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى. كۆپ خىزمەتلىرى

ئۆچۈن (ئەلۋەتتە پەن ۋە سانائەتتە ئەمەس)، ئۇنىڭغا پېتروبورگدىن ئالتۇن مېدال بېرىلدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قوراللىرىنى شەخسەن ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرىگە قارشى قاراتتى. ئۇزاق داۋام ئەتكەن قانلىق كۈرەشلەردىن كېيىنلا،ئۇنى زىيان سالالمايدىغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇشتى.

⑨ قىپچاقلار ھەققىدە ئەينى بىر بەت ئىچىدىلا بۇنداق ئىككى تۈرلۈك يېزىلىشنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر خاتالىق بولسا كېرەك. ــ رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

⑩ ئاتالاشلارغا قارىغاندا ئەمىر تېخى بۇ ۋاقىتلاردا تېخى ئۆز لەشكىرىي ئۈستۈنلۈكى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەنىۋى نوپۇزىنىڭ بۈيۈكلىكى ھەققىدە گۈزەل ۋە ئۇلۇغۋار خىياللاردا بولغان بولسا كېرەك. سىر دەريا بويىدا رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئون ۋە ھەتتا يىگىرمە ھەسسە كۈچلۈك بولغان قوقەنت ئەسكىرىنى مەغلۇب ۋە پاراكەندە قىلىشلىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەسلا مەلۇم ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر خەۋەرنى سۆزلەشكە بۇخارادا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى، جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

بۇ ۋاكالەت ھەيئىتى مۇنەججىم نادۋورنى ساۋىتنىڭ فون ئىستروۋېي (ئىككىنچى بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ئالىملاردىن بولغان مەشھۇر ئىستروۋېي ئەمەس، بەلكى پولكوۋنىك ئىستروۋېي) بىلەن تاغ تەكشۈرۈش ئىنژېنىرى پود پولكوۋنىك تاتارىنوفتىن ۋە قوماندانلاردىن روتمىستىر گلوخوۋسكىي بىلەن پراپورچىك كالىسنىكوفتىن ئىبارەت بولغان. 1869 ــ يىلىدا ۋېنادا نەشر قىلىنغان نىڭ 65 ــ بېتىگە قارالسۇن.

بۇ رۇس ۋاكالەت ھەيئىتى ئۆزىنىڭ بۇخاراغا بارغان كۈنىدىن باشلاپ 1866 ــ يىلى 1 ــ فېۋرالغا قەدەر بىر ئۆيىنىڭ تۆت تېمى ئىچىدە مەھبۇس بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن شەھەر رەئىسى ئۇلاردىن قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەيئەت بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئىككى ئارىدا ماجرا بولۇپ، ئاقساقال ۋە بەش بۇخارالىق قاتتىق جاراھەتلەندۈرۈلدى. رۇسلار جاسارەت تۈپەيلىدىن زىيادە چارچاپ، مەسلىھەتكە بىنائەن تەسلىم قىلىندى. ئورونبورگ مەجمۇئەسىنىڭ 1867 ــ يىل يانۋاردىكى سانى 40 ــ بەت.

بۇ كىتاب ماڭا تايمىس گېزىتىنىڭ بېرلىن مۇخبىرى تەرىپىدىن شۇ ئەسەردىن ئېلىنىپ يېزىلغان نەرسىلىرىدىنلا مەلۇم. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياستى ھەققىدىكى خىزمىتىنى پۈتۈنلەي بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. مەزكۇر گېزىتنىڭ 1869 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 16 ــ ۋە 26 ــ كۈنىدىكى نۇسخىلىرىغا قاراڭ. بۇ ئەسەر رومانوۋسكىنىڭ

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالىغا ئاساسلىق ھالدا خەۋەردار ۋە توغرا مۇھاكىمىلىق بىر زات بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ئەرجار كەسكىن جېڭى ھەققىدە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ تەپسىلىي مەلۇمات يۇقىرىدا تىلغا قىلىنغان فون ھېلۋالدا ئەسىرىنىڭ 68 ـ بېتىدە خاتىرىلەنگەن. ئومۇمىي جەھەتتىن بۇ ئەسەر ئاساسلىق ھالدا مەلۇمات ۋە ياخشى بايانلار بىلەنلا چەكلەنگەن.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى خانى ياقۇپ قوشبېگى ئەسكەرلىك دەرسىنى سىر دەريا بويىدا رۇسلار بىلەن بولغان جەڭدە ئالدى ۋە ئاقمەسچىتنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن كۆرسەتكەن جاسارىتى تۈپەيلىدىن قەھرىمان دەپ ئاتالدى. ئەگەر تۈركىستان خەۋەرلىرىگە ئىشەنچ قىلىنسا، ئۇنىڭ قوقەنت ئۆلكىسىنى مۇداپىئە قىلىش ھەققىدىكى قەيسەرلىكى رۇس ئالتۇنى بىلەن سىلكىشلەنگەن بولسا كېرەك. ھەرھالدا ئۇنىڭغا بىرنەچچە قەلئەنى خائىنلىق بىلەن تەسلىم قىلغانلىق گۇناھىنى ئارتىشىدۇ.

رۇس مەتبۇئاتى بۇخارا ـــ رۇس جېڭى ۋاقتىدا گويا پايتەخت بۇخارادا ھەر دائىم ئىنگلىز سىياسىئونى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنى رۇسلار بىلەن ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقلىرىنى ۋە ئۆزبېكلەرگە ئىنگلىز مىلتىقلىرى بېرىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئېلان قىلىشقا تىرىشتى.

بۇخارالىقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە قانداق ئۇلۇغۋار ۋە گۈزەل خىياللارغا ئىگە بولغانلىقلىرىنى بىر ئاز كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋەقە كۇپايىدۇر : ئەمىر مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۈيۈك بىر پەخرلىنىش بىلەن : «ئىستانبۇل سۇلتانىنىڭمۇ قوقەنتتىن سەمەرقەنتكە قايتقان ۋاقتىڭىزدا كۆرگىنىڭىزدەك دەرىجىدە كۆپ ۋە ياخشى قوراللانغان ئەسكىرى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەي قىرىم جېڭىنىڭ قەھرىمانلىرى، بۇنىڭغا قارشى نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك ؟!

كاپىتان ف. ترىنچنىڭ 1869 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان رۇسىيە بىلەن ھىندىستان مەسىلىسى (            ) ناملىق ئەسىرىنىڭ 81 ـ بېتىدە رۇسلارنىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتنى باشلىغان كۈنىنى 30 ـ ئاپرېل دەپ كۆرسىتىدۇ. ئېھتىمال بۇ رۇمى كالىندار ھېسابى بىلەن كۆرسىتىلگەندۇر. بولمىسا باشقا رىۋايەتلەردىن بۇ قەدەر كۆپ پەرقلىق بىر ۋاقىتنى كۆرسىتىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مىر ـــ بۇخارادىن سەمەرقەنتكە بارىدىغان يولدا كىچىك ۋە ناھايىتى گۈزەل بىر كەنت بولۇپ، كەرمىنە بىلەن كاتتا قورغاننىڭ ئارىسىدا تەڭ ئوتتۇرىلىقتىكى مەنزىل ھېسابلانماقتا. (مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھىتىمنىڭ 162 ـ بېتىگە قارىغايسىز.)

گېنېرال كائوفمان رۇس ئوردىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بىلەن سەمەرقەنتنى تاشلىغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ ئىچكى قەلئەسى سەمەرقەنتلىكلەر ۋە شەھرىسەبزىدىن

كەلگەن 25 مىڭغا قەدەر ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن خائىنلارچە بىر ئۇسۇل بىلەن تاجاۋۇزغا دۇچار بولۇپ، خەتەر ئىچىدە قالدى. شۇ ۋاقىتتا مايور بارون ئەشتمىپۇل قوماندانلىقى ئاستىدا جەمئىي 685 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى كېسەل ۋە ھەربىي سەپتىن چىققان، قورالنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تېخى ياتاقتىن چىقمىغان رۇس مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ (رۇس گارنىزونىنىڭ) كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئىنتايىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدىدۇر. ئاشۇ ۋاقىتتىكى قانلىق ئۇرۇش 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگە قەدەر جەمئىي ئالتە كۈن داۋام قىلىپ، رۇسلاردىن 49 كىشى ھالاك بولدى، 172 كىشى يارىدار بولدى. گەرچە دۈشمەن دەرۋازىنى كۆيدۈرۈپ، سېپىلنى تەشكەن بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۆزبېكلەر ئېغىزدا شەھەر ئالدىغاندەك ۋارقىرىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز ھۇجۇم بىلەن سېپىل ئۈستىگە ئېتىلاتتى ؛ رۇسلار ئۇلارنى بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قانلىرىغا چاڭقىغان دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىنى ھەربىر ئورۇندا ياندۇرماقتا ئىدى. ئاخىر كائوفمان بۇ يەرگە كېلىپ رۇس قوشۇنىنى بۈيۈك ھالاكەتتىن قۇتقۇزدى. رۇسىيە بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ۋاقتىدا بولغان بۇ ۋەقە ئاسىيا ئوردىلىرىنىڭ نەقەدەر كۈچسىز، نەقەدەر يارامسىز ئىكەنلىكىنى كىشى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

(21) بۇ قوشۇن يەتتە روتا پىيادە، ئىككى سوتنا قازاق، ئالتە پەشەڭ توپتىن ۋە ئالتە توپتىن ئىبارەت ئىدى. (ف. ھىلۋالد ئەسىرىنىڭ 85 ـ بېتىگە قارالسۇن.)

(22) بۇ مەلۇمات ف. ھىلۋالدنىڭ 1872 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە ئېلان قىلىنغان « » ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(23) شۇ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن دەرۋىشلەر ھاجىلار ئۈچۈن ئىستانبۇلدا ديانەتپەرۋەر ئوسمانلىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەقدىم قىلىنغان تەكىيگاھلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇلاردىن مۇھىملىرى ئەييۇب مەھەللىسىدە، ئەسكىداردا ۋە ئاياسوفىيە ئەتراپىدا. غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى باغلىنىشلىرىغا كەلگەندە شۇنى بايان قىلىمەنكى، خېلى كۆپ تۈركلەر ۋە ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى بۇخارادا تۇرغۇچى ماشايىخلارنىڭ مۇرىتلىرى ھېسابلايدۇ. مەن ئۆزۈممۇ ئىستانبۇلدىن، ئەنقەرەدىن، ئىزمىرمۇدىن تۈركلەرنىڭ ئەنە شۇنداق مەنىۋى رەئىسلىرىگە تەۋسىيەنامىلەر ئالدىم.